# ئۇيغۇر

# خەلق چۆچەكلىرى

6

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

## (6)

تۈزگۈچىلەر: مىركامىل ياقۇپ
ھەسەن ئېلى
مەسئۇل مۇھەررىرى: ماخمۇتجان ئىسلام

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

## مۇندەرىجە


زىرەك مالاي بىلەن پىخسىق باي ........................ 1
بېخىل باينىڭ ئۆلۈمى ........................ 8
مۇشۇك باتۇر ........................ 14
گۆمانخور پادىشا ........................ 20
باتۇر قىز ........................ 22
جىننى قورقۇتقان مەنسۇرئەللاجى ........................ 30
قويچى بىلەن قاراقچى ........................ 32
بوغا تېپىشۈپلىش ........................ 35
بالا پادىشا ........................ 36
دانىشمەن قىز ........................ 42
سۈنەيچى بالا ........................ 49
سىناق ........................ 53
تېپىلغان گۆھەر ........................ 57
يېتىمنىڭ بەختى ........................ 71
ئاچكۆز باينىڭ ئۆلۈمى ........................ 75
ئەقىللىق بوۋاي ........................ 79
شاھزادە قابىل ........................ 81
بەش گاس ........................ 90
ئەقىلۋاي ........................ 95
نىمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن ........................ 100
مەلىكە گۈلچېھرە ........................ 105
خاسىيەتلىك ئاق گۈل ........................ 112
ئون بەش ياشلىق ۋەزىر ........................ 117

مومايىنىڭ ئەجرى ........................ 125
تۈلكىنىڭ قۇۋلۇغى ........................ 127
بۆلۈنگەننى بۆرە يەر ........................ 131
هاكىم ۋە ئوغرى ........................ 134
هاجى مۇشۇك ........................ 138
ئىسىل بايلىق ........................ 141
سىرلىق چىراق ........................ 147
پالچى ........................ 171
ۋاپا گۈلى ........................ *181*
چىمچىلاق ........................ 192
ئەقىلسىز پادىشا ........................ 196
يۇرت مۇھەببىتى ........................ 199
تۆت ئەخمەق ........................ 202
گاس كۈيوغۇل ........................ 206
دانىشمەننىڭ جاۋابى ........................ 213
ئوتۇنچىنىڭ قىزى ........................ 215
ئالتۇن ۋە بىلىم ........................ 219
شاهزادە بىلەن بوۋاي ........................ 222
سالامنىڭ سەۋىۋى ........................ 223
ئەقىللىق توشقان ........................ 225
مايمۇنچاقنىڭ شاپتۇل سېتىشى ........................ 229
بەگ بىلەن مالاي ........................ 232
تەخەي پادىشا ........................ 234

# زىرەك مالاي بىلەن پىخسىق باي

بۇرۇنقى زاماندا ماخمۇت ئىسىملىك بىر بالا بار ئىكەن، ئۇ دادىسىدىن كىچىك قېلىپ ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بوپتۇ. ئانىسى زىرەك، تىجەشلىك، ئىشچان ئايال بولغاچقا، ئېرىدىن قالغان بىساتىنى تىجەپ ئىشلىتىپ، تۇرمۇشىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈپتۇ. ماخمۇتنىڭ بىر باي خوشنىسى بولۇپ، ئۇ مۇشۇ مەھەللىدىكى مەسچىتنىڭ ئىمامى ئىكەن. مال - ۋارانلىرىنىڭ ھېساۋى يوق، ئۇقەتتە كۆڭلى توق بولسىمۇ، بېلىنى شۇينىدا باغلايدىكەن. بىر كۈنى ماخمۇتنىڭ ئانىسى ۋاقىتسىز قازا بوپتۇ. ھېلىقى باي جامائەتكە باش بولۇپ، ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپتۇ. ئۇزۇندىن بېرى كىچىككىنە ھويلىسىغا كۆز قىزارتىپ يۈرگەن باي پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئەھلى مەھەللىنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ۋەز ئېيتىپ، ماخمۇتنى ئۆز تەربىيىسىگە ئالغانلىغىنى جاكالاپتۇ - دە، ماخمۇتنىڭ بار بىساتىنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپتۇ. شۇندىن باشلاپ ماخمۇت بايغا مالاي بولۇپ قاپتۇ. بۇ ھويلىدا ئۇنىڭ ھالىغا يېتىدىغان باينىڭ گۈلجامال ئىسىملىك ئۆگەي قىزىدىن باشقا كىشى يوق ئىكەن. ماخمۇت ئىشلەپ - ئىشلەپ ھالىدىن كەتكەندە، گۈلجامال بىلەن مۇڭدىشىدىكەن. بۇنداق چاغلاردا قىزغا ئىشتىھا ساقلاپ يۈرگەن باي ماخمۇتنى تازا ساۋايدىكەن. ئاخىرى ماخمۇتنىڭ تاقەت قاچىسى يېرىلىپتۇ - دە، بايدىن ئۆچ ئېلىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ.

ماخمۇتقا قاراپ دەپتۇ:

— قېنى، نىمىلەرنى كۆرۈپ، نىمىلەرنى ئاڭلىغانلىقىڭىزنى سۆزلەپ بېرىڭا.

— كۆرگەننى دەيمۇ ياكى ئاڭلىغاننىمۇ؟ — سوراپتۇ ماخمۇت.

— مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا، ئەلۋەتتە كۆرگەنلىرىڭىزنى دەڭ.

— ماقۇل، — دەپتۇ ماخمۇت گېلىنى قىرىپ قويۇپ، — شەھەردىن قايتىپ كېلىۋاتقىنىمىزدا تەرىتىم قىستاپ، بىر ئەسكى تام تۇۋىگە بېرىپ ئەمدىلا ئولتۇرۇشۇمغا، تامنىڭ بۇرجىكىدىن خۇددى سىز تاختا بېشىغا ئېلىپ قويغان لىگەندىكى ھېسىپتەك بىر چار يىلان ۋىژىلداپ چىقىپ كەلدى. قورقۇپ كەتكەنلىكىمى-دىن نىمە قىلىشىمنى بىلمەي قالدىم. شۇنداق قارىسام، سىز شىرەنىڭ ئارتىمىسىغا تىقىپ قويغان قىيما كۆمەچتەك بىر يۇمۇ-لاق تاش تۇرۇپتۇ.

سۆز مۇشۇ يەرگە كەلگەندە باي بىر ماخمۇتقا، بىر ئايالىغا قاراپ ھاڭ - تاڭ قاپتۇ. ئايال بولسا، چىرايلىرى تاتىرىپ، قو-قاستا ئولتۇرغاندەك قىمىرلاشقا باشلاپتۇ.

— ھېلىقى تاشنى قولۇمغا ئالدىم - دە، — دەپ داۋاملاش-تۇرۇپتۇ ماخمۇت، — ۋىژىلداپ كېلىۋاتقان يىلاننى شۇنداق سال-دىمكى، ئەيھاناس، ھېلىقى يىلان خۇددى سىز كاتىنىڭ تېگىگە يوشۇرۇپ قويغان قازاندىكى چۆچۈرىدەك پارە - پارە بولۇپ چېچىلىپ كەتتى.

— ھېسىپ قويغانمىدىڭ؟ — سوراپتۇ باي.

— ھەئە، قويغان ئىدىم.

— كۆمەچ كۆمگەنمىدىڭ؟

— كۆمگەن.

— چۆچۈرىچۇ؟ — گۈكىرەپتۇ باي.

بايىنىڭ ياش، كېلىشكەن ئايالى باينى كۆرسە نومۇس قىلىدىكەن. ئۇ مەھەللىدە ئۆكتەملىكتە داڭ چىقارغان مىرەزەم دېگەن بەگگى بىلەن ئوينايدىكەن. ماخمۇت بۇ ئىشنى بايقاپ، پۇرسەت كۈتۈپ يۈرۈپتۇ.

بىر كۈنى شەھەرنىڭ قازىسى باينى تويغا چىللاپتۇ. باي خوشاللىق بىلەن خوتۇنىنى بىللە بېرىشقا ئۈندەپتۇ. خوتۇنى بولسا ھېچ تاۋىم يوق، مېنى قىستىمىسىلا دەپ يېلىنىپتۇ. باي ماقۇل بولۇپ، ماخمۇتنى ئېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ. توي ئۈچ كۈن بولماقچىكەن. ئۇ شەھەرگە كىرىپ، تويىنىڭ يەتتە كۈنگە ئۇزارتىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئاچچىقىدا قازى بىلەنمۇ ئۇچراشماي ئارقىسىغا يېنىپتۇ. باي شام بىلەن خۇپتەن ئارىلىقىدا ئۆيىنىڭ قارىسىنى ئاپتۇ. ئادەتلەنگەن ئات كىشنەشكە باشلاپتۇ. ئەمدىلا ھەسىپنى لىگەنگە ئېلىپ، يەنە بىر قازاندىكى چۆچۈرىنى ئۇسۇشقا تەمشەلگەن ئايالنىڭ ئاتنىڭ كىشنىشىنى ئاڭلاپ ئەۋايى قىرىق گەز ئۇچۇپتۇ. ئۇ، ئوچاقنىڭ ئالدىدا چىلىمنى كوكۇرىتىپ ئولتۇرغان بەگگىگە يېلىنىپتۇ:

— بولمىدى. ئۇلار قايتىپ كېلىشتى، سىلى قازناق ئۆيگە كىرىپ پىنھاندا تۇرسىلا، — دەپتۇ-دە، لىگەندىكى ھەسىپ، قىيما كۆمەچ، قازاندىكى چۆچۈرىنى جاي-جايىغا يوشۇرۇپ تۇرۇشىغا ئېرى كىرىپ كەپتۇ.

— ھارمىغايلا دادىسى، — دەپتۇ ئايال ئەركىلەپ، — توي تۈگىدىمۇ؟

باي غۇدۇراپ كۆرپىگە ئۆزىنى تاشلاپتۇ. زېرەك ماخمۇت ئىشىكتىن كىرىپلا ئۆينىڭ تۆت تېمىنى بىر ئايلىنىپ چىقىپتۇ-دە، ئۆيدە نېمە ئىشلار بولغانلىقىنى بىلىۋاپتۇ. بايىنىڭ ھېكايە-چۆچەك ئاڭلاشقا خۇشتار ئىكەنلىكىنى، ئەمما چۆچەكنىڭ بېشى چىقىپ بويىنىغا كەلگىچە ئۇخلاپ قالىدىغانلىقىنى بىلىدىغان ئايال

«چاك» قىلغان تەستەك ئاۋازى بىلەن ئايال دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بۇقۇلدىغىنىچە چۆگۈننى كۆتىرىپ سىرتقا مېڭىپتۇ. پەيتنى پايلاپ تۇرغان ماخمۇت ئاستا قازناققا كىرىپتۇ.

— سۇ ئەكەلدىڭمۇ؟

— ھىم، — ماخمۇت شۇئان بەگىنىڭ كانىيىنى بوغۇپ ئۇنىڭ جېنىنى ئاپتۇ ۋە ئاغزى - بۇرنىغا ئاچچىق زاغۇن يېغىنى پۈركۈپ، بىر سىقىم پۇرچاق ئۇنىنى ئاغزىغا كەپلەپ قويۇپ، ھېچنەرسە كۆرمىگەندەك يېتىۋاپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن ئايال پالاقلاپ كىرىپ كەپتۇ ۋە ئۇچاقتىكى تۇخۇملارنى ئېلىپ، سۇ كۆتىرىپ قازناققا كىرىپ گەپ قىلسا، بەگدىن زۇۋان چىقمىغۇدەك.

ئايال دەرھال چىراقنى كۆتىرىپ كىرىپ قارىغىدەك بولسا، بەگگى ئۇن چىڭدالغان تاغارلار ئارىسىدا سۇنايلىنىپ ياتقۇدەك.

— ۋاي ئىست، قوسىغى ئېچىپ چىدىيالماي خام پۇرچاق ئۇنىنى كاپ ئېتىپتۇ، ئۇسسۇزلۇغىنى باسالماي ئاچچىق ياغ ئىچىپتۇ. ۋاي شور پېشانەم، ئەمدى قانداق قىلاي، — ئايال چاچلىرىنى يۇلۇپ، ئۆكسۈپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ماخمۇت بولسا بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك خورەك تارتىشقا باشلاپتۇ. ئايال ئىلاج قىلالماي ماخمۇتنى ئويغىتىپتۇ:

— خوجام ماخمۇت...

— ئۇخلىغىلى قويۇڭ، تېخى تاڭ ئاتمىدىمۇ؟ — ماخمۇت ۋاقىراپتۇ.

— ۋاي خۇدا ھەققى، پەسرەك گەپ قىلىڭ.

— نىمە ئىش؟ — ماخمۇت بېشىنى كۆتىرىپتۇ.

— ئۆيگە ئوغرى كىرگەن ئىكەن، ئاچچىغىمدا دەم بىلەن چىكىسىگە بىرنى سالغان ئىدىم، ئۆلۈپ قالدى. بۇنى ھېچكىمگە تۇيدۇرماي يەغىشتۇرۇۋېتىڭ، گۇلجامالنى سىزگە مۇھۇرلەپ بېرەي.

— ئەتتىم، — دەپتۇ ئايال ھودۇقۇپ، — ئەتىگەن سىلى مېڭىش بىلەن تەگلا قارا پاخلان بوغۇلۇپ قالغان ئىكەن، — «ۋاي ئىسست پاخلىنىم» دەپتۇ باي مەيدىسىنى تاتىلاپ، — ھېچ ئىلاج قىلالماي تۇرسام، مىرەزەم خوجا ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئىكەن، ئۇنى چاقىرىپ پاخلاننى سويدۇردۇم، سىلەرنىڭ كېلىشىڭلارنى كۆڭلۈم تويغان ئىدى، شۇڭا تاماق راسلاپ قويغان ئىدىم، — دەپتۇ ئايال ۋە ھېلىقى تائاملارنى كەلتۈرۈپتۇ. باي بىلەن ماخمۇت مەزىلىك تاماقلارنى تازا ئىشتىھا بىلەن يېيىشىپتۇ. خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن باي ئادىتى بويىچە پىشايۋاندا يېتىش ئۈچۈن سىرتقا مېڭىپتۇ. ماخمۇت بولسا ھۆكىرەپ يىغلاپ كېتىپتۇ.

— نېمە بولدۇڭ، نېمىگە شۇنچە يىغلايسەن؟ — سوراپتۇ باي.

— ئانام رەھمەتلىك مېنى داۋاملىق قازناقنىڭ ئىشىگى تۆۋىدە ياتقۇزۇپ قويىدىغان ئىدى. بۈگۈن شۇ ئىش ئېسىمگە كېلىپ كۆڭلۈم بۇزۇلۇۋاتىدۇ، — دەپتۇ ماخمۇت ئۆپكىدەپ تۇرۇپ.

— بوپتۇ، — دەپتۇ باي، — ئۇنىڭ خالىغان يېرىگە ئورۇن سېلىپ بېرىڭلار.

باي چىقىپ كېتىپتۇ. ماخمۇت قازناقنىڭ ئىشىگى ئالدىدا يېتىپلا خورەك تارتىشقا باشلاپتۇ. بۇ چاغدا ئايال پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ماخمۇتنىڭ بېشىدىن ئاتلاپ قازناقنىڭ ئىشىگىنى ئاستا ئېچىپتۇ.

— يەيدىغان بىرنەرسە بېرىڭ، ئاچلىقتىن ئۆلەي دېدىم، ئاۋال سۇ بېرىڭ، — دېگەن ئاۋاز چىقىپتۇ قازناقتىن.

ماخمۇت بۇنى ئاڭلاپ، پۈتىنى ئۈزىتىپ چۆگۈلۈندىكى سۇنى پالاقىدە ئۆرۈۋېتىپتۇ. ئايال ئويان ئىزلەپ، بۇيان ئىزلەپ سۇ تاپالمىغاندىن كېيىن، يەنە قازناققا كىرىپتۇ.

— ئۆيدە سۇ قالماپتۇ. مەن ھازىرلا سۇ ئەكىلەي.

بولسا پۈتۈن مۈلكۈمنى ساڭا قالدۇرۇپ، مەن كېتەي، بۇنىڭ ئۆلۈكىنى ئۆزەڭ يىغىشتۇرۇۋالغىن.

— ياق، مەن جاننى مالغا ساتمايمەن، جانغا جان تۆلەيلا، — دەپتۇ ماخمۇت گۈلجامالنىڭ پېيىدە.

— بولدى، گۈلجامال ساڭا قالسۇن، مانا مۆھۈر، — باي خەت قىلىپ ماخمۇتقا تۇتقۇزۇپتۇ ۋە ئىككى خېچىرغا ئوزۇق-تۈلۈك يۈكلەپ، خوتۇننى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ئايال بۇ ئىشنىڭ سىرىنى بىلىسمۇ، «ئۆزەم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا» دىگەندەك لام-جىم دىيەلمەپتۇ. زىرەك ماخمۇت گۈلجامالغا ئۆيلىنىپ، بەختلىك ھايات كەچۈرۈپتۇ.

ماخمۇت قازناققا كىرىپ، بەگىنىڭ ئۆلۈكىنى يۇدۇكىنىچە سىرتقا چىقىپ، ئۇدۇل ئات ئېغىلىغا بېرىپتۇ ۋە ئۇنى ئۆرە تۇرغۇزۇپ، قولتۇغىغا ئاچا قويۇپ، ساقال - بۇرۇتلىرىنى چۇشۇرۇۋېتىپتۇ.

— ئۇنى يارغا باستۇرۇۋەتتىم، — دەپتۇ ماخمۇت ۋە ئايالدىن خەت - مۆھۈر ئېلىۋاپتۇ. ئاندىن ماخمۇت «ئاتخانىغا ئوغرى كىردى» دەپ ۋاقىراپ، باينى ئويغىتىپتۇ.

باي چۆچۈپ قوپقان پېتى ئاتخانىغا يۇگۇرۇپتۇ. ماخمۇت چىراقنى كۆتىرىپ ئالدىدا مېڭىپتۇ. ماخمۇت ئاتخانىغا يېقىن كېلە - كەلمەيلا كەينىگە داجىپتۇ.

— ۋاي باي ئاكا، ئەنە ئوغرى. باي ھېچنىمىگە قارىماي بېرىپ ئۇنىڭ كاللىسىغا پالتا بىلەن بىرنى ساپتۇ. ماخمۇت چىراقنى ئۇنىڭ يۈزىگە شۇنداق تۇتۇپلا ھۆكىرەپ يىغلاشقا باشلاپتۇ.

— ۋاي شور پېشانە ئاكامەي، مېنى ئىزلەپ كېلىپ، باينىڭ قولىدا ئۆلۈشىگىنى كىم بىلسۇن، مەن سېنىڭ خۇنۇڭنى تۆلىتىمەن. ماخمۇت هويلىنى بېشىغا كىيىپ يىغلاپتۇ.

— خۇدا ھەققى، ئۇنۇڭنى پەس قىل، — دەپتۇ باي، — ئۆلۈككە سىنچىلاپ قاراپ تونۇيالماپتۇ. باي ھېچنەرسىنى چۈشەنەلمەي يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ.

— مەن سىلىگە گېپىنى قىلغان ھېلىۋاي دىگەن دۇئاگوي ئاكام مۇشۇ. ئۇ پات يېقىندا مېنى كۆرۈشكە كېلىدىغانلىغىنى ئېيتقان ئىكەن. بۈگۈن كەچ كېلىپ قالغانلىغى ئۈچۈن، ئۆزلىرىنى بىسەرەمجان قىلىشنى خالىماي، ئېغىلدا تۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزۇشنى ئويلاپتىكەن. مانا ئەمدى سىلى ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولدىلا، ئۇنىڭ بىر ئوغلى چوڭ شەھەرنىڭ قازىسى، ۋاي بىۋاقىت قازا تاپقان ئاكامەي، — دەپ يىغلاشقا باشلاپتۇ ماخمۇت.

— بولدى، يىغلىما، — دەپتۇ باي، — بۇ ماڭا كەلگەن بىر پېشكەللىك. بۇنى ھەرگىز سىرتقا يايما. قۇتۇلىدىغانلا ئىش

— سىلەر ئىشەنمەسەڭلار بوپتۇ، — دەپتۇ ھەمراجان كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئەمما ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە سىلەرنى مۇسا بېخىلنىڭ ئۆيىگە باشلاپ بېرىپ، ھەر خىل تائاملار بىلەن مېھمان قىلىمەن، ھەر بىرىڭلارغا 2 تەڭگىدىن چاي پۇلىمۇ ئېلىپ بېرىمەن تېخى!

ھەمراجاننىڭ دوستلىرى بۇ سۆزدىن بىر ئويۇننىڭ بارلىغىنى پەملەپ، ۋاقتى كەلگەندە كۆرەرمىز، دەپ تارقىلىشىپتۇ.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ھەمراجان سەھەردە مەزىن ئەزەن توۋلاۋاتقاندا مۇسا بېخىلنىڭ دەرۋازىسىنى قېقىپتۇ ۋە چىققان چاكارغا باي بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. باي بۇنى ئاڭلاپ، ھەمراجاننى ئۆيگە باشلاپ كىرسە بىر پىيالە چايغا زىيان بولىدىغانلىغىنى بىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆزى چىقىپتۇ ۋە دەرۋازىنى سەل سىڭايان ئېچىپ تۇرۇپ بېشىنى چىقىرىپ:

— ھە، قاق سەھەردە نىمە گەپ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم باي ئاكا، سىلىنىڭ ئالتۇن - كۈمۈچلىرى تولا، زەر - جاۋاھىر ئىشلىتىش ۋە ئۇنى قولدىن ئۆتكۈزۈشنىڭ يوللىرىنى بىلىلا، مۇشۇنچىلىك ئالتۇننىڭ ئېغىرلىغى قانچە سەر كېلىدىغانلىغىنى زادى بىلەلمىدىم. شۇڭا ئەتىگەندە ئۆزلىرىنى مالال قىلىپ كېلىشىمتى، — دەپتۇ ھەمراجان قوش مۇشتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

ئالتۇن دىگەن گەپنى ئاڭلىغان باينىڭ كۆزلىرى يوغان ئېچىلىپ، قۇلاقلىرى دىڭ بوپتۇ. ئۇ دەرۋازىسى يوغانراق ئېچىپ:

— نىمە؟... نىم دەيسىلا؟... قانچىلىك؟ — دەپ كوچىلاپ سوراپتۇ.

— مانا، مۇشۇنچىلىك ئالتۇن قانچە سەر كېلەر؟ — ھەمراجان قوش مۇشتىنى تېخىمۇ يوغانراق قىلىپ كۆرسىتىپتۇ.

# بېخىل باينىڭ ئۆلۈمى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا كونا شەھەر دىيارىدا بولاقبېشى دېگەن مەھەللە بولۇپ، بۇ مەھەللىدە مۇسا بېخىل دېگەن بىر ئادەم ئۆتكەن ئىكەن. بايلىقتا ئۇنىڭغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمىگەندەك، بېخىللىقتىمۇ ئۇنى ھېچكىم دورىيالمايدىكەن. شۇڭا شەھەر خەلقى ئۇنى: «مۇسا بېخىل چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايدىغان، ئىتقا سۆڭەك بەرمەيدىغان پىخسىق» دېيىشىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇسا بېخىل ئۆيىدە ئۆمۈر بويى چاكارلىق قىلغان بىر موماينى ئەرزىمىگەن بىر باھانە بىلەن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. موماي ھەق تەلەپ قىلىپتىكەن، مۇسا بېخىل بىرمۇنچە ئاھانەت قىلىپتۇ. بۇ مومايىنىڭ ھەمراجان دېگەن بىر ئەقىللىق بالىسى بار ئىكەن، ئۇ باينىڭ يۈزسىزلىكىنى كۆرۈپ، ئانىسىغا تەسەللى بېرىپتۇ ۋە مۇسا بېخىلنىڭ ئەدىۋىنى بېرىپ قويۇشنىڭ چارىسىنى ئىزلەپتۇ. ئۇ ئويلىنىپ - ئويلىنىپ ئاخىرى بىر ئەپچىل چارە تېپىپتۇ ۋە دوستلىرىغا:

— ئاغىنىلەر، مۇسا بېخىلنى بىر باپلايلى، سىلەر مۇسا بېخىلنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇشنى خالامسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

— توۋا دېگىن ھەمراجان، — دەپتۇ ئاغىنىلىرى، — تۆكۈۋېتىدىغان يۇندىسىغا سەككىز كۈن ئىچى ئاغرىيدىغان بېخىلنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولىمىز دەۋاتامسەن؟ ئۆلۈكتىن زوۋان چىقسا چىقىدۇكى، مۇسا بېخىلدىن نەپ چىقمايدۇ.

ۋە ئىچىدە: «بۇ كالۋاڭنى ئەپلەپ قىلتاقتا چۈشۈرۈش كېرەك» دەپ ئويلاپ:

— ئۇنداق بولسا، ساتماقچى بولغان ئالتۇنۇڭنى ئېلىپ، گۇۋا - شاھىتلىرىڭنى باشلاپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۆيگە كەل، باھاسىنى چىقىشىپ قالساق ئەجەپ ئەمەس. ئەمما بۇ ئىشنى سىر تۇتقىنىمىز ياخشى. ناۋادا پادىشانىڭ قۇلىغىغا يېتىپ قالسا، مەنمۇ، سەنمۇ ئالتۇندىن قۇرۇق قالىمىز، — دەپ جېكىپتۇ مۇسا بېخىل.

ھەمراجان باينىڭ ئۆيىدىن چىقىپ ئۇدۇل دوستلىرىنىڭ يېنىغا كەپتۇ - دە:

— بۈگۈن كەچقۇرۇن ھەممىڭلار مۇسا بېخىلنىڭ ئۆيىگە چايغا جابدۇنۇڭلار، — دەپ تەكلىپ قىپتۇ، — ئۇ يەردە گۇۋاچىلىرىم سۈپىتىدە خىزمەت بېجىرىسىلەر.

ھەمراجان ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ھويلىدىكى سارايدىن بىر قازان كاۋىسىنى ئۈزۈۋېلىپ، ئۇنى ئاق شايىغا چىرايلىق ئوراپ، ئۈستىدىن زەر چۇچە بىلەن چىگىپ قويۇپ ئۆز ئىشى بىلەن بولۇپتۇ. كەچقۇرۇن ھەمراجاننىڭ دوستلىرى بىر - ئىككىلەپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپتۇ. ھەمراجان ھېلىقى كاۋا ئورالغان شايىنى ئىككى ئاغىنىسىگە كۆتەرتىپ، بەش ئاغىنىسىنى گۇۋا - شاھىت سۈپىتىدە باشلاپ مۇسا بېخىلنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. مۇسا بايمۇ شەھەرنىڭ قازىسى، ئۆلىما - ھۆكۈمالىرىنى يىغىپ ھەمراجاننى ساقلاپ تۇرغان ئىكەن.

ھەمراجاننىڭ ئاغىنىلىرى ھېلىقى شايىغا ئورالغان كاۋىنى قازىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن قازى:

— ھە، ھەمراجان، بۇ نىمە گەپ ئۆزى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قازاخۇنۇم، — دەپتۇ ھەمراجان، — كۆرۈپ تۇرۇپتىلەكى، مەن مۇشۇ نەرسىچىلىك ئالتۇننىڭ ئېغىرلىغى قانچە سەر

— يوق، ھەمراجان بالام، ئۆيگە كىر... مەن گېپىڭنى زادىلا ئۇقالمايۋاتىمەن، سەن تېخى چاي - پاي ئىچمىگەنسەن، يوق، ئۆيدە نان ئۇشتە قىلغاچ ئوچۇقچە پاراڭلىشايلى.

ھەمراجاننى ئالتۇن تېپىۋالغان دەپ ئويلىغان باي ئالداپ - سىلاپ قولغا چۈشۈرۈش نىيىتىدە، ھەمراجاننى ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ، قولىدىن كېلىشىچە مېھمان قىپتۇ ۋە داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن:

— ھە... قېنى، ھەمراجان بالام، بايا نېمە دېمەكچى ئىدىڭا؟ — دەپ گەپ ئېچىپتۇ باي.

— مەن مۇشۇنچىلىك ئالتۇن قانچە سەر كېلىدىكىن، دەپ سوراپ كېلىۋىدىم، — دەپتۇ ھەمراجان يەنە قوش مۇشتىنى كۆرسىتىپ.

— ئۇ ئالتۇننى نېمە قىلماقچى ئىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ باي ئالدىراپ.

— ئالتۇننى نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىمنى سوراپ نېمە قىلىلا باي ئاكا، — دەپتۇ ھەمراجان گەپنى چالغىتىپ، — ھېلىغۇ مەندە ئالتۇن يوق، ئەگەردە بولۇپ قالغان تەقدىردە روزىغارىمىزغا ئىشلىتەرمىز، ئەمما سىلى سورىغان گەپنى جاۋاپسىز قالدۇرۇۋاتىدىلا، زادى مۇشۇنچىلىك ئالتۇننىڭ، — دەپتۇ ھەمراجان قوش مۇشتىنى تېخىمۇ يوغان تۈگۈپ، — ئېغىرلىقى قانچە سەر كېلىدۇ؟

— خۇپسەنلىك قىلما بالام، — دەپتۇ باي، — ئەگەر ئالتۇنىڭنى ساتماقچى بولساڭ، مەنلا ئالاي، باي ئاتاڭ سېنى ئوبدان رازى قىلىدۇ، ھەرگىز باشقا بىرسىنى ئىزلەپ يۈرمە، سېنى ئالداپ قاقتى - سوقتى قىلىپ كېتىدۇ...

— بوپتۇ، ساتسام ساتاي، — دەپتۇ ھەمراجان سەل ئويلىنىۋېلىپ.

مۇسا بېخىل بۇنى ئاڭلاپ بەكمۇ خوشال بولۇپ كېتىپتۇ

يەتلىرى يۇرت - جامائەت ۋە شەرىئەت ئالدىدا باتىل بولغاي...»

توختامنامىنىڭ مۇشۇنداق ئۇستىلىق بىلەن يېزىلغانلىقىغا مۇسا بېخىل بەكمۇ خوشال بولۇپتۇ. ھەممە گۇۋا - شاھىتلار قازىنىڭ باشچىلىقىدا مۆھۈرلىرىنى بېسىپ قوللىرىنى قويۇپتۇ. مېھمانلار تۈن كېچىگىچە زىياپەتكە داخىل بولۇپ ئاندىن تارقىشىپتۇ. مۇسا باي مېھمانلارنى ئۇزىتىپ بولۇپ، ئىشىك - تۈڭلۈكنى تاقاپ، شايى تۈگۈنچەكنى ئېچىپ قارىغىدەك بولسا، يوغان بىر قازان كاۋىسى تۇرغىدەك... بۇنى كۆرگەن مۇسا باي: «ۋاي شور پىشانەم، بۇ نىمە ئاھانەت، نىمە ئەلەم!» دىگىنىچە قازىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپتۇ. قار - يامغۇر يېغىلاپ بولغان ئىشنى قازىغا مەلۇم قىلىپتۇ. ئەسلىدە بۇ قازى مۇسا بېخىلدىن نەپ ئالالماي قوسىقىدا غۇم ساقلاپ يۈرگەن ئىكەن. شۇڭا:

— ھەي... مۇساباي، مۆھۈر خەت پۈتۈلۈپ بولدى، ئەمدى بۇنىڭغا باشقا چارە يوق...، — دەپ گەپنى ئۈزۈپتۇ.

مۇسا بېخىل ئىلاج قىلالماي دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۆيىگە قايتىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مۇسا بېخىل بۇ زىيانغا چىدىماي ھەسرەتتە ئۆلۈپ كەتكەن ئىكەن.

كېلەر، دەپ مۇسا باينىڭ ئالدىغا سورىغىلى كېلىۋىدىم ئىراق باي ئاكام بۇنى ماڭا سېتىپ بەر، دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى مەن باي غوجامنىڭ لەۋزىنى يەردە قويماي دېگەن نىيەتتە سېتىپ بېرىشكە رازى بولدۇم. نەرقىنى پىچىپ قويسىلا ئىشىمىز پۈتىدۇ.

ھەمراجاننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان باي ھاپىلا - شاپىلا:

— شۇنداق بولسۇن قازاخۇنۇم، سودا پۈتسىلا بولدى، قالغىنى يېپىق قازان بويىچە قالسۇن، — دەپتۇ.

ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغان جامائەت بۇنىڭ يەڭ سودىسى ئىكەنلىكىنى پەملەپ: «بوپتۇ. ھەرقايسىلىرىنىڭ ئىختىيارلىرى بويىچە بولسۇن، بىرىمىز سالا قىلمىز، بىرىمىز ئالا قىلمىز، كېلىشىپ قالساڭلار ئەجەب ئەمەس» دېيىشىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا...، — دەپ قازى گەپ باشلىغان ئىكەن، مۇسا باي مەنىلىك بىر يۆتىلىپ قويۇپ قازىغا «بۇ گادايىنى بىر ئەپلىسىلە. سانىنى ئوبدان رازى قىلىمەن» دېگەن مەنادا ئىشارە قىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ سودا باشلىنىپتۇ. ھەمراجاننىڭ دوستلىرى باھانى ئۆرە قويۇپ چىڭ تۇرۇپتۇ. باينىڭ ئادەملىرى باھانى تۆۋەنلىتىشكە كۈچەپتۇ. ئۇيان تارتىپ، بۇيان تارتىپ 10 مىڭ تەڭگە باھا مۇقىملىشىپتۇ. مۇسا بېخىل دەرھال 10 مىڭ تەڭگىنى داستىخانغا قويۇپتۇ. پۈتۈكچى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تاپىلىشى بويىچە مۇنداق توختامنامىنى يېزىپتۇ:

«... مەنكى ھەمراجان توختاخۇن باللىسىدۇرمەنكى، ئۆز رازى - رىزالىغىم بىلەن ئۇشبۇ مەيداندا قازاخۇنۇمنىڭ ئالدىغا قويۇلغان نەرسىنىڭ ئېغىرلىغى قانچىلىك بولۇشىغا قارىماي، موللا قۇتلۇق ھاجىنىڭ ئوغلى مۇسا بايغا 10 مىڭ تەڭگىگە ساتتىم، مەگەركى توختامنامىگە مۆھۈر شەرىپ بېسىلىپ بولغاندىن كېيىن، قايسى تەرەپتىن نارازىلىق چىقسا، ئەرز - شىكا-

مۈشۈكتىن خېلىلا ئارام تېپىپ قاپتۇ. ئەمما مۈشۈك تۇغۇتتىن
تۇرغاندىن كېيىن باشلىرىغا يەنە ئاپەت ياغدۇرغانلىقىنى ئەس-
لىشىپ غەمگە پېتىپتۇ. بىر يەرگە جەم بولۇشۇپ كېڭىشىپتۇ.
ئاخىرى «ئاسلانلارغا كۈچۈلا بېرىپ، مۈشۈكنىڭ نەسلىنى قۇ-
رۇتساق بۇ بالا - قازادىن قۇتۇلىمىز» دېيىشىپتۇ ۋە مەسلىھەت
بويىچە مۈشۈكنىڭ ئۇۋىسىنىڭ يېنىغا بىرنەچچە تال كۈچۈلىنى
تاشلاپ قويۇپتۇ. گۆدەك ئاسلانلار دۇنيادىن بىخەۋەر بولغاچقا.
ئۇۋىسىدىن ئويناپ چىققاندا بىلمەستىن كۈچۈلىنى يەپ قويۇپ،
ئۈچ ئاسلان ئارقا ئارقىدىن ئۆلۈپ كېتىپتۇ. تاغىل مۈشۈك
قالغان بىر بالىسىنى يېنىدىن ئايرىماي بېقىپتۇ ۋە ئۆز ھۈنىرىنى
ئۆگىتىپتۇ.

ئاي ئۆتۈپتۇ، يىل ئۆتۈپتۇ. ئاسلان ئانىسىغا ئوخشاش يوغان،
قاۋۇل مۈشۈك بولۇپتۇ. ئانا - بالا مۈشۈكلەر بىرلىكتە چاشقان
تۇتۇپ، ئۆيدىكى چاشقانلارنى تۈگىتىپ قويۇپتۇ. چاشقان تۈگى-
گەندىن كېيىن دېخان ئۇلارنى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. ئانا -
بالا مۈشۈكلەر جاڭگالغا قاراپ يول ئاپتۇ. ئەمما يېرىم يولدا
تاغىل مۈشۈكنى بۆركۈت كۆتۈرۈپ كېتىپتۇ. ئانىسىدىن ئايرىلغان
مۈشۈك يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ. ئاخىرى بېشى قايغان، پۇتى تايغان
تەرەپكە قاراپ كېتىۋېرىپتۇ. بىر ئورمانلىققا كەلگەندە ئۇنىڭ ئال-
دىدىن بىر تۈلكە چىقىپ قاپتۇ. ئۇ زامانلاردا مۈشۈك نەسلى
ھايۋانلار تائىپىسىگە تېخى مەلۇم ئەمەس ئىكەن. مۈشۈك تۈلكىنى
كۆرۈشى بىلەنلا تۈگۈلۈپ ھۈرپىيىپتۇ. بۇرۇتلىرىنى دىڭگايتىپ،
كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ خىرىس قىلىپ تۇرۇپتۇ.

مۈشۈكنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرگەن تۈلكە چۆچۈپ كېتىپتۇ. تازا
سەپسېلىپ قاراپ، تېرىسى يولۋاسنىڭكىدەك تاغىل، كۆرۈنۈشنى
يولۋاستەك سۈرلۈك بۇ مەخلۇقنى كۆرۈپ ئىچىدە: «يولۋاسنىڭ
بالىسىدەك بىرنەرسىگە ئۇچراپ قاپتىمەن. بۇنىڭدىن بىر ئامال

## مۈشۈك باتۇر

بۇرۇن بۇرۇندىكەن، تېرىق تۇلۇمدىكەن، توخۇ داڭگالچىكەن، ئۆچكە جاڭگالچىكەن، قىرغاۋۇل جەددىكەن، قۇيرۇغى يەردىكەن، بىر جاڭگالنىڭ بويىدا بىر دىخان بولۇپ، ئۇ ئەتىيازدا بۇغداي تېرىپ، كۆزدە يىغىپ جېنىنى جان ئېتىدىكەن. بىر يىلى دىخان بۇغدايدىن مول ھوسۇل ئاپتۇ. ئاشلىقى كات - تاغارلارغا سىغماي قاپتۇ. دىخاننىڭ ئۆيىگە ئامەت يېغىپ قازىنىمۇ، چۆمۈچىمۇ ماي بولۇپتۇ. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي ئامەت ئۇستىگە ئاپەت يوپۇرۇلۇپتۇ. جاڭگالدىن بىر توپ چاشقان كېلىپ، دىخاننىڭ ئۆيىنى ماكان قىلىشىپتۇ. بۇغداينى يىگەننى ئاز دەپ، دىخاننىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى قىرقىپ، يىمەك - ئىچمەكلىرىنى بۇلغاپ ئارام بەرمەپتۇ. دىخان تاختامۈشۈك قۇرۇپتۇ، كۈچۈلا تاشلاپتۇ، ئەمما چاشقانلار كۈندىن - كۈنگە ئەدەپ كېتىپتۇ. دىخان ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىرى يىراقتىكى مەھەللىگە بېرىپ، تونۇش - بىلىشلىرىگە يالۋۇرۇپ يۈرۈپ بىر تاغىل مۈشۈك تېپىپ كەپتۇ. ئۇ كەلگىچە چاشقانلار دىخاننىڭ بىر خالتا بۇغدىيىغا زىيان ساپتۇ.

تاغىل مۈشۈك دىخاننىڭ ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن، چاشقانلارنى بىر - بىرلەپ بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ تاناۋىنى تارتىپتۇ. ئەمما تاغىل مۈشۈك ئېغىر ئاياق ئىكەن. ۋاقتى - قەرەلى كېلىپ، ئۆزىگە ئوخشاش تۆت تاغىل ئاسلان تۇغۇپتۇ. بۇ ئارىلىقتا چاشقانلار

باتۇرى ھىساپلاپ يۈرگەن ئىكەن. تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بۇ
مەخلۇق ئۇلارنى بەكمۇ قىزىقتۇرۇپتۇ. شۇڭا تۈلكىدىن ئۆزلىرىنى
بۇ مەخلۇقنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ.
— ياق، — دەپتۇ تۈلكە. — سىلەرنى دەپ جېنىمدىن
ئايرىلىشنى خالىمايمەن.
— قورقما، — دەپتۇ بۆرە، — سەن نېرىدىن كۆرسىتىپ
قويساڭلا بولدى. قالغىنىنى ئۆزىمىزگە قويۇپ بەر.
— شۇنداق قىل، ئۇ مەخلۇقنىڭ كارامىتىنى بىر كۆرۈپ
باقايلى، — دەپتۇ ئېيىق، — ئەگەر ئۇ سىنىڭ دېگىنىڭدەك
بولسا، تاقابىل تۇرۇش چارىسىنى قىلمىساق بولمايدۇ...
— بوپتۇ، باشلاپ بارسام باراي، — دەپتۇ تۈلكە تەسلىك
تە، — ئەمما ئۇنىڭ قېشىغا قۇرۇق قول بارساق، ئۆزىمىز
يەم بولۇپ كېتىشىمىز تۇرغان گەپ. شۇڭا ئانچە-مۇنچە سوغا-
سالام ئېلىپ بارايلى. سوغا-سالامنى كۆرۈپ يۇمشاپ قالسا
ئەجەپ ئەمەس.
تۈلكىنىڭ مەسلىھەتى ئېيىق بىلەن بۆرىگە موك يېقىپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن بۇلار ئۈچ تەرەپكە بۆلۈنۈپ ئوۋغا ئاتلىنىپتۇ.
ئېيىق تاققا چىقىپ بىر قوتازنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆشنىسىگە ئارتىپ
كەپتۇ. بۆرىمۇ مەھەللىگە بېرىپ بىر قوينى ئۆلتۈرۈپ ئېلىپ كەپتۇ.
ئۇلگىچە تۈلكە بىر قىرغاۋۇلنى غىققىدە بوغۇپ، تەييارلاپ تۇرۇپ-
تۇ. بۇ ئۈچەيلەن جەم بولغاندىن كېيىن، مۈشۈكنى ئىزلەپ يولغا
چىقىپتۇ. بىر ئورمانلىققا كەلگەندە تۈلكىنىڭ خىيالىغا بىر ئوي
كەپتۇ ۋە ئېيىق بىلەن بۆرىنى توختىتىپ:
— ئاغىنىلەر، بىز مۇنداق ئوچۇق-ئاشكارا بارساق
زىيان تارتىمىز، شۇڭا يېقىن قالغاندا تەييارلىغان سوغاتلارنى
بىر يەرگە قويۇپ، ئۆزىمىز مۆكۈۋالايلى. ئۇ مەخلۇقنىڭ كارامى-
تىنىڭ قانداقلىقىنى گۆشنى يېگىنىدىن بىلىمىز، — دەپتۇ.

قىلىپ قۇتۇلمىسام تۈگەشكىنىم شۇ» دەپ ئويلاپتۇ - دە، كۆڭ-لىگە بىر ھىلە پۈكۈپ قۇيرۇغىنى شىپاڭشىتىپ، نايناقلاپ مۈشۈك-نىڭ ئالدىغا مېڭىپتۇ. ئۆز نۆۋىتىدە مۈشۈك تۈلكىدىن قورقۇپ تۇرغان ئىكەن. تۈلكىنىڭ ئۆزىگە ئويناقلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مۈشۈك مياۋلىغان پېتى قاچىمەن دەپ تەمتىرەپ كېتىپ، تۈلكىگە ئۆزىنى ئېتىپتۇ.

يۈرىكى پوكۇلداپ تۇرغان تۈلكە بۇنى كۆرۈپ ئاللا - توۋا كۆتىرىپ بەدەر قېچىپتۇ. شۇ قاچقان پېتى ئوينى ئوي دىمەي، دۆڭنى دۆڭ دىمەي كېلىۋاتسا، ئالدىدىن بىر ئېيىق چىقىپ قاپتۇ.

— يول بولسۇن تۈلكىۋاي، — دەپتۇ ئېيىق ئۇنىڭغا، — نىمىگە شۇنچە قورقۇپ قېچىپ كېتىۋاتىسەن؟

— سەن سورىما، مەن ئېيتماي، — دەپتۇ تۈلكە ئېيىققا، — ھۇشۇڭنىڭ بارىدا سەنمۇ جېنىڭنى دالدىغا ئال!

تۈلكىنىڭ ئالدى - كەينىگە قورقۇپ - قورقۇپ قاراشلىرى ۋە باش - ئايىغى يوق سۆزىدىن ھەيران قالغان ئېيىق بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلگۈسى كېلىپ، تۈلكىنىڭ كەينىدىن پايپاسلاپ يۈ-گۈرۈپتۇ. بىردەمدىن كېيىن بىر ئېرىق بويىغا كېلىپ دەملىرىنى ئېلىپ ئولتۇرغان ئىكەن، قاياقتىندۇر بىر بۆرە پەيدا بولۇپ، بۇلارنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە تۈلكە، ئېيىقتىن ئەھۋال سوراپتۇ.

— ھەي قاشقىرۋاي! — دەپتۇ تۈلكە ئاران - ئاران نەپەس ئېلىپ، — مەندىن تولا گەپ سورىما، ئېسىڭنىڭ بارىدا ئۆزەڭنى دالدىغا ئال!

ئېيىق بىلەن بۆرە تۈلكىدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپ تۇرۇۋاپتۇ. تۈلكە جاڭگالدا مياۋلاپ يۈرگەن مەخلۇقنى كۆرگەن-لىكىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئېيىق بىلەن بۆرىنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. بۇ ئىككىسى ئۆزلىرىنى جاڭگالنىڭ خوجىسى، ھايۋانلارنىڭ

شايمەن» دەپ ئويلاپ، جان ھەلقۇمىدا ئۆزىنى كەينىگە بىر ئاتقان ئىكەن، ئۇدۇل بېرىپ تۈلكە ياتقان قىسىلچاقنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپتۇ. بۇ ئاجايىپ مەخلۇقنىڭ ئېيىق بىلەن بۆرىنىڭ ئالدىدىكى تاماشىسىنى كۆرىمەن، دەپ شىرىن خىيال سۈرۈپ ياتقان تۈلكە مۈشۈكنىڭ ئۆزىنىڭ ئۈستىدىن چۈشكىنىنى كۆرۈپ، جان - پېنى چىقىدەك قورقۇپ، يۇلقۇنۇپ بىر سەكرەپتىكەن، قىسىلچاقتىن چىقىپ كېتىپتۇ. تۈلكە «پىنھان پانا نەدىسەن!» دەپ نالە قىلغىنىچە قۇيرۇغىنى چاتىرىغىغا قىستۇرۇپ شۇنداق يۈگۈرۈپتىكى، ھاي - ھۇي دېگۈچە كۆزدىن غايىپ بولۇپتۇ. ئىككىنچى قېتىم ئالدىدىن تويۇقسىز سەكرەپ چىققان مەخلۇقنى كۆرگەن مۈشۈك ئۈجۈقۇپ كېتىپتۇ ۋە جان ساقلاش مەقسىدىدە ئاخىرقى ئامالىنى ئىشقا سېلىپ، قارىغايغا يامىشىپتۇ. يوپۇرماقلار ئارىسىدىن ھەممە ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇرغان ئېيىق تۈلكە بىلەن بۆرىنى قورقىتىپ قاچۇرغان بۇ ئاجايىپ مەخلۇقنىڭ ئەمدى ئۆزىگە قاراپ ئۈچقاندەك كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، قورقىنىدىن دەھشەتلىك ھۆكىرىۋېتىپتۇ - دە، نېرى - بېرى ئويلاپ ئولتۇرمايلا ئۆزىنى قارىغايدىن يەرگە تاشلاپتۇ ۋە ئاران دېگەندە ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، «باتۇر بولساڭ قېچىشىنى بىل!» دەپ ئەرسات كۆتىرىپ، ئالدى - كەينىگە قارىماي تىكىۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ ئۈچ زوراۋان بۇ جاڭگالغا يولىماپتۇ. جاڭگال يۇۋاش - مەسۇم كىچىك ھايۋانلارغا قاپتۇ.

— كاتتا ئەقىل بولدى، — دەپتۇ ئېيىق تۈلكىنىڭ تەدبىرىنى قوۋۋەتلەپ.

— قېنى، بۇ چارىنى سىناپ باقايلى، — دەپتۇ بۆرە. ئۇ تۈلكىنىڭ كاززاپلىغىنى بىلىدىكەن. ئالداۋاتامدىكىن، دەپ گۇمان قىلىدىكەن.

شۇنداق قىلىپ، بۇ ئۈچ يىرتقۇچ يوشۇرۇنماقچى بولۇپتۇ. ئېيىق ئىتتىك يۈگۈرەلمەيدىغانلىغىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئالمادىس بىرەر خەۋپ تۇغۇلۇپ قالسا، قاچالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بىر قارىغاي ئۈستىگە چىقىپ، شاخنىڭ دالدىسىغا ئۆزىنى ئاپتۇ. بۆرە ئۇيان - بۇيانىنى ئىزلەپ، قارىغاينىڭ تۈۋىدىكى ئازگالغا چۈشۈپ، ئۈستىگە شاخ - غازاڭلانى يېپىۋاپتۇ. تۈلكىمۇ ھەر ئېھتىمالغا دەپ يوغان بىر قورام تاشنىڭ ئارىسىدىكى قىسىلچاققا كىرىپ يوشۇرۇنۇپتۇ.

بىر ھازادىن كېيىن مۇشۇك بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ جاڭگالدىن چىقىپ كەپتۇ ۋە مەيداندا تۇرغان قوتاز، قوي، قىرغاۋۇللارنى كۆرۈپ، ئاغزىغا سېرىق سۇ يىغىلىپ، يېقىنلاپ كەپتۇ - دە، قوتازنىڭ گۆشىنى چىشلەپ ئۈزەلمەي تۇرغىنىدا، ئازگالدا ياتقان بۆرىنىڭ ئىچى پۇشۇپ، مۇشۇكنى كۆرۈش ئۈچۈن بېشىنى كۆتەرگەن ئىكەن، غازاڭلار شالدىرلاپ كېتىپتۇ. غازاڭلارنىڭ مىدىرلاۋاتقانلىغىنى كۆرگەن مۇشۇك: «غازاڭنىڭ ئاستىدا چاشقان بار ئوخشايدۇ، چىش ئۆتمىگەن گۆش بىلەن ھەپىلەشكىچە، چاشقىنىمنى تۇتمايمەنمۇ» دەپ ئويلاپتۇ - دە، ئازگالغا ئېتىلىپتۇ.

«قوتاز بىلەن قوينىڭ گۆشلىرىگە قانائەت قىلماي، مېنىمۇ قوشۇپ يەۋېتىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىغان بۆرە قورققىنىدىن چىقىراپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ ۋە ئۆلە - تىرىلىشىگە باقماي ئۆزىنى جاڭگالغا ئېتىپتۇ. بۆرىنىڭ تۇيۇقسىز سەكرەپ چىققىنىدىن قورقۇپ كەتكەن مۇشۇك: «ئاپلا، تۇزاققا چۈشۈپ قالغان ئوخ-

ۋە «مايمۇن ئادەمگە ئوخشايدۇ، لېكىن ئۇ قەست قىلىشنى بىلمەيدۇ» دەپ ئويلاپتۇ - دە، دەرھال ئەمىر قىلىپ مايمۇنلاردىن بىرنەچچىنى تۇتقۇزۇپ، ئوردىغا ئالدۇرۇپ كەپتۇ ۋە مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ، مۇھاپىزەتچىلىكنى ئۆگىتىپتۇ. بىر مەزگىل ئۆگىتىش ئارقىلىق چاققان، تېتىك مايمۇنلار بىر ئوبدان مۇھاپىزەتچى بولۇپ يېتىشىپتۇ. كېچىلىرى ئۇلار قوللىرىغا ئۆتكۈر قىلىچلارنى ئېلىپ، پادىشانىڭ كارۋىتىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ، پادىشانى مۇھاپىزەت قىلىدىكەن، ھېچكىمنى پادىشانىڭ يېنىغا يولاتمايدىكەن، بۇنىڭدىن رازى بولغان پادىشا ناھايىتى خۇشال بولۇپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ مايمۇنلارنى مۇھاپىزەتچىلىككە قويغانلىقىدىن پەخىرلىنىپتۇ.

ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە پادىشا چاھار باغدىكى شىپاڭلارنىڭ بىرىنى راسلىتىپ، كېچىسى شۇ يەردە راھەتلىنىپ ئۇخلاپتۇ. ئەتراپىغا نۇرغۇن شام يېقىپ، شىپاڭنىڭ ئىچىنى كۈندۈزدىكىدەك يورۇتۇپتۇ. مايمۇنلار پادىشا ياتقان كارۋاتنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ، قىلىچلىرىنى كۆتەرگەن ھالدا پادىشانى قوروقلاپتۇ. تۈن كېچە بولغاندا، شام ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەن چوڭ بىر پەرۋانە ئۇچۇپ ئەگىپ كېلىپ ئوڭدىسىغا يېتىپ ئۇخلاۋاتقان پادىشانىڭ پېشانىسىگە قونۇپتۇ. ئۆز خىزمىتىنى سادىقلىق بىلەن ئۆتەۋاتقان مايمۇن پەرۋانىنىڭ پادىشانىڭ پېشانىسىگە قونۇۋالغانلىقىنى كۆرۈپ دەرغەزەپكە كەپتۇ - دە، قىلىچىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ، پەرۋانىغا قاتتىق ئۇرغان ئىكەن، پەرۋانە ئۇچۇپ كېتىپ، پادىشانىڭ بېشى تېنىدىن ئاجراپ، مايمۇننىڭ ئالدىغا دومىلاپ چۈشۈپتۇ.

## گۇمانخور پادىشا

قەدىمقى زاماندا بىر پادىشا ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ پادىشالىق سەلتەنىتىنىڭ ئىشىشىغا ئەگىشىپ ھاكاۋۇرلىشىپتۇ. دانىشمەن، ئۆلىمالارنىڭ مەسلىھەتلىرىگە قۇلاق سالماي، يۇرتنى ئۆزى بىلگەنچە سوراپتۇ. كۆڭلىگە ياقمىغان كىچىككىنە ئىشنى كۆرسىلا، باشقىلارنى ئەيىپكار ساناپ ئۆلۈمگە بۇيرۇۋېرىپتۇ. بۇنىڭلىق بىلەن ئۇ ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچلۈك سانايدىكەن، ئەمما قاتتىق قوللۇقنىڭ نارازىلىقنى كۈچەيتىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئۆزىنىڭ ئۆيقۇلۇق ۋاقتىدىكى مۇھاپىزىتىدىن خاتىرجەم بولالماي قايغۇرىدىكەن. ئۇ، ئۆيقۇلۇق ۋاقتىدا سادىق نەۋكەرلىرى، شاتۇر - مۇلازىملىرى، ۋەزىرلىرى، ھەتتا بالىلىرى مۇھاپىزەتچىلىككە قويۇلسىمۇ، ئۇلاردىن گۇمانسىراپ خەۋپسىنىدىكەن. شۇڭا پادىشا كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولۇپتۇ. پادىشا بېشىدىكى بۇ غەمنى ساقىت قىلىپ، خاتىرجەملىككە ئېرىشىشنى ئويلاپ بەك باش قاتۇرۇپتۇ، ياخشى چارە تاپالماپتۇ. ئاخىرى دانىشمەنلەرنى يىغىپ ئۇلاردىن مەسلىھەت ئاپتۇ. دانىشمەنلەر ناھايىتى ياخشى چارىلەرنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما پادىشاغا ياقماپتۇ، بەلكى، ماڭا قەست قىلىپ، تۇزاق قۇرۇۋاتىدۇ، دەپ ئۇلاردىن گۇمانلىنىپتۇ.

بىر كۈنى پادىشا شىكارغا چىقىپ، بۈك - باراقسان ئورمانلىقتىن ئۆتكەندە، شاختىن - شاخقا سەكرەپ، بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئويناپ يۈرگەن مايمۇنلارنى كۆرۈپ ھەۋەس قىلىپتۇ

پۇل ـ پارچەكىلىرىنى بۇزۇپ ـ چېچىۋېتىپتۇ. ئاخىرى سالپىيىپ ئۆيگە قايتىشىپتۇ.

ئاكىلىرىنىڭ قۇرۇق قول قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن قىز دادىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— جېنىم دادا، رۇم شەھىرىگە ئۆزەم باراي. ئاقىۋول تىلەپ دۇئا قىلىڭ! — دەپتۇ.

بوۋاي قىزىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— قىزىم، شۇ دورىنى ئەكىلىپ، كۆزۈمنى ئاچساڭ، سەندىن مىڭ مەرتىۋە رازى بولاتتىم! — دەپتۇ.

قىز قىرىق خېچىرغا ئوزۇق ـ تۈلۈكلەرنى ئارتىپ، ئۆزى يورغا ئاتقا مىنىپ، رۇم شەھىرىگە قاراپ راۋان بوپتۇ. دادىسى قىزغا ئون كېنىزەك قوشۇپ بېرىپتۇ.

ئۇلار كۈنبويى يول يۈرۈپ، دەم ئېلىش ئۈچۈن بىر مەنزىلدە توختاپتۇ. قىز كېنىزەكلىرىگە:

— دوستلىرىم، سىلەرنى دادام قوشۇپ بەرگەن بولسىمۇ، مەن ھەممىڭلارنى ئازات قىلدىم. ئاتا ـ ئانىڭلارنىڭ ئالدىغا قايتىپ بېرىپ، ئەركىن ئويناپ ـ كۈلۈڭلار... — دەپتۇ.

قىز ھەمرالىرىغا نۇرغۇن مال ـ مۈلۈكلەرنى ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپتۇ ـ دە، ئۆزى يالغۇز كېتىۋېرىپتۇ. ئۇ يول يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. بىر چاغدا ئۇنىڭ ئالدىدىن ناھايىتى ھەيۋەتلىك بىر ئەجدىھا چىقىپ قاپتۇ ـ دە، قىزنىڭ ھەممە خېچىرلىرىنى بىر ـ بىرلەپ دەم تارتىپتۇ. لېكىن، قىز بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي كېتىۋېرىپتۇ. ئەجدىھا ھەيران بولۇپ قىزنىڭ يېنىغا بېرىپ سوراپتۇ:

— ھەي ئادىمىزات، ھەممە مېلىڭنى يىدىم، قاراپمۇ قويمىدىڭ، بۇنىڭ ۋەجى نېمە؟

— سەن ئاچ ئىكەنسەن، رەھىم قىلدىم، — دەپتۇ قىز، —

# باتۇر قىز

قەدىمقى زاماندا بىر بوۋاي ئۆتكەن ئىكەن، ئۇنىڭ ئالتە ئوغلى، بىر قىزى بولغان ئىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى كەنجى ئوغلى سەپەرگە چىقىپ كېتىپتۇ. ئارىدىن ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ، قايتىپ كەلمەپتۇ. ئاتىسى ئۇنىڭ دەردىدە كۆيۈپ - پىشىپ يىغلاپ، ئاخىرى ئىككى كۆزى ئەما بولۇپ قاپتۇ.

بوۋاينىڭ كۆزىنى داۋالىغىلى كەلگەن تېۋىپ:

— يىراق رۇم شەھىرىدە بۇنىڭ دورىسى بار. شۇ دورىدىن ئېلىپ كېلىپ كۆزىڭىزگە سۈرسە، كۆزىڭىز روشەنلىشىدۇ، — دەپتۇ.

بوۋاي ئوغۇللىرىنى چاقىرىپ:

— باللىرىم، كىم ماڭا مېھرىبان بولسا، رۇم شەھىرىدىن كۆز دورىسى ئېلىپ كېلىدۇ. قېنى ئېيتىڭلار، يول راسخودى ئۈچۈن نىمە تەلەپ قىلىسىلەر؟ — دەپتۇ.

— ھەي دادا، پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا، پۇللا بولسا كۆزىڭىزنى ئاچىمىز، — دېيىشىپتۇ ئوغۇللار.

بوۋاي ئۇلارغا يېتىپ - ئاشقىدەك ئالتۇن - كۈمۈچ بېرىپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

بەش ئوغۇل رۇم شەھىرىگە قاراپ كېتىشىپتۇ. ئۇلار شۇ ماڭغانچە داپ داراڭلىغان، ئىشەك ھاڭرىغان يەرلەردە يۈرۈپ

— مۇغەمبەرلىك قىلىۋاتىسەن مەيلى ساڭا ئىشىنەي، لېكىن ماڭا ئەنەدىرخانىنىڭ قىزىنى ئەپكىلىپ بەرسەڭ، دورىنى بېرىمەن ۋە سېنىمۇ ئازات قىلىمەن، بولمىسا بېشىڭنى توك سويىمىدەك ئۈزىمەن!

— ئوبدان، — دەپتۇ قىز تازىم قىلىپ، — قىرىق كۈنلۈك مۆھلەت بېرىڭ!

قىز قىرىق كۈنلۈك مۆھلەت ئېلىپ ئەجدىھانىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ.

— ئەي ئادىمىزات، نىمە قىلىپ قويدۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ئەجدىھا.

— ھەر ئىككىلا دورىنى ئالىمەن دەپ قولغا چۈشتۈم، تىلسىم قىلىنغان ئىكەن، — دەپتۇ قىز.

— بولغۇلۇق بوپتۇ، يۈر، كەتتۇق، — دەپتۇ ئەجدىھا ۋە قىزنى ئۈستىگە مىندۈرۈپ ھەش - پەش دېگىچە ئەنەدىرخانىنىڭ شەھىرىگە يېتىپ بېرىپتۇ.

ئەجدىھا قىزغا:

— خان قىزى بىر ئۇخلىغاندا قىرىق كۈن ئۇخلايدۇ، ئۇ ئوتتۇز توققۇز كۈندىن بۇيان ئۇيقۇدا. ئەتە تاڭ ئاتسا ئويغىنىدۇ. قىزنىڭ ئالدىغا كىرگىنىڭدە ئۆزىگە تەگسەڭ، رومىلىغا تەگمە، رومىلىغا تەگسەڭ، ئۆزىگە تەگمە. قىزنىڭ ھوجرىسىغا كىرىشتە ئىككى ئۆي بار، ئۆيلەرگە لىقمۇ - لىق پاختا بېسىلغان، قويۇن ۋە يانچۇقلىرىڭغا پاختىنى تولدۇرۇۋالغاندىن كېيىن، مەلىكە ياتقان ئۆيگە كىرگىن. ھەر بىر پەلەمپەينىڭ ئىككى يېنىغا قوڭغۇراقلار ئېسىلغان، قوڭغۇراقلارنىڭ ئىچىگە پاختا تىقىۋەت، جاراڭلىمايدۇ. شۇ چاغدا بىمالال كىرەلەيسەن ۋە مۇرادىڭغا يېتىسەن، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ.

قىز يانچۇقلىرىغا پاختىلارنى تولدۇرۇپ، قوڭغۇراقلارنىڭ ئىچىگە پاختا تىقىپتۇ - دە، مەلىكە ياتقان ئۆيگە كىرىپتۇ. مە-

ئۇنداق بولمىغاندا سەن بىلەن ئېلىشاتتىم. بۇ بىر؛ ئىككىنچىدىن
دادام قارىغۇ بولۇپ قالغان. رۇم پادىشاسىنىڭ غەزنىسىدە بى
دورا بار ئىكەن، شۇنى ئېلىپ كېلىپ دادامنىڭ كۆزىنى
ئاچماقچىمەن.

— ھەي ياخشى دادىنىڭ ياخشى بالىسى، ئۇنداق بول
ئۇستۇمگە مىن! — دەپتۇ ئەجدىھا، — ياخشى نىيەت بىلەن يول
چىققانلىغىڭ ئۈچۈن، رۇم شەھىرىگە ئۆزەم ئاپىرىپ قويىمەن.

قىز ئەجدىھانىڭ ئۇستىگە مىنىپتۇ ۋە بىردەمدىلا رۇم شەھ
رىگە يېتىپ بېرىپتۇ.

— ھازىر قاراۋۇللار ئۇخلاۋاتىدۇ. دورىخانىغا قورقماستىن
كىرىۋەرگىن، دورىخانىدا شىشىدىمۇ، قەغەز قۇتىدىمۇ دورا بار.
قۇتىدىكى دورىنى ئالساڭ، شىشىدىكى دورىغا قول تەككۈزمە، شى
شىدىكى دورىنى ئالساڭ، قۇتىدىكى دورىغا قول تەككۈزمە! — دەپتۇ.

قىز ئەجدىھانىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ غەزنىگە
كىرىپتۇ. غەزنىدىن دورىخانىغا ئۆتۈپتۇ. شىشىدىكى ۋە قۇتىدىكى
دورىلار بىر - بىرىدىن خۇشپۇراق ئىكەن. قىز قايسىسىنى ئېلىش
نى جەزىم قىلالماي ئۇزاق ئويلىنىپتۇ. شىشىدىكىنى ئالاي دىسە
قۇتىدىكى ئېسىل دورىدەك، قۇتىدىكىنى ئالاي دىسە
شىشىدىكىسى خۇشپۇراقلىق، شىپالىقتەك بىلىنىپ، ئاخىرى تە
ۋەككۇل دەپ ئىككىلا دورىنى تەڭ ئاپتۇ.

بىردىنلا ئاجايىپ-غارايىپ گۈلدۈرلىگەن ئاۋازلار ئاڭلىنىپ
قىز بەنت بولۇپ قاپتۇ. قاراۋۇللار ئۇنى تۇتۇۋېلىپ شاھ ھوزۇر
غا ئېلىپ كىرىپتۇ.

— غەزنەمگە نېمىشكە ئوغرىلىققا چۈشتۈڭ؟ — دەپ
سوراپتۇ شاھ.

— دادام كۆرمەس بولۇپ قېلىۋىدى، دورىغا كەلگەن ئىدىم
ئىجازىتىڭىزنى ئالمايلا كىرىپ قاپتىمەن، كەچۈرۈڭ! — دەيتۇ قىز

بىر كېچە - كۈندۈزدە كوھىقاپقا يېتىپ بېرىپتۇ. جادىگەرنىڭ ئاتخانىسى كوھىقاپ ئېغىزىنىڭ يېنىدا ئىكەن.

— جادىگەر ئۇخلىماقچى، — دەپتۇ ئەجدىھا. — مۇشۇ يەردىن لەخمە كولاپ، ئوقۇر تېگىدىن بېشىڭنى چىقار، ئات سېنى كۆرۈپ كىشنەۋېتىدۇ. جادىگەر «ئادەم پۇرىغى كېلىۋاتىدۇغۇ» دەپ تۆت تەرەپكە يۈگۈرىدۇ، تاپالماي كېلىپ جايىدا ياتقاندا، يەنە بېشىڭنى چىقار، تۇلپار تېخىمۇ قاتتىق كىشنەيدۇ، جادىگەر يەنە سېنى ئىزلەيدۇ، تاپالمىغاندىن كېيىن «ھەي نائىنساپ ئالدامچى، مېنى ئىككى قېتىم تەشۋىشكە سالدىڭ. يەنە شۇنداق قىلساڭ سېنى يەيمەن!» دەيدۇ - دە، ياتقىلى چىقىپ كېتىدۇ، سەن شۇ چاغدا پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئوقۇردىن چىقىپ: «ئەي، زاتى ئۇلۇغ تۇلپار، سۇ ئورنىغا سۈت. يەم ئورنىغا كىشمىش بېرىپ باقىمەن. بۇ زالىم قولىدا ئازاپ چېكىپ ياتقىچە مەن بىلەن كەت» دېسەڭ، ئات بېشىنى ئېگىپ جىم تۇرىدۇ. ئوقۇرنىڭ يېنىدا ئالتۇندىن ئىشلەنگەن ئىگەر - جابدۇغى بار. دەرھال ئىگەرلەپ، تۇلپارنى مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كەل...

قىز ئەجدىھانىڭ ئېيتقانلىرىنى تولۇق بېجىرىپ، ئاخىرى تۇلپارنى ئەجدىھانىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. ئەجدىھا قىز بىلەن تۇلپارنى كۆتىرىپ ئۇچۇپ، ئەنەدىرخاننىڭ شەھىرىگە ئېلىپ كەپتۇ ۋە قىزغا:

— ئەي قىز، بۇ تۇلپارنى ئۆزەڭ ئال، مەن دومىلاپلا مۇشۇنداق تۇلپارغا ئايلىنىمەن، سەن مېنى خانغا بەر، خان قىزىنى ساڭا بېرىدۇ، سەن مەلىكىنى ئېلىپ كېتىۋەرگىن، مەن ئارقاڭدىن بارىمەن، — دەپتۇ.

قىز ماقۇل بولۇپتۇ. ئەجدىھا بىر دومىلاپلا تۇلپارغا ئايلىنىپتۇ، قىز ئۇنى خانغا تەقدىم قىلىپتۇ.

لىكە تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئىكەن. قىرىق كىنىزەك ئۇنىڭ يېنىدا
پايلاقچىلىق قىلىپ ياتقان ئىكەن، ئۇلارمۇ غەرق ئۇيىقۇدا بو
غاچقا قىزغا ئىش ئوڭ كەپتۇ. مەلىكىنىڭ بېشىدا جۇلالىنى
تۇرغان يوغان بىر رەڭدار رومال بار ئىكەن، قىز قارىسا، روما
مەلىكىدىن چىرايلىق تۇرغىدەك.
قىز مەلىكىنىمۇ، رومالنىمۇ تەڭلا كۆتىرىپتۇ.
بىردىنلا ھەيۋەتلىك گۈلدۈرلەش كۆتىرىلىپ، ئەتراپ تە
رەپ كېتىپتۇ. ئىشىكلەر يېپىلىپ قىز بەنت بولۇپ قاپتۇ. كىنىزە
لەر ئويغىنىپ قىزنى تۇتۇۋاپتۇ. بۇ يەرمۇ تىلسىم قىلىنغا
ئىكەن. قوللىرى قايرىپ باغلانغان قىز خان ھوزۇرىغا كەلتۈرۈ
لۈپتۇ. غەزەپلەنگەن خان:
— نىمە سەۋەپتىن قىزىمنى ئوغرىلىماقچى بولدۇڭ؟ — دە
ۋاقىراپتۇ.
— دادام كۆرمەس بولۇپ قالغان، دورا ئىزلەپ
رۇم شەھىرىگە كەلگەن ئىدىم، قولغا چۈشۈپ قالدىم. رۇم پادىشا
سى: «ئەنەدىرخاننىڭ قىزىنى ئېلىپ كەلسەڭ، دورا بېرىمەن
بولمىسا بېشىڭنى سويىمدەك ئۈزىمەن» دىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن
كەلگەن ئىدىم، — دەپتۇ قىز.
— سۆزۈڭگە قارىسام، راستچىل كۆرۈنىسەن، كۆنۈپ بېتىش
تەرەپتە كوھقاپ دىگەن جاي بار، — دەپتۇ خان، — ئۇ يەرد
بىر جادىگەر ياشايدۇ. ئۇنىڭ بىر قارا تۇلپار ئېتى بار، شۇنى
ئېلىپ كەلسەڭ قىزىمنى بېرىمەن، بولمىسا تېرەڭنى شىلىمەن
— ياخشى، بولىدۇ، — دەپتۇ قىز، — قىرىق كۈنلۈك
مۆھلەت بېرىڭ!
— مەيلى بار، تۆت كۈن مۆھلەت بەردىم، — دەپتۇ خان.
قىز ئەجدىھانىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە بولغان ۋەقەنى بىر-
مۇ - بىر سۆزلەپ بېرىپتۇ.
ئەجدىھا قىزنى ئۈستىگە مىندۈرۈپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار

كەنجى ئوغلى ئىكەن. بوۋاي:

— ئاھ، ئوغلۇم! كۆز نۇرۇم! — دەپ ئۇنى باغرىغا بېسىپتۇ.

ھەممەيلەن خوشال كۆرۈشۈپتۇ. بوۋاي بالىلىرىنىڭ ساق - سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكى، كۆزىنىڭ ئېچىلغانلىقى شەرىپىگە ئەلگە چوڭ چاي بېرىپتۇ. چايدا ئوغلىدىن:

— قېنى ئوغلۇم، باشتىن ئۆتكەن قىسمەتلەرنى سۆزلەپ بەر! — دەپ سوراپتۇ.

— مەن ئۆيدىن ئايرىلىپ، بوراندا قېلىپ يولدىن ئاداشتىم ۋە ئەنەدىر خاننىڭ شەھىرىگە بېرىپ قالدىم. ئۇ مېنى كوھقاپقا ئەۋەتتى. جادىگەرنىڭ تۇلپارىنى ئېلىپ كېلىمەن دەپ، جادىگەرنىڭ قولىغا چۈشتۈم. ئۇ مېنى ئەجدىھاغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئاتا - ئانىسىغا مېھرى - مۇھەببىتى چەكسىز بولغان، ئۇلارنى دەپ جېنىنى ئايىمىغان ئوغۇل ياكى قىزنىڭ جاسارىتى مېنى بۇ سېھىردىن خالاس قىلالايتتى. جېنىم دادا، مەن ئۇزۇن كۈتتۈم، پەقەت سىڭلىملا باتۇر چىقتى، ئۇ سىزنى دەپ كۆپ جاپالارنى چەكتى، ئۆلۈم ئالدىدىمۇ سىزگە بولغان چەكسىز ساداقىتىنى، بالىلىق بۇرچىنى ئادا قىلدى، ۋەدىسىنى ئورۇنلىدى. ئۇنىڭ جاسارىتى مېنى جادىگەرنىڭ سېھىرىدىن قۇتقۇزدى، — دەپتۇ ئوغلى.

پۈتۈن جامائەت بوۋاينىڭ قىزىغا ۋە كەنجى ئوغلىغا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. كەنجى يىگىت ئەنەدىر خاننىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپتۇ. ھەممەيلەن بەختلىك ياشاپتۇ.

خان قىزىنى بېرىپتۇ، قىز بىلەن مەلىكە تۇلپارغا مىنىپ
رۇم شەھىرىگە راۋان بولۇپتۇ.

ئەنەدىرخان تۇلپارنى ئېگەرلەپ، ئالتۇن ئۈزەڭگىگە سو
ئايىغىنى قويۇپ، ئوڭ ئايىغىنى يەردىن ئەمدىلا كۆتىرىپتىكەن
تۇلپار چىۋىنگە ئايلىنىپ كۆزدىن غايىپ بولۇپتۇ. خان دات
پەريات كۆتىرىپ، ساقىلىنى يۇلۇپ قاپتۇ...

ئەجدىھا ھايال ئۆتمەي قىزلارغا يېتىشىۋاپتۇ
ئۇلار رۇم شەھىرىگە يېتىپ بېرىپتۇ. ئەجدىھا يەنە بىر يۇمۇل
غان ئىكەن، ئەنەدىرخاننىڭ مەلىكىسىدىنمۇ چىرايلىق بىر قىز
ئايلىنىپ قاپتۇ.

— مېنى شاھقا تەقدىم قىلىپ، دورىلارنى ئېلىپ كېتى
ۋېرىڭلار! — دەپتۇ ئەجدىھا.

قىز ئۇنى رۇم شاھىغا بېرىپ، دورىنى ئېلىپ، ئۆز يۇرتى
غا راۋان بولۇپتۇ.

ئەمدى رۇم شاھىغا كەلسەك. شاھ ئەلگە چوڭ توي بېرىپتۇ.
توي راسا قىزىپ ئەۋجىگە چىققاندا قىز بىر دومىلاپ كومۇتىغا
ئايلىنىپ كۆزدىن غايىپ بولۇپتۇ. توي ھازىغا ئايلىنىپتۇ...

ئەجدىھا بىردەمدىلا قىزلارغا يېتىشىۋاپتۇ ۋە ئىككى قىزنى،
تۇلپارنى ئۈستىگە مىندۈرۈپ، قىزنىڭ يۇرتىغا يېتىپ كەپتۇ.
قىز دادىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ، دادىسىنىڭ كۆزىگە دورىنى
سۈركىگەن ئىكەن، دادىسىنىڭ كۆزى روشەن ئېچىلىپ، يورۇق
دۇنيانى يېڭىۋاشتىن كۆرۈپتۇ.

— جېنىم قىزىم، كۆزۈمنىڭ نۇرى! — دەپ قىزىنىڭ
پېشانىسىدىن سۆيۈپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئەجدىھا بىر سىلكىنگەن
ئىكەن، ئۈستىدىكى قاسراق - تېرىلىرى سىيرىلىپ چۈشۈپتۇ - دە،
چىرايلىق، قاۋۇل بىر يىگىت پەيدا بولۇپ قاپتۇ. دادا - بالا
ھەيران بولۇپ قارىسا، بۇ يىگىت قىزنىڭ ئاكىسى، بوۋاينىڭ

دىن ئىمىگە قورقاي، — دەپتۇ ۋە مىيىغىدا كۈلۈپتۇ. قىز بۇ ئىنساننىڭ ئۆزىدىن قورقمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بېشىنى بىرلا سىلكىپ، چاچلىرىنى چۇۋۇپ يەرگە چۈشۈرۈپ، تىلىنى بىر غېرىچ ساڭگىلىتىپتۇ.

— چاچ يەنىلا چاچقۇ، — دەپتۇ مەنسۇر ئەللاجى تەمكىنلىك بىلەن. — چۇۋۇلغان چاچنى ئۆيدە خوتۇنۇمدىمۇ كۆرگەنمەن، بۇنداق ساڭگىلىغان تىلنى بولسا، ئىتلاردىمۇ كۆپ كۆرگەنمەن. بۇنىڭ نىمە قورققۇچىلىقى بار.

جىن مەنسۇرنىڭ ئۆزىدىن قورقمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بىر چىقىراپتۇ - دە، بېشىنى يۇلۇۋېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلاپتۇ، باشسىز گەۋدە ئۆرە تۇرغىدەك.

— ھەببەللى. مانا. بۇمۇ بىر ئىش بولدى. شۇ كۆرۈمسىز، سەت بېشىڭنىڭ بارىدا قورقمىدىمۇ، ئەمدى ئۇنى يۇلۇۋەتسەڭ قورقامدىم؟ — دەپتۇ مەنسۇر ئەللاجى.

ھېلىقى قىز سىياقىدىكى مەخلۇق بۇ ئىنساننىڭ ئۆزىدىن قورقمىغانلىقىدىن ئۆزى قورقۇپتۇ. باشقا ھىلە - مىكىرلىرىنى قىلىشقا پېتىنالماي غايىپ بوپتۇ. مەنسۇر ئەللاجى خاتىرجەم ئۇخلاپ تاڭ ئاتقۇزۇپتۇ.

ئەتىسى ئاغىنىسى مەنسۇر ئەللاجىدىن سوراپتۇ:

— ئاغىنە، ئاخشام قانداقراق ئۇخلىدىڭ؟

— قانداق بولاتتى، — دەپتۇ مەنسۇر ئەللاجى. — ھوزۇرلىنىپ ئۇخلىدىم. قورققانغا قوش كۆرۈنەر. قورقمىساڭ نىمە كۆرۈنەر؟!

«قورققانغا قوش كۆرۈنەر» دىگەن ماقال شۇ مەنسۇر ئەللاجىدىن قالغان ئىكەن.

# جىننى قورقۇتقان مەنسۇر ئەللاجى

قەدىمقى زاماندا مەنسۇر ئەللاجى دىگەن بىر كىشى ئۆ
كەن ئىكەن، ئۇ دائىم «مىنەلىمۇ ھەق، مەنىمۇ ھەق» دىگەن
تەرغىپ قىلىپ، جىندىن قورقۇشنىڭ نىمە كارايىتى بار، دە
سۆزلەپ يۈرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەنسۇر ئەللاجى سەپەرگە چىقىپ، يو
ئۈستىدە بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپتۇ. كۈن ئىس
بولغاچقا ئاغىنىسى مەنسۇر ئەللاجىنى بېغىنىڭ شىپىڭىدا مېھما
قىپتۇ: كەچ كىرگەندە. ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىدە ئورۇن - كۆرپە
لىشقا تەمشىلىۋاتقانلىغىنى كۆرگەن مەنسۇر ئەللاجى دەپتۇ:

— ئاۋارە بولما، ئاغىنە. ئېغىر كۆرمەي، بىر كۆرپە بىلەن ب
ياستۇق ئەپچىقىپ بەر، مۇشۇ شىپاڭدا ئۇخلاپ قالاي.

— ياق. ياق دوستۇم، شىپاڭدا ئۇخلاشقا بولمايدۇ، ب
يەردە جىن بار، — دەپتۇ ئاغىنىسى.

— جىندىنمۇ قورقامدىكەن، — دەپتۇ مەنسۇر ئەللاجى ۋە
ئاغىنىسىنىڭ دەۋىتىگە ئۇنىماي شىپاڭدا ئۇخلاپتۇ.

يېرىم كېچىدە ئەللاجى ئويغىنىپ كېتىپتۇ. قارىسا، ئالدىدا
قىپ - قىزىل چاچلىرىنى تاشلاپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ
بىر مەخلۇق تۇرغىدەك، كىرپىك قاققىچە ئۇ مەخلۇق ساھىپجا
مال قىزغا ئايلىنىپتۇ. بۇنى كۆرگەن مەنسۇر ئەللاجى:

— سەتلىكتىن ئۆزگىرىپ سەتەڭ بولدۇڭ، ئەمدى سەن

— مەن سىنى مۇساپىركەن، دەپ ئىچ ئاغرىتىپ نەچچە
ئايدىن بۇيان ئاش - تۇز بىرىپ باقسام، بۇگۇنزە ماڭا ئۆكتەم-
لىك قىلماقچى بولۇۋاتامسەن؟ ماڭ، بۇ يەردىن يوقال، بولمىسا
كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن! — دەپ دوق قىلىپتۇ يولۇچى.

شۇنچە قىلغان ياخشىلىقىغا يامانلىق كۆرگەن قويچى يولۇ-
چىنىڭ گىپىنى ئاڭلاپ بىشىدىن تۇتۇن چىققاندەك بولۇپتۇ ۋە
ئۇنىڭ بىلەن زاكۇنلىشىپتۇ. جىدەل بارغانسىرى چوڭىيىپتۇ.
ئاخىرى ئۇلار ياقا سىقىشىپ پادىشانىڭ هوزۇرىغا دات ئىيتىشىپ
كىرىشىپتۇ. پادىشا ۋەزىرلىرىگە بۇلارنى ئايرىم - ئايرىم سوراق
قىلىشقا ئەمىر قىلىپتۇ. سوراقتا هەر ئىككىسى مال - دۇنيالىرىنىڭ
سانىنى ئوخشاش مەلۇم قىلىپ بىرىپ - بىرنى ئەيىپلەپتۇ. مال-
نىڭ كىمنىڭ ئىكەنلىكىگە جەزىم قىلالمىغان ۋەزىرلەر ئەهۋالنى پادى-
شاغا مەلۇم قىلىپتۇ. پادىشا بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كىيىن، پادى-
چىنى چاقىرتىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن:

— قوتىنىڭنىڭ ئىچىدىكى قىغىنىڭ چوڭقۇرلۇغى قانچىلىك؟
كەپەڭنىڭ ئاستىغا نىمىلەر قويۇلغان؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قىغىنىڭ چوڭقۇرلۇغى تەخمىنەن بىر غىرىچ ئۆچلىك
كىلىدۇ، كەپىنىڭ ئاستىغا هىچنىمە قويۇلمىغان، — دەپ جاۋاپ
بىرىپتۇ پادىچى.

پادىشا يولۇچىنى چاقىرتىپ ئۇنىڭدىنمۇ قويچىدىن سور
غان سوئالنى سورىغان ئىكەن، يولۇچى:

— قىغىنىڭ چوڭقۇرلۇغى تەخمىنەن تۆت ئىلىك كىل
كەپىنىڭ ئاستىغا ياغاچ قويۇلغان، — دەپ جاۋاپ بىرىپتۇ.

ئىككىسىنىڭ جاۋابىنىڭ ئوخشاش چىقمىغانلىقىدىن گ
لانغان پادىشا دەرهال ئادەم ئەۋەتىپ، قويچىنىڭ قوتىنى ۋ
پىسىنى تەكشۈرتۈپتۇ. نەتىجىدە، قويچىنىڭ جاۋابى توغرا
چىقىپتۇ. پادىشا يولۇچىنىڭ ۋاپاغا جاپا قىلىپ قوي

# قويچى بىلەن قاراقچى

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن. بۇرۇنقى
زاماندا بىر يۇۋاش، مۆمىن قويچى ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ مەھەل
لىمدىن يىراقىراق بىر تاغ باغرىدا كەپە تىكىپ، شۇ يەردىكى
يايلاقتا قوي بېقىپ تىرىكچىلىك قىلىدىكەن. ئۇ تۇرغان جايغ
كىشىلەر ناھايىتى ئاز كېلىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە قويچى ماللىرىنى يايلاقتا قويۇۋېتىپ
نەي چېلىپ ئولتۇرسا، تاغ ئارىسىدىن بىر يولۇچى چىقىپ كەپ
تۇ. پادىچى ئۇنىڭ بىلەن سالام - سائەت قىلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ ۋە:

— بۇ يەرگە قانداق قىلىپ كېلىپ قالدىڭلا، سەپەرلىرى
قاياقتىكىن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن تىجارەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزىمەن، مال ئالغىلى
چىقىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم، — دەپتۇ يولۇچى.

قويچى ئۇزۇن مۇددەت يالغۇز ئۆتكەچكە ئادە
سېغىنىپ قالغان ئىكەن، شۇڭا يولۇچى بىلەن پاراڭ
لىشىپ ئۇنى - بۇنى سوراپتۇ. پاراڭدىن - پاراڭ چىقىپ گەپ
ئۇزىراپ كېتىپ قاراڭغۇ چۈشۈپتۇ. يولۇچى قويچىدىن بىر كې
چە قوندۇرۇپ قېلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. قويچى ماقۇل كەپتۇ.

ئەمما، كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. يولۇچىنىڭ بۇ يەردىن ھېچ كەتكۈسى
يوقمىش. يولۇچىنىڭ قاشاڭلىق قىلىپ تۇرۇۋېلىۋاتقانلىقىدىن غۇم
دىغان قويچى يولۇچىغا بىر كۈنى يولنى يۆرۈتۈپ گەپ ئېچىپتۇ

# بوغا تىپىۋېلىش

بۇرۇنقى زاماندا نۆدەر ئىسىملىك بىر بالا ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ ئەتىدىن ـ كەچكىچە يولدىن بىرنىمە تېپىۋېلىشنى ئويلايدىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئېشەك هارۋىسىنى هەيدەپ بازارغا مېڭىپتۇ. يېرىم يولغا بارغاندا ئېشەك بىرنەرسىگە پۈتلاشقاندەك قىپتۇ، نۆدەر هارۋىنى توختىتىپ قارىسا، يولدا بىر دانە بوغا تۇرغۇدەك. ئۇ هارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپتۇ ـ دە، بوغىنى قولىغا ئېلىپ: «پاھ ـ پاھ، ماۋۇ ئامەتنى كۆرۈڭ، يېپ ـ يېڭى بوغىكەن ئەمەسمۇ! بۇنى سېتىپ پۇل قىلىدىغان بولدۇم!» دەپتۇ ۋە بوغىنى هارۋىغا تاشلاپ يولىغا راۋان بوپتۇ. نۆدەر بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن: «بوغىنىڭ ئىگىسى ئۇچراپ قېلىپ، ئۇنى تونۇۋالمىسۇن يەنە» دەپ ئويلاپ، بوغىنى تاغارغا سېلىپ ئۆزى تاغارنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇۋاپتۇ. ئۇ يولبويى شىرىن خىياللارغا چۆمۈپتۇ.

نۆدەر بازارغا يېقىنلاشقاندا تونۇش بىر بوۋايغا ئۇچراپتۇ.

ــ هە، بازارغا مېڭىپسەندە؟ ــ دەپتۇ بوۋاي ۋە هەيران بولۇپ ۋاقىراپتۇ، ــ هوي، ئېشىگىڭنىڭ بويىندا بوغا يوققۇ؟

نۆدەر ئېشەكنىڭ بويىنغا قارىسا بوغىسى يوق تۇرغۇدە
ئۇ تاغاردىكى بوغىنى ئېلىپ قاراپ باقسا، ئۆزىنىڭ بوغ
ئىكەن. نۆدەر بىر بوغىغا، بىر ئېشەكنىڭ بويىنغا قاراپ ئا
بىلەن: «پايدا ئالىمەن دەپ ئويلاپ، زىيان تارتىپتىمەن.
گىمىنىڭ بويىندىكى يېغىرنى داۋالىتىش ئۈچۈن پۇل ك
بولدى» دەپتۇ.

ئۇنىڭ مۈلكىنى قەستلىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى «مۇتىھەم قاراقچى» دەپ قاراپ، چالما كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ. پادىچىنىڭ ئاق نىيەت، مېھماندوستلۇغىنى ماختاپ، ئۇنى تارتۇقلاپتۇ.

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، «مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك» دىگەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالغان ئىكەن.

ياخشى مۇراببايىم بار ئىدى، شۇنى سىلىگە ئامانەت قويۇشقا كېلىۋىدىم، — دەپتۇ.

— سىلىنىڭ بۇ ئامانەتلىرىگە چىۋىنمۇ قوندۇرمايمەن، — دەپتۇ ھېلىم باي، — سىلى خاتىرجەم بولۇپ سەپەرلىرىگە مېڭىۋەرسىلە.

سېلىم زەرگەرنىڭ كۆڭلى ئارام تېپىپ يولغا راۋان بولۇپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. سېلىم زەرگەردىن خەۋەر كەلمەپتۇ. ھېلىقى كوزا ھېلىم باينىڭ ئۆيىدىكى ئويۇقتا توپا بېسىپ تۇرۇپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېلىم باي تەكىگە يۆلىنىپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ، كوزىغا كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇ: «بۇ كوزىدا راستىنلا مۇراببا بارمىدۇ؟ مۇراببا يەيدىغان نەرسە تۇرسا، شۇنىمۇ ئامانەت قويامدۇ؟» دەپ ئويلاپ قوسىقىغا جىن كىرىپتۇ ۋە ئويۇقتىكى كوزىنى ئېلىپ، ئاغزىنى ئېچىپ كۆرۈپتۇ. كوزا مۇراببا بىلەن لىقمۇ-لىق ئىكەن. ھېلىم باي مۇراببانى كوزىدىن ئېلىۋېتىپ قارىسا، كوزىنىڭ تېگىدە كۈمۈش تەڭگىلەر كۆز چاقنىتىپ تۇرغۇدەك. خوشاللىقىدىن ھېلىم باينىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپتۇ ۋە «بىكارغا پۇل تاپساڭ ساناپ ئال دەپتىكەن» دىگىنىچە تەڭگىلەرنى ساناشقا كىرىشىپتۇ. تەڭگىلەر كەممۇ ئەمەس، ئارتۇقمۇ ئەمەس يۈز دانە ئىكەن. ھېلىم باي دەرھال تەڭگىلەرنى ھەميانىغا تىقىپتۇ. كوزىنى يېڭى مۇراببا بىلەن لىقمۇ-لىق توشقۇزۇپ، ئاۋالقى جايىغا ئېلىپ قويۇپتۇ.

يىل ئۆرۈلۈپ، بىركۈنى سېلىم زەرگەر يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ. ھاردۇغىنى چىقارغاندىن كېيىن ھېلىم باينىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. ھېلىم باي سېلىم زەرگەرگە ئامانىتىنى تاپشۇرۇپتۇ. زەرگەر رەھمەت-تازىم قىلىپ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ-دە، كوزىنى ئېچىپ قارىسا، كۈمۈش تەڭگىلىرى يوق تۇرغۇدەك. سېلىم زەرگەر ئەلەم بىلەن ساقىلىنى چىشلەپتۇ. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ

# بالا پادىشا

قەدىمقى زاماندا بىر يۇرتتا ھېلىم، سېلىم ئاتالىق ئاكا ـ ئۇكا ئۆتكەن ئىكەن. بۇلار يېتىم بولغاچقا، بەكمۇ ھەسـال ئۆتۈپتۇ. ھېلىم ئوقەت قىلىپ پۇل تېپىپ باي بولۇپتۇ. سېلىـ بىر ھۈنەرۋەنگە شاگىرت بولۇپ كىرىپ زەرگەرلىكنى ئۆگىنىپتۇ. بۇلار بىر ـ بىرىنى دائىم ئىزلىشىپ ـ يوقلىشىپ تۇرىدىكەن.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە سېلىم زەرگەر ياقا يۇرتقا سەپەرگـ چىقماقچى بولۇپتۇ. ئۇنىڭ زەرگەرلىك قىلىپ تاپقان ئاز ـ تولا ئالتۇن ـ كۆمۈشلىرى بار ئىكەن. ئېھتىيات يۈزىسىدىن يۈز سەر كۆمۈش تەڭگىسىنى ئايرىپ ھېلىم بايغا ئامانەت قويماقچى بولۇپتۇ. لېكىن شۇنداقلا ئايرىپ ئامانەت قويۇشقا كۆڭلى ئۇنىماپتۇ. سېلىم زەرگەر ئۇنداق ئويلاپ، بۇنداق ئويلاپ، ئاخىرى بازاردىن تۆت پۇلغا بىر كوزا سېتىۋاپتۇ ـ دە، ھېلىقى كۆمۈش تەڭگىلىرىنى شۇ كوزىغا ساپتۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇراببا قاچىلاپ، كو- زىنىڭ ئاغزىنى مەھكەم ئېتىپ، ھېلىم ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ.

ھېلىم باي سېلىم زەرگەرنى تەۋەززۇ بىلەن كۈتۈۋاپتۇ ۋە تۆرگە چىقىرىپ ئالدىغا مەزە قويۇپتۇ. بۇلار ھال ـ ئەھۋال لىشىپ، سودا ـ ئوقەت ئىشلىرىدىن پاراڭ ـ سۆھبەت قىلىشقاندىن كېيىن سېلىم زەرگەر:

— بۈگۈن سىلىنى يوقلىغاچ ھوزۇرلىرىغا بىر ھاجەت بىلەن كېلىپ قالدىم، بىراۋنىڭ ھاجىتىدىن چىقماقلىق ئۇلۇغ ئىشتۇر، مەن سەپەرگە چىقماقچى بولۇۋاتىمەن. مانا، مۇنۇ كوزىدا ناھايىتى

ئاخىرى پادىشاغا ئەرز قىپتۇ.

پادىشا سېلىم زەرگەرنىڭ ئەرز - دادىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «بۇلار ئىككىسى ئاكا - ئۇكىلار، يەنە كېلىپ ئىككىسىلا يۇرتنىڭ ئابرويلۇقلىرى، بۇلارنىڭ دەۋا - دەستىگىنى قىلىنى قىرىققا يېرىپ بولسىمۇ ئادىل بىر تەرەپ قىلمىسام يۇرتتا ئابرويۇم تۆكۈلىدۇ» دەپ ئويلاپتۇ - دە، سېلىم زەرگەرنى هازىرچە ئۆيىگە قايتىشقا بۇيرۇپتۇ.

ئاڭغىچە بۇ خەۋەر دىۋاندىن ئوردىغا، ئوردىدىن پۈتۈن شەهەرگە تاراپتۇ.

پادىشا دانىشمەن - ئۆلىمالاردىن بۇ دەۋانى قانداق مۇۋاپىق هەل قىلىش توغرىسىدا مەسلىهەت سوراپتۇ. لېكىن ئۇلار كۆڭۈلگە ياققىدەك مەسلىهەت - يول كۆرسىتەلمەپتۇ. پادىشا رەسلە بولۇپ تۇرغان چاغدا ئوردا پۈتۈكچىسى ئورنىدىن تۇرۇپ پادىشاغا تەۋەززۇ بىلەن تازىم قىلغاندىن كېيىن:

— ئى پادىشاهىم، ئەدەپسىزلىك قىلغان بولسامۇ، بىر كەلىمە سۆزگە ئىجازەت بەرگەيلا، — دەپتۇ.

— ئىجاز! — دەپتۇ پادىشا.

— پەقىردىن ئاددى مەسلىهەت شۇكى، پادىشاهىم پۇقراچە ياسىنىپ كوچا - رەستىلەرنى ئايلانغاي، ئەل - ئاۋامنىڭ بۇ دەۋا توغرىسىدىكى سۆز - چۆچەكلىرىنى، هەر خىل مۇلاهىزىلىرىنى ئاڭلىغاي، پايدىلىق بىرەر يول چىقىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس، — دەپتۇ.

پادىشا بۇ مەسلىهەتنى كۆڭلىدە دىتلاپ كۆرۈپتۇ ۋە ئورۇنلۇق هېس قىپتۇ.

ئەتىسى پادىشا پۇقراچە كىيىنىپ كوچىغا چىقىپتۇ، رەستە - مەيدان، كوچا - كويلارنى ئايلىنىپتۇ، ئادەملەر توپلاشقانلىكى يەرگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ دەۋا توغرىسىدىكى خىلمۇ - خىل



مۇلاهىزە، ئەپقاچتى گەپلىرىنى ئاڭلاپتۇ. ئەمما تۈزۈك هەل قىلىش يولىنى تاپالماپتۇ. بىر چاغدا چارچاپ ئوردىغا قايتماقچى بولۇپ، بىر كوچىدىن كېتىۋاتسا، بىر توپ بالىلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى ئاڭلىنىپتۇ. پادىشا يېقىن كېلىپ قارىسا، بالىلارنىڭ بىرى قۇم دۆڭىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ:

— هەي بالىلار، ماڭا قاراڭلار، مەن بىر يېڭى ئويۇن چىقىرىمەن، ئوينايمىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئوينايمىز! — دەپ چۇقۇرۇشۇپتۇ قالغان بالىلار.

— ئۇنداق بولسا، مەن پادىشا بولىمەن، بىرىڭلار دەۋاگەر، بىرىڭلار جاۋاپكار بولىسىلەر، ماۋۇ ئۈچىڭلار مۇراباچى، ماۋۇ ئىككىڭلار لەشكەر بولىسىلەر، قالغىنىڭلار گۇۋاچى پۇقرا بولىسىلەر، مەن سوراق قىلىمەن، ئويۇننى مۇنداق ئوينايمىز، — دەپ ئويۇننىڭ پۈتۈن تەرتىۋىنى بالىلارغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاندىن ئويۇن باشلىنىپتۇ. پادىشا بۇ ئويۇننى باشتىن - ئاخىر قىزىقىپ كۆرۈپتۇ ۋە ئويۇن تۈگىگەندىن كېيىن هېلىقى پادىشا بولۇپ ئوينىغان بالىنى چاقىرىپ سوراپتۇ:

— ئىسمىڭ نىمە؟ كىمنىڭ بالىسى بولىسەن، ئۆيۈڭ نەدە؟

— ئىسمىم ئادىل، — دەپتۇ بالا، — دادام ئۆلۈپ كەتكەن، ئانام بار، ئۆيۈم ئاۋۇ، — دەپ كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى كونا بىر ئۆينى كۆرسىتىپتۇ. پادىشا ئارتۇق گەپ قىلماي ئوردىغا قايتىپتۇ. بالا هەيران بولۇپ كەينىدىن قاراپ قاپتۇ.

ئەتىسى پادىشانىڭ پەرمانى بويىچە پۈتۈن شەهەر خەلقى ئوردا ئالدىدىكى مەيدانغا جەم بولۇپتۇ. پادىشا مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شا سۇپىغا قۇرۇلغان تەختكە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ ۋە دەۋاگەر سېلىم زەرگەرنى، جاۋاپكار هېلىم باينى ۋە ئۇستا مۇراباچىدىن ئۈچ كىشىنى تەخت ئالدىغا هازىر قىلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇلار دەرهال مەيدانغا كەلتۈرۈلۈپتۇ. ئاندىن پادىشا

ئاخىرى پادىشاغا ئەرز قىپتۇ.

پادىشا سېلىم زەرگەرنىڭ ئەرز - دادىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «بۇلار ئىككىسى ئاكا - ئۇكىلار، يەنە كېلىپ ئىككىسىلا يۇرتنىڭ ئابرويلۇقلىرى، بۇلارنىڭ دەۋا - دەستىگىنى قىلىنى قىرىقتا يېرىپ بولىسمۇ ئادىل بىر تەرەپ قىلمىسام يۇرتتا ئابرويۇم تۆكۈلىدۇ» دەپ ئويلاپتۇ - دە، سېلىم زەرگەرنى ھازىرچە ئۆيىگە قايتىشقا بۇيرۇپتۇ.

ئاڭغىچە بۇ خەۋەر دىۋاندىن ئوردىغا، ئوردىدىن پۈتۈن شەھەرگە تاراپتۇ.

پادىشا دانىشمەن - ئۆلىمالاردىن بۇ دەۋانى قانداق مۇۋاپىق ھەل قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەت سوراپتۇ. لېكىن ئۇلار كۆڭۈلگە ياققىدەك مەسلىھەت - يول كۆرسىتەلمەپتۇ. پادىشا ھەللە بولۇپ تۇرغان چاغدا ئوردا پۈتۈكچىسى ئورنىدىن تۇرۇپ پادىشاغا تەۋەززۇ بىلەن تازىم قىلغاندىن كېيىن:

— ئى پادىشاھىم، ئەدەپسىزلىك قىلغان بولساممۇ، بىر كەلىمە سۆزگە ئىجازەت بەرگەيلا، — دەپتۇ.

— ئىجاز! — دەپتۇ پادىشا.

— پەقىردىن ئاددى مەسلىھەت شۇكى، پادىشاھىم پۇقراچە ياسىنىپ كوچا - رەستىلەرنى ئايلانغاي، ئەل - ئاۋامنىڭ بۇ دەۋا توغرىسىدىكى سۆز - چۆچەكلىرىنى، ھەر خىل مۇلاھىزىلىرىنى ئاڭلىغاي، پايدىلىق بىرەر يول چىقىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس، — دەپتۇ.

پادىشا بۇ مەسلىھەتنى كۆڭلىدە دىتلاپ كۆرۈپتۇ ۋە ئورۇنلۇق ھېس قىپتۇ.

ئەتىسى پادىشا پۇقراچە كىيىنىپ كوچىغا چىقىپتۇ، رەستە - مەيدان، كوچا - كويىلارنى ئايلىنىپتۇ، ئادەملەر توپلاشقانلىكى يەرگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ دەۋا توغرىسىدىكى خىلمۇ - خىل



مۇلاھىزە، ئەپقاچتى گەپلىرىنى ئاڭلاپتۇ. ئەمما تۈزۈك ھەل قىلىش يولىنى تاپالماپتۇ. بىر چاغدا چارچاپ ئوردىغا قايتماقچى بولۇپ، بىر كوچىدىن كېتىۋاتسا، بىر توپ بالىلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى ئاڭلىنىپتۇ، پادىشا يېقىن كېلىپ قارىسا، بالىلارنىڭ بىرى قۇم دۆڭىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ:

— ھەي بالىلار، ماڭا قاراڭلار، مەن بىر يېڭى ئويۇن چىقىرىمەن، ئوينايمىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئوينايمىز! — دەپ چۇقۇرۇشۇپتۇ قالغان بالىلار.

— ئۇنداق بولسا، مەن پادىشا بولىمەن، بىرىڭلار دەۋاگەر، بىرىڭلار جاۋاپكار بولىسىلەر، ماۋۇ ئۈچىڭلار مۇرابباچى، ماۋۇ ئىككىڭلار لەشكەر بولىسىلەر، قالغىنىڭلار گۇۋاچى پۇقرا بولىسىلەر، مەن سوراق قىلىمەن، ئويۇننى مۇنداق ئوينايمىز، — دەپ ئويۇننىڭ پۈتۈن تەرتىۋىنى بالىلارغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاندىن ئويۇن باشلىنىپتۇ. پادىشا بۇ ئويۇننى باشتىن - ئاخىر قىزىقىپ كۆرۈپتۇ ۋە ئويۇن تۈگىگەندىن كېيىن ھېلىقى پادىشا بولۇپ ئوينىغان بالىنى چاقىرىپ سوراپتۇ:

— ئىسمىڭ نىمە؟ كىمنىڭ بالىسى بولىسەن، ئۆيۈڭ نەدە؟

— ئىسمىم ئادىل، — دەپتۇ بالا، — دادام ئۆلۈپ كەتكەن، ئانام بار، ئۆيۈم ئاۋۇ، — دەپ كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى كونا بىر ئۆينى كۆرسىتىپتۇ. پادىشا ئارتۇق گەپ قىلماي ئوردىغا قايتىپتۇ. بالا ھەيران بولۇپ كەينىدىن قاراپ قاپتۇ.

ئەتىسى پادىشانىڭ پەرمانى بويىچە پۈتۈن شەھەر خەلقى ئوردا ئالدىدىكى مەيدانغا جەم بولۇپتۇ. پادىشا مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شا سۇپىغا قۇرۇلغان تەختكە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ ۋە دەۋاگەر سېلىم زەرگەرنى، جاۋاپكار ھېلىم باينى ۋە ئۇستا مۇرابباچىدىن ئۈچ كىشىنى تەخت ئالدىغا ھازىر قىلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇلار دەرھال مەيدانغا كەلتۈرۈلۈپتۇ. ئاندىن پادىشا

ئادىلنى چاقىرتىپتۇ، ئۇمۇ تەخت ئالدىدا ھازىر بولۇپتۇ.

— پۇقرالىرىم، — دەپتۇ پادىشا، — بۈگۈن ھەر بىرىڭلارنىڭ ئالدىدا تاجۇ - تەختىمنى بالام ئادىلغا تاپشۇرىمەن، ھېلىم باي بىلەن سېلىم زەرگەرنىڭ دەۋا - سورىقىنى شۇ سورايدۇ!

ئەل - جامائەت بۇ ئىشتىن ھەيرانۇ - ھەس بولۇشۇپ ياقىسىنى چىشلىشىپتۇ. بەزىلىرى ئىشەنمەي قۇلاقلىرىنى كولىشىپتۇ. پۈتۈن مەيداندىكى لەكمىڭ كىشىنىڭ كۆز تىكىشى ئاستىدا ئادىل ھودۇقماستىن شا سۇپىغا چىقىپ، تەمكىنلىك بىلەن پادىشالىق تاجىنى كىيىپ، تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ سوراقنى باشلاپتۇ. پۈتۈن مەيداندىكىلەر تىمتاسلىقتا چۆكۈپ ئادىلنىڭ ئاغزىغا قاراپتۇ.

— سېلىم زەرگەر! — دەپ چاقىرىپتۇ ئادىل سوراقنى باشلاپ.

— خوش! — دەپ ئالدىغا بىر قەدەم چىقىپتۇ سېلىم زەرگەر.

— سېنىڭ ھېلىم بايغا بىر كوزا مۇرابباني ئامانەت قويغىنىڭ راستمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئادىل، — كوزىنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمەڭ بار ئىدى؟

— مېنىڭ ھېلىم بايغا بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى بىر كوزا مۇراببا قويغىنىم مىڭ مەرتىۋە راست، — دەپتۇ سېلىم زەرگەر، — مۇراببانىڭ تېگىگە سېلىپ قويغان يۈز سەر كۆمۈش تەڭگەممۇ بار ئىدى.

— شاھىدىڭ بارمۇ؟

— شاھىدىم يوق، شاھىم.

ئادىل ھېلىم بايغا قاراپ:

— ھېلىم باي، سېلىم زەرگەرنىڭ بىر كوزا مۇرابباسىنى ئالغىنىڭ راستمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— راست، شاھىم، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ھېلىم باي، — ئەمما كوزىنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى ھازىرغىچە ئۇقمايمەن، زەرگەر ماڭا تۆھمەت قىلىۋاتىدۇ.



ئادىل ھېلىقى ئۈچ مۇراببىچىدىن سوراپتۇ:

— مۇراببانى قانچە ئۇزۇن ساقلىغىلى بولىدۇ؟

— ياخشى قايىنتىلغان مۇراببانى بىرەر يىل ساقلىغىلى بولىدۇ، ئەمما يىل ئۆرۈلسە رەڭگى بۇزۇلۇپ، تەمى ئۆزگىرىپ قالىدۇ، — دەپتۇ مۇراببىچىلار.

— ئەمىسە، سېلىم زەرگەرنىڭ كوزىسىدىكى مۇراببانى كۆرۈپ بېقىڭلار، — دەپتۇ ئادىل مۇراببىچىلارغا.

مۇراببىچىلار كوزىدىكى مۇراببانى كۆرۈپتۇ ۋە تېتىپ بېقىپ، — تەخسىر، كونا مۇراببانىڭ يۈزى پاختىلىشىپ قالاتتى، راستىنى ئېيتساق، بۇ مۇراببا يېڭى ئىكەن، تەمىمۇ ئۆزگەرمەپتۇ، — دېيىشىپتۇ.

— ھېلىم باي، ئەمدى بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئادىل.

«ئىشتانغا چىققان كۆكۈلگە تايىن» دېگەندەك، ھېلىم باينىڭ دەلىل - گۇۋا ئالدىدا تىلى تۇتۇلۇپ، بېشى چۈشۈپ كېتىپتۇ ۋە بىر ھازادىن كېيىن ئېسىنى يىغىپ كۆمۈشنى ئوغرىلىغىنىغا ئىقرار قىلىپتۇ.

پۈتۈن پۇقرا ۋە ئوردا ئەھلى ئادىلنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن خەلق ئادىلنى «بالا پادىشا» دەيدىغان بولۇپتۇ.

ئادىلنى چاقىرتىپتۇ، ئۇمۇ تەخت ئالدىدا ھازىر بولۇپتۇ.

— پۇقرالىرىم، — دەپتۇ پادىشا، — بۈگۈن ھەر بىرىڭلارنىڭ ئالدىدا تاجۇ - تەختىمنى بالام ئادىلغا تاپشۇرىمەن، ھېلىم باي بىلەن سېلىم زەرگەرنىڭ دەۋا - سورىغىنىنى شۇ سورايدۇ!

ئەل - جامائەت بۇ ئىشتىن ھەيرانۇ - ھەس بولۇشۇپ ياقىسىنى چىشلىشىپتۇ. بەزىلىرى ئىشەنمەي قۇلاقلىرىنى كولىشىپتۇ. پۈتۈن مەيداندىكى لەكمىڭ كىشىنىڭ كۆزىتىشى ئاستىدا ئادىل ھودۇقماستىن شا سۇپىغا چىقىپ، تەمكىنلىك بىلەن پادىشالىق تاجىنى كىيىپ، تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ سوراقنى باشلاپتۇ. پۈتۈن مەيداندىكىلەر تىمتاسلىقتا چۆكۈپ ئادىلنىڭ ئاغزىغا قاراپتۇ.

— سېلىم زەرگەر! — دەپ چاقىرىپتۇ ئادىل سوراقنى باشلاپ.

— خوش! — دەپ ئالدىغا بىر قەدەم چىقىپتۇ سېلىم زەرگەر.

— سېنىڭ ھېلىم بايغا بىر كوزا مۇراببانى ئامانەت قويغىنىڭ راستمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئادىل، — كوزىنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نەمەڭ بار ئىدى؟

— مېنىڭ ھېلىم بايغا بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى بىر كوزا مۇراببا قويغىنىم مىڭ مەرتىۋە راست، — دەپتۇ سېلىم زەرگەر، — مۇراببانىڭ تېگىگە سېلىپ قويغان يۈز سەر كۈمۈش تەڭگەممۇ بار ئىدى.

— شاھىدىڭ بارمۇ؟

— شاھىدىم يوق، شاھىم.

ئادىل ھېلىم بايغا قاراپ:

— ھېلىم باي، سېلىم زەرگەرنىڭ بىر كوزا مۇرابباسىنى ئالغىنىڭ راستمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— راست، شاھىم، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ھېلىم باي، — ئەمما كوزىنىڭ ئىچىدە نىمە بارلىغىنى ھازىرغىچە ئۇقمايمەن، زەرگەر ماڭا تۆھمەت قىلىۋاتىدۇ.



ئادىل ھېلىقى ئۈچ مۇراببىاچىدىن سوراپتۇ:

— مۇراببانى قانچە ئۇزۇن ساقلىغىلى بولىدۇ؟

— ياخشى قاينىتىلغان مۇراببانى بىرەر يىل ساقلىغىلى بولىدۇ، ئەمما يىل ئۆرۈلسە رەڭگى بۇزۇلۇپ، تەمى ئۆزگىرىپ قالىدۇ، — دەپتۇ مۇراببىاچىلار.

— ئەمىسە، سېلىم زەرگەرنىڭ كوزىسىدىكى مۇراببانى كۆرۈپ بېقىڭلار، — دەپتۇ ئادىل مۇراببىاچىلارغا.

مۇراببىاچىلار كوزىدىكى مۇراببانى كۆرۈپتۇ ۋە تېتىپ بېقىپ، — تەخسىر، كونا مۇراببانىڭ يۈزى پاختىلىشىپ قالاتتى، راستىنى ئېيتساق، بۇ مۇراببا يېڭى ئىكەن، تەمىمۇ ئۆزگەرمەپتۇ، — دېيىشىپتۇ.

— ھېلىم باي، ئەمدى بۇنىڭغا نىمە دەيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئادىل.

«ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە تايىن» دىگەندەك، ھېلىم باينىڭ دەلىل - گۇۋا ئالدىدا تىلى تۇتۇلۇپ، بېشى چۈشۈپ كېتىپتۇ ۋە بىر ھازادىن كېيىن ئېسىنى يىغىپ كۈمۈشنى ئوغرىلىغىنىغا ئىقرار قىلىپتۇ.

پۈتۈن پۇقرا ۋە ئوردا ئەھلى ئادىلنىڭ ئەقىل - پاراستىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن خەلق ئادىلنى «بالا پادىشا» دەيدىغان بولۇپتۇ.

مەدرىستە ئوقۇيدىكەن، ئىككىسى ئاجايىپ يېقىن دوستلاردىن ئىكەن. پادىشانىڭ قىزى دوستىنىڭ ئىككى كۈندىن بۇيان ئوقۇشقا كەلمىگەنلىگىدىن ئەنسىرەپ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، دوستىنى چاقىرىپ، سەۋەبىنى سوراپتۇ. ۋەزىرنىڭ قىزى:

— ۋاي دوستۇم، مەن ئوقۇشقا قانداق باراي، هازىر ئۆلمى
گەن ئادەم ئۈچۈن هازا ئېچىۋاتىمىز. — دەپتۇ - دە، ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشانىڭ قىزى بۇنى ئاڭلاپلا:

— ۋاي ئەخمەق، شۇنىمۇ تاپالمىدىڭمۇ؟ قالىغاچنىڭ ئۇنداق دېگىنى: خوتۇن ئەرنى باي قىلىدۇ، گاداي قىلىدۇ، ساراڭ قىلىدۇ، پادىشا قىلىدۇ، دېگىنى. شۇنىڭ ئۈچۈن قالىغاچ ئۆيىگە ئۇۋا سالىدۇ، دەپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ قىزى بۇنى ئاڭلاپ، خوشال بولۇپ ئۆيىگە كىرىپ جاۋاپنى دادىسىغا ئېيتىپتۇ. دادىسى قىزىدىن رازىمەن بولۇپ ئوردىغا بېرىشقا راسلىنىپتۇ.

ئوڭ قول ۋەزىر خوشال هالدا ئوردىغا كىرىپ، پادىشاغا هۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ. ئاندىن كېيىن سوئالغا تاپقان جاۋاپنى ئېيتىشىغا ئىجازەت تەلەپ قىپتۇ. پادىشا ئىشارەت قىپتۇ.

— هۆرمەتلىك پادىشاهىم، — دەپتۇ ئوڭ قول ۋەزىر، — قالىغاچنىڭ ئۇنداق دېگىنى خوتۇن ئەرنى باي قىلىدۇ، گاداي قىلىدۇ، ساراڭ قىلىدۇ، پادىشا قىلىدۇ، دېگىنى، — دەپتۇ. پادىشا سوراپتۇ:

— جاۋابىڭغۇ توغرا. بۇنى ئۆزەڭ تاپتىڭمۇ ياكى بىرەرسى ئېيتىپ بەردىمۇ؟

— تەخسىر، هېچكىم ئېيتىپ بەرمىدى!

— راستىڭنى ئېيت، بۇ بىلىنىپ قالسا، كاللاڭنى ئالا
مەن، — دەپتۇ پادىشا. ئوڭ قول ۋەزىر قورقۇپ كېتىپ پادى
قىزىنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىگىنى ئىقرار قىلىپتۇ. پادىشانىڭ چېچى تىك بوپتۇ ۋە:

# دانىشمەن قىز

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشا ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ ھەر كۈن
بىر قېتىم ئوردا ئەتراپىغا چىقىپ، قۇشلارنىڭ سايرىشىنى تاماشا
قىلىدىكەن. پادىشا بىر كۈنى سىرتقا چىقىپ ئولتۇرسا، بىر قالىغاچ
«ۋىچىر - ۋىچىر - ۋىچ» دەپ سايراپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. پادىشا
دەرگۇمان بولۇپ، ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قالىغاچنى كۆرسىتىپ
تۇرۇپ ئوڭ قول ۋەزىرىدىن:

— بۇ جانىۋار نېمە دەيدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ۋەزىر ئۆزى
بىلگەن بىر نېمىلەرنى دەپ بېقىپتۇ، ئەمما توغرا جاۋاپ تاپال
ماپتۇ. جاۋاپقا قايىل بولمىغان پادىشا دەرغەزەپكە كېلىپ:

— مېنىڭ يېنىمدا ئەقىلدار بولۇپ تۇرغىنىڭغا شۇنچە
ئۇزۇن يىل بولدى، تېخى بىر قالىغاچنىڭ نېمە دىگىنىنى بىل
مەمسەن؟ ساڭا ئۈچ كۈن مۆھلەت بېرىمەن. شۇ كۈنچە توغرا
جاۋاپ تېپىپ كەل، تاپالمىساڭ كاللاڭنى ئالىمەن، — دەپتۇ.

ئوڭ قول ۋەزىر ئاھ - ئۇھ بىلەن ئۆيىگە بېرىپ، خوتۇنى
ۋە بالا - چاقىسىغا بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۆيىدىكىلەرگە
ۋەسىيەت قىلىپ، رازىلىق ئاپتۇ. يىغلاپ - قاخشاپ ئىككى
كۈنى ئۆتكۈزۈپتۇ. بۇ كۈنلەردە ۋەزىرنىڭ خوتۇنى تالا - تۈزگە
چىقماپتۇ. قىزى مەكتەپكە بارماپتۇ، ھەممىسى جەم بولۇپ، باش
قاتۇرۇپ ئىزلىنىپمۇ سوئالغا جاۋاپ تاپالماپتۇ...

پادىشانىڭ قىزى بىلەن ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ قىزى پادىشالىق

ئەسلىگە كەپتۇ. قىز يىگىتنىڭ ئۆزىگە ھەمرا بولۇپ قالغىنىغا خۇرسەن بولۇپ يىگىتنى «ھەمرا» دەپ ئاتاپتۇ.

بىر كۈنى قىز يىگىتنى يېنىغا چاقىرىپ:

— ھەمرا، سېنىڭ ئەل - يۇرتۇڭ بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ھەمرا:

— يۇرتى يوق كىشى بولماس، يۇرتتىن ئايرىلمىغان ساراڭ بولماس، — دەپتۇ.

— سېنىڭ يۇرتۇڭ نەدە؟

ھەمرا جاۋابەن كۈن چىقىش تەرەپنى كۆرسىتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قىز بىلەن ھەمرا تاغ بىلەن خوشلىشىپ، ھەمرانىڭ يۇرتىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇلار قانچىلىغان تاغ - ئېدىرلارنى ئېشىپ، دەريالارنى كېچىپ ئۆتۈپ، ھەمرانىڭ يۇرتىغا كېلىپ، بىر ئەسكى ئۆيگە ئورۇنلىشىپتۇ.

قىزنىڭ بىر دۇخاۋا كۆينىگى بار ئىكەن، يېڭى يۇرتقا كېلىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، قىز شۇ دۇخاۋا كۆينىگىنى سۆكۈپ دوپپا تىكىپتۇ. ھەمرا ھەر كۈنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىۋېرىپتۇ، قانچە پۇل تاپسا شۇنچىلىكىنى قىزغا ئەكىلىپ بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلىنىپ كېتىپتۇ. ئېشىنغان پۇلغا تىللا ئېلىۋېرىپتۇ. تىللالار يىغىلىپ ئون ئالتىگە يېتىپتۇ.

قىز بىر كۈنى ھەمرانى چاقىرىپ ئون ئالتە تىللانى تۇتقۇزۇپتۇ. ئاندىن مۇنداق دەپتۇ:

— سەن ئۇدۇل مېھرات شەھىرىگە بارغىن، شەھەر پادىشاسىنىڭ بىر كۆك بوز ئېتى بار. ئوردىغا كىرىپ پادىشاغا «كۆك بوز ئاتنى ئالغىلى كەلدىم» دېگىن. پادىشا سېنىڭ تۇرقۇڭغا قاراپلا «بۇ ئات ئون ئالتە تىللا تۇرسا، سەن قانداق ئالالايسەن؟» دەيدۇ. سەن شۇ زامات ئون ئالتە تىللانى ئالدىغا قويساڭ، پادىش

— جاللات! — دەپ ۋاقىراپتۇ. شۇئان جاللاتلار
ھازىر بوپتۇ.

— ھازىر مېنىڭ قىزىمنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ جېنىدىن جۇدا قىلىڭلار! ئۇ قىز تۇرۇقلۇق خوتۇنىنىڭ ئەرنى باي، گادايى ساراڭ، پادىشا قىلىدىغانلىغىنى نەدىن بىلىپتۇ، — دەپ بۇيرۇپتۇ پادىشا.

ئەقىللىق قىزنىڭ جېنىغا ئىچىنغان ۋەزىر - ۋۇزرالار پادىشاغ باش قويۇپ قىزنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. لېكىن پادىشا كۆنۈك بەرمەپتۇ. پادىشانىڭ بىر دانىشمىنى

— ھۆرمەتلىك شاھىم، قۇتلۇق شەھىرىمىزگە بىر ساراڭ پەيدا بولۇپ قالدى. بۇ ساراڭنى بىر تاغارغا، سىزنىڭ نامىڭىزغ داغ چۈشۈرگەن گۇناھكار قىزىڭىزنى يەنە بىر تاغارغا سېلىپ گەردى بالانىڭ چۆلىگە تاشلىۋەتسەك، شۇ چۆلدە گۇناھىنى تارتىپ ئۆلۈپ تۈگىشىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. پادىش بۇ ئاقىل مەسلىھەتنى ماقۇل كۆرۈپتۇ. شەھەردىكى ساراڭ بىلەن قىزنى ئايرىم - ئايرىم تاغارغا سېلىپ گەردى بالانىڭ چۆلىگ ئاپىرىپ تاشلىۋېتىپتۇ.

قىز بىر ئامال قىلىپ تاغارنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ چىقسا يېنىدا يەنە بىر تاغار تۇرغۇدەك. قىز تاغارنىڭ ئاغزىنى ئاچقان ئىكەن، ئىچىدىن بىر يىگىت چىقىپتۇ. قىز يىگىتنىڭ گەپ - سۆز، ھەركەتلىرىدىن ئۇنىڭ ساراڭ قېتىش ئىكەنلىگىنى پەملەپ ئۇنى مىڭبىر ئامال - چارىلەر بىلەن ئالداپ بىر تاققا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇلار ھېرىپ - ئېچىپ يۈرۈپ تاققا كەپتۇ.

قىز كۆل - گىيالار ئېچىلىپ كەتكەن تاققا كەلگەندىن كېيىن، تاغ جىرالىرىنى ئارىلاپ يۈرۈپ، ھەرقانداق كېسەلگە داۋا بولىدىغان شىپالىق گىيالارنى تېپىپ كېلىپ يىگىتكە يېگۈزۈپتۇ. كۈنلەر شۇ تەخلىتتە ئۆتۈۋېرىپتۇ. يىگىت ئاستا - ئاستا

— ۋۇي، سىز تولىمۇ غەمكىن بولۇپ قاپسىزغۇ؟ — دەپتۇ.
— راست ئېيتىسىز، مېنىڭمۇ يۇرتۇم، ئەل - مەھەللەم، قومى - قېرىندىشىم، ئۆي - ماكانىم بار ئەمەسمۇ. — دەپتۇ ھەمرا. پادىشا ھەمرانىڭ سۆزىنى توغرا تېپىپ، ھەر ئىككىسى شاھانە ياسىنىپ، ياساۋۇللىرىنى باشلاپ ھەمرانىڭ يۇرتىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئىككى پادىشا كۆپمۇ ماڭماي، ئازمۇ ماڭماي، ھەمرانىڭ يۇرتىغا كېلىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپتۇ.
مېھمان كەلگەندىن كېيىن قىز دەرھال چاي قاينىتىپ، نازۇ - نېمەتلەرنى راسلاپتۇ. ھەمرا پادىشانىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ، پېتىر توقاچ، بىر چىنە سېرىق ياغ، بىر قوشۇق ئېلىپ كىرىپ داستىخانغا تىزىپتۇ، ئاندىن پەتنۇستا ئەتكەنچاي سونۇپتۇ. پادىشا ئەتكەنچاينى ئېلىپ دەستىخان ئۈستىگە قويۇپتۇ - دە، قولىغا قوشۇقنى ئېلىپ، بىر ئىلىم سېرىق ياغنى ئېغىزىغا سالپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، پېتىر توقاچنى قولىغا ئېلىپلا كۆزىگە ياش ئاپتۇ. ھەيران بولغان ھەمرا:
— ۋاي، تەقسىر، ئۆزلىرىگە نېمە مالاللىق كەلدى؟ — دەپتۇ.
— مېنىڭ بىر قىزىم بار ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە ماڭا ئۆز قولى بىلەن مۇشۇنداق سېرىق ياغ، مۇشۇنداق پېتىر توقاچ، مۇشۇنداق چىنىدە ئەتكەنچاي، مۇشۇنداق قوشۇق ئەكىرىپ بېرەتتى. ئۆز قىزىمنى گۇناھكار ھېساپلاپ، بىر ساراڭ بىلەن قوشۇپ گەردى بالانىڭ چۆلگە تاشلاتقۇزغان ئىدىم. بۈگۈن مانا بۇلارنى كۆرۈپ قىزىمنى ئەسلەپ قالدىم، — دەپتۇ - دە، ئۇن سېلىپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ئىشىك ئارقىسىدا پادىشانىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تۇرغان قىز:
— ئاشۇ ناھەق ئەيىپكار قىزىڭىز مەن بولىمەن، — دەپتۇ. ھەمرا بۇ ئىشقا ھاڭ - تاڭ بوپتۇ. قىز يەنە:
— يەنە بىر ئەيىپكار مانا بۇ كىشى بولىدۇ، — دەپتۇ

لەۋزىدىن يانالماي، ئاتنى ئامالسىز بېرىدۇ.

ھەمرا قىزنىڭ دىگەنلىرىنى ئورۇنلاپتۇ. پادىشا ئۇن ئالت تىللانى ئېلىپ، ھەمرانى كۆك بوز ئاتقا مىندۇرۇپ قويۇپ ھەمرا شۇ ماڭغان پېتى ئۆز يۇرتىغا سالامەت كەپتۇ.

قىز كۆك ئاتنىڭ تۈكىنى دوپپا قايچىسى بىلەن قايچىلا چىپار ئاتقا ئايلاندۇرۇپتۇ. ئاتنى بىرنەچچە كۈن دەم ئالدۇرغاند كېيىن، بىرقانچە كېچە تاڭشۇرۇپتۇ. ئات راسا تاڭشۇرۇلۇپ ۋاي يەتكەندىن كېيىن، قىز ھەمرانى چاقىرىپ:

— سەن ئۇدۇل مېھرات تېغىنىڭ باغرىغا بارساڭ، ي شاھنىڭ بويىنىغا مارجان ئېسىلغان بىر كېيىكنى تۇتالماي قوغلا يۈرگەنلىكىنى كۆرىسەن. بىردەم قاراپ تۇرساڭ پادىشا: «مۇ كېيىكنى تۇتۇپ بەرگەن كىشىگە يېرىم پادىشالىقىمنى بېرىمەن دەپ ئۈچ قېتىم ۋاقىرايدۇ. شاھنىڭ ئاۋازى توختىغان ھاما كېيىكنىڭ ئىزىغا چۈش، ئاتنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋەت، كۆ ئۆتمەيلا كېيىكنى تۇتۇۋالىسەن. ئاندىن كېيىن، كېيىكنى شاھ تەقدىم قىلساڭ، ساڭا يېرىم پادىشالىقىنى بېرىدۇ، — دەپتۇ.

ھەمرا خوشال بولۇپ ئاتلىنىپتۇ.

ھەمرا مېھرات تېغىنىڭ باغرىغا بارسا، قىز ئېيتقاندەك ي شاھ بويىنىغا مارجان ئېسىلغان بىر كېيىكنى قوغلاپ يۈرگىدەك شاھ كېيىكنى تۇتالماي: «مۇشۇ كېيىكنى تۇتۇپ بەرگەن كىشىگ يېرىم پادىشالىقىمنى بېرىمەن» دەپ ئۈچ قېتىم ۋاقىراپتۇ. ھەمر دەرھال كېيىكنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ قوغلاپ تۇتۇپ، شاھقا تەقدى قىلىپتۇ. شاھ ھەمراغا يېرىم پادىشالىقىنى بەرگەنلىكىنى جاكالاپتۇ

ھەمرا ئوردىغا كېلىپ، يېرىم پادىشا بولغاندىن كېيىنمۇ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتقان قىزنى ئۇنۇتماپتۇ. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى قىزنى بەك سېغىنىپتۇ. ھەمرا قىزنى ئويلاپ بىر كۈنى غەمكىن ئولتۇرسا، پادىشا بۇنى كۆرۈپ:

# سۇنەيچى بالا

زامانىنىڭ زامانىسىدا، كۆئېنلۈن ۋادىسىدا بىر گۈزەل شەھەر بار ئىكەن. ئۇنىڭ پادىشاسىدىن تارتىپ پۇقرالىرىغىچە مۇزىكىغا ئىشقىۋاز ئىكەن. پادىشا پات - پات بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپ مۇزىكا ئاڭلايدىكەن. يىراق - يېقىندىن بۇ شەھەرگە كەلگەن مۇساپىرلار ئىچىدە ئازراق ساز چېلىشنى بىلىدىغانلىرى پادىشانىڭ ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولىدىكەن. ھەر قېتىمقى بەزمىدە پادىشا سازەندىلەرگە نۇرغۇن تىللا تارتۇق قىلىدىكەن. شەھەر خەلقىمۇ بۇ ئىشتىن رازى ئىكەن. بىراق پادىشانىڭ بىر ئاچكۆز غەزىنىدارى بولۇپ، سازەندىلەرگە تارتۇق قىلىنغان ھەربىر تىللا ئۈچۈن ئىچى ئاداي دىكەن. شۇڭا تارتۇقتىن ئانچە - مۇنچە قاقتى - سوقتى قىلىپ كۆڭلىنى تىندۇرىدىكەن.

بىر كۈنى بۇ شەھەرگە يىراق يۇرتتىن بىر سۇنەيچى، بىر دۇتارچى، بىر داپەندى كېلىپ رەستىلەردە ساز چېلىپ، كىشىلەرنىڭ ئاپىرىن - ئالقىشىغا ئېرىشىپتۇ. بۇ خەۋەر شۇ سائەتتىلا پادىشانىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. پادىشا دەرھال ساراي مۇلازىمىدىن بىرىنى ئەۋەتىپ، بۇ مۇساپىر سازەندىلەرنى ئوردىغا چاقىرتىپ كەپتۇ. دۇتارچى بىلەن داپەندى ئوتتۇرا ياشلىق كىشىلەر بولۇپ، ئۆزىگە كۆپ تەمەننا قويىدىغان تەكەببۇر كىشىلەر ئىكەن. سۇنەيچى بولسا ئەمدىلا 15 - 16 ياشلارغا كىرگەن، قەددى - قامەتى كېلىشكەن، ئوياتچان بالا ئىكەن. پادىشا بۇ سازەندىلەرنى

ئۆيگە كىرىپ ھەمرانى پادىشاغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ. پادىشا چ
جۇپ «ئەيىپكار» ئالدىدا ئۆلگىدەك لەت بوپتۇ. ھەمرا بول
قىزنىڭ دانالىقىغا ھەيران قاپتۇ.

پادىشا ئۆز گۇناھىنى تونۇپ، قىزى بىلەن ھەمراغا
كېچەيۇ - كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپتۇ، ئاندىن پادىشالىق
ھەمراغا ئۆتۈنۈپتۇ.

(بۇ چۆچەكنىڭ «ئەرنى باي قىلىدىغانمۇ، گادا
قىلىدىغانمۇ خوتۇن» دېگەن ۋارىيانتىمۇ بار)

لىرىغا مۇشەرەپ بولدۇم. ئىلتىپاتلىرىغا رەھمەت. مۆھلەت سۆرۈگۈم توشۇپ قالدى. تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇمنى. ئاتا - ئانامنى سېغىندىم. ئۇلارغا بەرگەن ۋەدەمگە ۋاپا قىلىشىم كېرەك. ماڭا رەھىم قىلىپ ئىجازەت بەرسىلە.

— ئەقلىڭگە بارىكاللا! «ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا» دېگەن مۇشۇ، — دەپتۇ پادىشا ۋە غەزىنىدارنى چاقىرىپ:

— بۇلارغا ئۆز ئەجرىگە لايىق سوغات بېرىلسۇن. سۇنەيچى قايتىش ئالدىدا مېنىڭ يېنىمغا كىرسۇن! — دەپ ئەمىر قىلىپتۇ.

غەزىنىدار ئۇلارنى باشلاپ غەزىنىگە بېرىپتۇ. يولدا بارغىچە دۇتارچى، داپەندى بىلەن قۇلاق قېقىشىۋاپتۇ - دە، بالىنى ئىشىك تۈۋىدە قالدۇرۇپ دۇتارچى، داپەندىنى غەزىنىگە ئېلىپ كىرىپتۇ. داپەندى بىلەن دۇتارچى ئالغان ئالتۇنلىرىنى غەزىنىدار بىلەن تەڭ بۆلۈشمەكچى بولۇپ كېلىشىۋالغاچقا، داپەندى ئۆزىنىڭ دېپىغا، دۇتارچى بولسا، دۇتارنىڭ يۈزلۈگىنى ئېلىۋېتىپ قوسىغىغا پاتقىچە ئالتۇن قاچىلاپتۇ. سۇنەيچى بالا كېيىن چاقىرىق بويىچە غەزىنىگە كىرىپ ھەرقانچە ھەپىلەشسىمۇ سۇنىيىنىڭ ئىچىگە ئاران 40 تىللا پېتىپتۇ. ئۇ سۇنىيىنى كۆتىرىپ پادىشانىڭ ھوزۇرىغا بېرىپتۇ. پادىشا داپەندى ۋە دۇتارچىنى چاقىرتىپ كېلىپ، بىر قاراپلا ئەھۋالنى چۈشىنىپتۇ - دە، دەرغەزەپكە كېلىپ ئۇلارنى سوراققا تارتىپتۇ، داپەندى ۋە دۇتارچى غەزىنىدار بىلەن قىلىشقان مەسلىھەتلىرىنى پادىشاغا مەلۇم قىلىپتۇ. پادىشا ئاچچىغىغا بەس كېلەلمەي، بارغان پېتى داپنى قولىغا ئېلىپ غەزىنىدارنىڭ بېشىغا كېلىشتۇرۇپ ئۇرغان ئىكەن، داپ يېرىلىپ، ئۇنىڭ گەردىشى غەزىنىدارنىڭ بويىنىغا كىيىلىپ قاپتۇ. ياساۋۇل - مۇلازىملار غـ نىدارنى زىندانغا تاشلاش ئۈچۈن ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ئىسسىل تاماقلار بىلەن ياخشى كۈتۈۋالغاندىن كېيىن، ئۇ
ئەمەلدارلىرى بىلەن بىللە چاھار باغدا كاتتا سورۇن تۈزۈپ، ئۇلا
ساز چېلىشقا تەكلىپ قىپتۇ.

دۇتارچى دۇتارىنى سازلاۋاتقاندا، داپەندى دېپىنى ئو
قاخلاۋاتقاندا سۇنەيچى بالا ياقا بەزەر تاشلاپتۇ. بۇ گۈزەل
دىكى رەڭمۇ - رەڭ ئېچىلغان گۈللەرنىڭ شېخىغا قونۇپ ش
سايراۋاتقان بۇلبۇل، تۇمۇچۇق، شاتۇتىلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازل
بالىنىڭ يۈرىكىگە تەسىر قىلىپتۇ - دە، ئىلھامى قوزغىل
سۇنەيىنى ئاجايىپ يېقىملىق بىر پەدىگە چېلىشقا باشلاپتۇ. دۇتار
ئۆزى بىلمەيدىغان بۇ ئاھاڭنى ئاڭلاپ تەمتىرەپ قېلىپ، دۇت
نىڭ پەدىلىرىنى باسمايلا ئۇنىڭغا جۆر بولۇپتۇ. داپەندىمۇ دېپ
دىرىڭلىتىپ ئۇلتۇرۇپتۇ. سۇنەي ئاۋازى سورۇندىكىلەرنىڭ يۈر
لىرىنى تىترىتىۋېتىپتۇ. بالا بىردىنلا سۇنەيىنى شوخ بىر پەد
يۆتكەپتۇ. بۇ تونۇش ئاھاڭ بولغاچقا دۇتارچى ۋە داپەندىنى
كۆڭلى ئېچىلىپ، جۆر بولۇپ ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىشىپ
سورۇن قىزىپتۇ. سۇنەيچىنىڭ سۇنەيىدىن چىقىۋاتقان يېقىمل
ئاۋازغا بۇلبۇلمۇ مەھلىيا بولۇپ، سۇنەيچىنىڭ بېشىدا ئايلىنى
شوخ سايراشقا باشلاپتۇ. باشقىلار بۇ كارامەتكە ھەيرانۇ - ھە
بولۇپتۇ. مۇزىكا تۈگىگەندىن كېيىن، پادىشا سۇنەيچى بالىنى
تەڭداشسىز ماھارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ ۋە ئۇنى يېنىدا قېلىش
دەۋەت قىلىپتۇ.

— كېرەمىلىك شاھىم! — دەپتۇ بالا ئىززەت - ئىكرا
بىلەن. — ئۆزلىرىنىڭ يېنىدا قالسامغۇ كۆڭلۈم بەختلىك ئۆتەتتى
بىراق قىرىق كۈنلۈك يىراقلىقتىكى بىر يۇرتتا قېرى ئاتا - ئانا
بار، مەن جاھان كېزىپ، ئاتاقلىق سازەندىلەردىن ئۆگىنىپ
ماھارەت ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئاتا - ئانامدىن ئۈچ ئايلىق مۆھلەت
ئېلىپ سەپەرگە چىققان ئىدىم، بۈگۈن ئايلىنىپ كېلىپ ئىلتىپات

## سىناق

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادەم ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ دۇنيالىقتا بىرلا ئوغلى بار ئىكەن. ئوغلى ئاق - قارىنى پەرق ئەتكىدەك بولغاندا، ئوقۇپ ئادەم بولسۇن، دەپ ئۇنى مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرىپتۇ. لېكىن بالا ئوبدان ئوقۇماپتۇ. ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ئاتا بىرەر ھۈنەر ئۆگىنىپ، ئىشنىڭ يولىنى بىلىۋالسۇن دەپ، ھۈنەرگە بەرمەكچى بوپتۇ. قايسى ھۈنەرگە بېرىش، كىمگە بېرىش كېرەك؟ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ بالىنى ئاخىرى يىراق شەھەردە تۇرىدىغان بىر ياغاچچى ئاغىنىسىگە شاگىرتلىققا بەرمەكچى بوپتۇ. بىر كۈنى بۇ ئادەم بالىسىنى ئېلىپ ياغاچچى ئاغىنىسىنىڭكىگە كەپتۇ ۋە:

— بۇرادىرىم، بالامنى ساڭا تاپشۇرىمەن. ھۈنەرنى ئوبدان ئۆگىتىپ، يارامىلىق بىر ئادەم قىلىپ قويغىن، — دەپتۇ.

— مەن قەدىناس ئاغىنەڭ تۇرۇپ شۇنچىلىك ئىشنى قىلالمايمەنمۇ؟! خاتىرجەم بولغىن، ئۆز بالامدەك كۆرۈپ ھۈنەر ئۆگىتىمەن! — دەپ بالىنى ئېلىپ قاپتۇ ياغاچچى.

ياغاچچى بىر كۈنى بالىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ئوغلۇم، ھۈنەرنى قاچانلا بولمىسۇن ئۆگىنىۋالالايسەن، بىرنەچچە كۈن ئارام ئالغىن، شەھىرىمىزنى سەيلە قىل، پۇل پۇچەك لازىم بولسا تارتىنماي سورىغىن، — دەپتۇ.

شۇ كۈنىدىن باشلاپ ياغاچچى بالىغا ئۆزى يېمىگەن

پادىشا داپەندى بىلەن دۇتارچىغا يۈز تىللادىن بىر
رازى قىلىپ يولغا ساپتۇ. سۇنەيچى بالىغا بولسا بىر خۇرجۇ
لۇق ئالتۇن بىلەن توشقۇزۇپ، شاھانە ئارغىماققا مىندۇرۇپ، ت
نەپەر ياساۋۇلنىڭ ھەمرالىقىدا ئۆز يۇرتىغا يولغا ساپتۇ. «نىيە
يامانىنىڭ يۈزى قارا» دېگەن گەپ شۇنىڭدىن قالغان ئىكەن.

ئاغىنىسىگە ئاپىرىپ بېرىپتۇ.

دېخان بالىنى ئېلىپ قېلىپ، ئەتىسى سەھەردە ئويغىتىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— تۇر بالام، دېخان دېگەن ھەرگىز كۈن چىققىچە ئۇخلاپ ياتمايدۇ، چاي ۋاقتىغىچە بىر ئاز ئىشلىۋالايلى، — دەپتۇ.

بالا چاي ۋاقتىغىچە ئىشلەپ، قوسىقى ئېچىپ، ئۆيگە ئارانلا ئۈلگۈرۈپتۇ. قارىسا داستىخاندا ساپلا زاغرا نان تۇرۇپتۇ.

— قېنى بالام، چۈشكىچە قوسىقىڭ ئېچىپ قالىدۇ. قوسىقىڭنى ئوبدان تويغۇزۇۋال، — دەپتۇ دېخان.

— مەن زاغرا نان يەپ باقمىغان. بۇغداي نېنىڭىز يوقمۇ؟ — دەپتۇ بالا.

— يەپ باقمىغان بولساڭ، ئەمدى يېيىشنى ئۆگىنىسەن، — دەپتۇ دېخان، — قېنى، جىق - جىق يە. بۇغداي ناننى خۇدايىم بۇيرۇسا بۇغداي پىشقاندا يەيمىز.

بالا ئىلاجسىز يەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، دېخان بالىنى ئاغىنەمنىڭ بالىسى دەپ ئەتىۋارلىماي، ئالدى بىلەن ئۇنى تاماق تاللىمايدىغان، جاپالىق ئىشلەپ، ئاددى - ساددا ياشايدىغان قىلىپ چىقىپتۇ. ئۆزى نېمىنى يېسە، بالىغىمۇ شۇنى بېرىپتۇ. كۈن چىقماستا ئىشقا ئېلىپ چىقىپ، كۈن پاتقاندا ياندۇرۇپ كىرىپتۇ. بالا ئاخىرى تېرىقچىلىقتىن تارتىپ يىغىمغىچە بولغان ھەممە ئىشنى ئۆگىنىۋاپتۇ.

ئۈچىنچى يىلى كۈزدە دېخان بالىغا بىر قۇر يېڭى كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ:

— بۇ كىيىملەر سەن تېرىغان ئاشلىقنىڭ پۇلىغا كەلدى. بۇ ئۆز ئەمگىكىڭنىڭ مېۋىسى. ئەمدى ئۆيۈڭگە بېرىپ، ئاتا - ئاناڭنى كۆرۈپ كەلگىن، — دەپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

بالا ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دادىسى ئاۋالقىدەكلا

لارنى يىگۈزۈپ، كىيىمگەن كىيىملەرنى كىيگۈزۈپتۇ. ھىچقاند
ئىشقا سالماپتۇ، بالىنى ئويۇن - تاماشىغا قويۇپ بېرىپتۇ. ھاي
ھۇيت دىگىچە ئىككى يىل ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى بالا:
— ئۆيىمىگە بېرىپ، ئاتا - ئانامنى يوقلاپ كېلەي، — دە
— شۇنداق قىل بالام، — دەپتۇ ئۇستىسى ۋە سوغا
سالاملار بىلەن يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.
بالا ئۆيگە كەپتۇ. بىرقانچە كۈندىن كېيىن، تاماق يە
ئولتۇرۇپ، دادىسى ئۇنىڭدىن ھۈنەرنى قانچىلىك ئۆگەنگەنلىك
سوراپتۇ. بالا ھۈنەر ھەققىدە ئانچە گەپ قىلماي، يىگەن - ئ
كەن، ئوينىغانلىرىنى سۆزلەشكە باشلاپتۇ. بۇنىڭدىن دادىسىنى
كۆڭلى غەش بولۇپ، ئۇنى سىناپ باقماقچى بوپتۇ - دە، تا
يىيىلىپ بولغاندىن كېيىن:
— بالام، داستىخاندىكى ئاۋۇ پارچە نانلارنى تۆكۈۋەت،
دەپتۇ. بالا گەپ - سۆز قىلمايلا پارچە نانلارنى تالاغا تۆكۈ
تىپ كىرىپتۇ.
دادىسى «ھەي... بۇ تېخى ئەمگەكنىڭ، ناننىڭ قەدرى
بىلمەپتۇ، ئاغىنەم ئۇنى ياخشى تەربىيىلىمەپتۇ. باشقا بىرس
ھۈنەرگە بېرەي» دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي بالىنى باش
بىر شەھەردە تۇرىدىغان تۆمۈرچى ئاغىنىسىنىڭكىگە ئاپىرى
بېرىپتۇ. تۆمۈرچىمۇ خۇددى ياغاچچى ئويلىغاندەك ئويلاپ بال
ئوبدان كۈتۈپتۇ. ھىچقانداق ئىشقا سالماپتۇ. ئىككى يىل ئۆتك
دىن كېيىن، بالا يەنە ئاتا - ئانىسىنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈ
يولغا چىقىپتۇ. بالا ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن، دادىسى ئوغلى
ئاۋالقىدەكلا سىناپ بېقىپتۇ. ئەھۋال ئوخشاشلا بوپتۇ. «ھە، ھ
ئىككى ئاغىنەم بالا تەربىيىلەشنى ئۇقمايدىكەن، — دەپ ئويلاپ
بۇ ئادەم، — ئەمدى يىزىدىكى دىخان ئاغىنەمگە تۇتۇپ بېرەي
بالامغا دىخانچىلىقنى ئۆگەتسۇن». ئۇ بالىسىنى يىزىدىكى دىخا

# تېپىلغان گۆھەر

ئۆتكەن زاماندا بىر شەھەردە بوي - تۇرقى ۋە ياش قورامى بىر - بىرىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان تۆت ئاغىنە بولۇپ، ئۇلار پادىشانىڭ، ۋەزىرنىڭ، سودىگەرنىڭ ۋە زەرگەرنىڭ ئوغۇللىرى ئىكەن.

بۇ ئاغىنىلەر كۈنلەردىن بىر كۈنى ئاۋات شەھەرلەردىن بىرىگە بېرىپ، تاماشا قىلىپ كېلىشنى، بىز جەريانىدا بىر - بىرىدىن ئايرىلماي، جاپا - راھەتنى تەڭ تارتىپ، دوستلۇقنىڭ سىنىغىدىن ئۆتۈشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ - دە، ھەرقايسىسى ئۆزىگە يارىشا پۇل - پۇچەك، ئوزۇق - تۈلۈك تەييارلاپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. پادىشانىڭ ئوغلى كۆپلىگەن تىللاغا قوشۇپ، خەج - خىراجىتى ئۈچۈن تۆت دانە گۆھەر ئېلىۋاپتۇ.

بۇلار كۈندۈزلىرى يول مېڭىپ، كېچىلىرى دەڭ - ئۆتەڭلەردە يېتىپ، تۆت كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، بىر چۆلدە قونۇشقا توغرا كەپتۇ. ئۇلار بىرەر ھادىسە چىقىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، كېچىنى تۆتكە بۆلۈپ نۆۋەت بويىچە كۈزەتتە تۇرۇشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ.

كۈزەت قىلىشنىڭ ئاخىرقى نۆۋىتى زەرگەرنىڭ ئوغل ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ ئاغىنىلىرىنىڭ ئۇيقۇغا كەتكە گىدىن پايدىلىنىپ، شاھزادىنىڭ يانچۇقىدىكى گۆھەر ئېلىۋاپتۇ - دە، ئورنىغا ئوخشاش چوڭلۇقتىكى تۆت دانە

ئۇنى سىناپ:

— بالام، ماۋۇ پارچە نانلارنى تاشلىۋەتكىن، — د
غىزادىن كېيىن.

— نىمە دەۋاتىسەن دادا؟ — دەپتۇ بالا كۆزلىرىنى
چەيتىپ، — بۇ ئاپپاق بۇغداي ناننى نىمە دەپ تۆكۈۋېتەت
كېيىن يەيمىز.

— ئۆتكەن قېتىمدا گەپ قىلماي تۆكۈۋەتكەن ئىدىڭغۇ
دەپ سوراپتۇ دادىسى كۈلۈپ.

— ئۇ چاغدا مەن بىكار نان يەپ يۈرگەچكە، ئەمگەكنى
نانىنىڭ قەدرىنى بىلمەپتىكەنمەن. بىز يەۋاتقان نان، كىيىۋال
كىيىم - كېچەكلەر نۇرغۇن تەرنىڭ بەدىلىگە كېلىدىكەن د
مەن ئاتا - ئانىلارنىڭ، ئەمگەكچىلەرنىڭ قەدرىگە ئەمدى يەتت

— بارىكاللا ئوغلۇم! — دەپتۇ دادىسى سۆيۈنۈپ،
ئەمدى ھەقىقى ئادەم بوپسەن.

بالا كېيىن يەنە يېزىغا قايتىپ كېتىپتۇ ۋە ئۆمرىنى
ئاخىرىغىچە دېخانچىلىق قىلىپ باياشات ياشاپتۇ.

سېلىپ قويۇپتۇ.

تاڭ ئېتىپ، شاھزادە گۆھەرلەرنىڭ ئوغرىلانغانلىقى
بىلىپ ئەلەم ئىچىدە قاپتۇ. گۆھەرنى زەرگەرنىڭ بالىسىد
گۇمان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەھۋالنى ئاشكارىلاشنىڭ پا
دىلىق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ،
ھەقتە ھېچكىمگە ئېغىز ئاچماپتۇ.

بۇلار شۇ كۈنى كەچ بولغاندا! كۆزلىگەن شەھەرگە يېتى
كېلىپ، ئاقكۆڭۈل كىشىلەرنىڭ دەرت ئەھۋالىغا يېتىدىغان ب
مويسىپىت كىشىنىڭ سارىيىغا ئورۇنلىشىپتۇ.

تۆت ئاغىنە ئەتىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، قوساقلىرىنى
تويغۇزغاندىن كېيىن، بىرلىكتە شەھەرگە كىرىپ كەپتۇ. شەھە
نىڭ ئاۋاتلىقى، رەستە - بازارلىرىنىڭ غۇژغۇژلۇقى ئۇلارنى
ھەيران قالدۇرۇپتۇ. ئۇلار نەگە بارغۇسى كەلسە، شۇ يەرگ
بېرىپ، نىمىنى خالىسا شۇنى دىگىنىگە ئېلىپ، قانداق ئىش
ئالى بولسا شۇنى ئەتتۇرۇپ يەپ، پۇللىرىنى بۇزۇپ - چېچ
خەجلەپ، بىر ئاينى ئۆتكۈزۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ
ئېلىپ كەلگەن پۇل - پۇچەكلىرى تۈگەپ، ئاخىرى ئاچ قېلى
ھالىتىگە يېتىپ قاپتۇ.

بىر كۈنى شاھزادە دوستلىرىدىن ئايرىلىپ، پەرىشان ھال
سارايغا كەپتۇ ۋە سارايۋەن بوۋايغا گۆھەرلەرنىڭ يۈتۈپ كە
كەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنى قانداق تېپىش ھەققىدە مە
لىھەت سوراپتۇ.

— بىزنىڭ مۇشۇ شەھەرنىڭ پالانى يېرىدە، — دەپ
سارايۋەن، — بىر دانىشمەن ئايال بار. ئۇ سىزدەك مۇساپىر
لارنىڭ غەمگۇزارى، بېرىپ ئەھۋال ئېيتسىڭىز، ئوغرىلانغان
گۆھەرلىرىڭىزنى تېپىپ بېرىشى مۇمكىن.

شاھزادە دانىشمەننىڭ ھوزۇرىغا يېتىپ كەپتۇ ۋە ئېھتىرا



بىلەن قول باغلاپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ نىمە ئۈچۈن بۇ يەرگە
كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

— كەلگىنىڭىز ناھايىتى ياخشى بوپتۇ بالام، يوقالغان
گۆھەرلىرىڭىزنى تېپىش ئۈچۈن ئىلاج قىلىپ كۆرەي. ئەتە
بۇرادەرلىرىڭىزنى ئۆيۈمگە چايغا تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كېلىڭ، —
دەپتۇ شاھزادىگە دانىشمەن ئايال. شاھزادە ئۇنىڭغا مىننەت-
دارلىق بىلدۈرۈپتۇ.

ئەتىسى تۆتەيلەن دانىشمەننىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. ئايال ئۇ-
لارنى ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ئالدىغا داستىخان سېلىپ، ئوبدان
غىزالار بىلەن كۈتۈۋاپتۇ ۋە ياخشى گەپلەرنى قىلىپ كۆڭلىنى
كۆتىرىپتۇ. تاماقتىن كېيىن، دانىشمەن گۆھەرلەرنى تېپىش
مەقسىدىدە مۇنداق بىر ھېكايىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىپتۇ:

بىر كۈنى مۇشۇ شەھەردىكى بىر سودىگەر يىگىت كاتتا
توي قىلىپ شەمسىنۇر ئاتلىق ساھىپجامال بىر قىزغا ئۆيلىنىپتۇ.
تويغا يىراق - يېقىنلاردىكى ئەل - ئاغىنە، ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ
ھەممىسىنى قاتناشتۇرۇپتۇ. بۇ يىگىتنىڭ باشقا شەھەردىن تويغا
كەلگەن ناھايىتى يېقىن بىر ئاغىنىسى بولۇپ، توي تۈگىگەندىن
كېيىن ئۇنى ئېلىپ قېلىپ، مەلۇم مەزگىل تۇرۇپ كېتىشكە
تەۋسىيە قىلىپتۇ.

ئىككىيلەن بىر كۈنى شەھەر كوچىلىرىغا تاماشىغا چىقىپ،
ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ئايرىلىپ كېتىپ قاپتۇ، ئاغىنىسى
شەھەرگە تۇنجى كېلىشى بولغاچقا، ھېچيەرنى بىلمەيدىكەن. ئۇ،
دوستىنى تېپىش ئۈچۈن، شۇ ھامان ئېگىز بىر جايغا چىقىپتۇ -
دە، بىر ھازا كۈتۈپتۇ، بىراق ئۇنى چېلىقتۇرالماپتۇ، ئاغىنىسى
قانداق قىلىشنى بىلەلمەي، بېشى قېتىپ تۇرغاندا، كوچىلارنىڭ
بىرىدىن ئاجايىپ چىرايلىق زىننەتلەنگەن مەپە چىقىپ، ھېلىقى
يىگىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ. دەل شۇ چاغدا تۇيۇقسىز

سېلىپ قويۇپتۇ.

تاڭ ئېتىپ، شاھزادە گۆھەرلىرىنىڭ ئوغرىلانغانلىقىنى بىلىپ ئەلەم ئىچىدە قاپتۇ. گۆھەرنى زەرگەرنىڭ بالىسىدىن گۇمان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەھۋالنى ئاشكارىلاشنىڭ پا دىلىق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، دېمىسىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ھەقتە ھېچكىمگە ئېغىز ئاچماپتۇ.

بۇلار شۇ كۈنى كەچ بولغاندا! كۆزلىگەن شەھەرگە يېتىپ كېلىپ، ئاقكۆڭۈل كىشىلەرنىڭ دەرت ئەھۋالىغا يېتىدىغان ب مويسىپىت كىشىنىڭ سارىيىغا ئورۇنلىشىپتۇ.

تۆت ئاغىنە ئەتىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، قوساقلىرىنى تويغۇزغاندىن كېيىن، بىرلىكتە شەھەرگە كىرىپ كەپتۇ. شەھەر نىڭ ئاۋاتلىقى، رەستە - بازارلىرىنىڭ غۇژغۇنلۇقى ئۇلارنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. ئۇلار نەگە بارغۇسى كەلسە، شۇ يەرگە بېرىپ، نېمىنى خالىسا شۇنى دىگىنىگە ئېلىپ، قانداق غىز ئالى بولسا شۇنى ئەتتۇرۇپ يەپ. پۇللىرىنى بۇزۇپ - چېچىپ خەجلەپ، بىر ئاينى ئۆتكۈزۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئېلىپ كەلگەن پۇل - پۇچەكلىرى تۈگەپ، ئاخىرى ئاچ قېلىش ھالىتىگە يېتىپ قاپتۇ.

بىر كۈنى شاھزادە دوستلىرىدىن ئايرىلىپ، پەرىشان ھال سارايغا كەپتۇ ۋە سارايۋەن بوۋايغا گۆھەرلىرىنىڭ يۈتۈپ كە كەتلىكىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنى قانداق تېپىش ھەققىدە مە لىھەت سوراپتۇ.

— بىزنىڭ مۇشۇ شەھەرنىڭ پالانى يېرىدە، — دەپتۇ سارايۋەن، — بىر دانىشمەن ئايال بار. ئۇ سىزدەك مۇساپىر لارنىڭ غەمگۇزارى، بېرىپ ئەھۋال ئېيتسىڭىز، ئوغرىلانغان گۆھەرلىرىڭىزنى تېپىپ بېرىشى مۇمكىن.

شاھزادە دانىشمەننىڭ ھوزۇرىغا يېتىپ كەپتۇ ۋە ئېھتىرا



بىلەن قول باغلاپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

— كەلگىنىڭىز ناھايىتى ياخشى بوپتۇ بالام، يوقالغان گۆھەرلىرىڭىزنى تېپىش ئۈچۈن ئىلاج قىلىپ كۆرەي. ئەتە بۇرادەرلىرىڭىزنى ئۆيۈمگە چايغا تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كېلىڭ، — دەپتۇ شاھزادىگە دانىشمەن ئايال. شاھزادە ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپتۇ.

ئەتىسى تۆتەيلەن دانىشمەننىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. ئايال ئۇلارنى ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ئالدىغا داستىخان سېلىپ، ئوبدان غىزالار بىلەن كۈتۈۋاپتۇ ۋە ياخشى گەپلەرنى قىلىپ كۆڭلىنى كۆتىرىپتۇ. تاماقتىن كېيىن، دانىشمەن گۆھەرلەرنى تېپىش مەقسىتىدە مۇنداق بىر ھېكايىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىپتۇ:

بىر كۈنى مۇشۇ شەھەردىكى بىر سودىگەر يىگىت كاتتا توي قىلىپ شەمسىنۇر ئاتلىق ساھىپجامال بىر قىزغا ئۆيلىنىپتۇ. تويغا يىراق - يېقىنلاردىكى ئەل - ئاغىنە، ئۇرۇق - تۇققانلارنىڭ ھەممىسىنى قاتناشتۇرۇپتۇ. بۇ يىگىتنىڭ باشقا شەھەردىن تويغا كەلگەن ناھايىتى يېقىن بىر ئاغىنىسى بولۇپ، توي تۈگىگەندىن كېيىن ئۇنى ئېلىپ قېلىپ، مەلۇم مەزگىل تۇرۇپ كېتىشكە تەۋسىيە قىلىپتۇ.

ئىككىيلەن بىر كۈنى شەھەر كوچىلىرىغا تاماشىغا چىقىپ، ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ئايرىلىپ كېتىپ قاپتۇ، ئاغىنىسى شەھەرگە تۇنجى كېلىشى بولغاچقا، ھېچيەرنى بىلمەيدىكەن. ئۇ، دوستىنى تېپىش ئۈچۈن، شۇ ھامان ئىگىز بىر جايغا چىقىپتۇ - دە، بىر ھازا كۈتۈپتۇ، بىراق ئۇنى چېلىقتۇرالماپتۇ، ئاغىنىسى قانداق قىلىشنى بىلەلمەي، بېشى قېتىپ تۇرغاندا، كوچىلارنىڭ بىرىدىن ئاجايىپ چىرايلىق زىننەتلەنگەن مەپە چىقىپ، ھېلىقى يىگىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ. دەل شۇ چاغدا تويۇقسىز

ئاغىنىسى كەتكەندىن كېيىن سودىگەر يىگىت زادىلا خاتىرجەم بولالماي قىزنى ئىزلەشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇ ئۆز لەۋزىگە ئاساسەن ئۆيىگىمۇ كىرمەپتۇ. ئىشىنىڭ تەكتىگە چۈشەنمىگەن ئايالى شەمسىنۇر ئېرىدىن رەنجىپ، نىمە سەۋەپتىن ئۆيگە كىرمەيۋاتقانلىقىنى سوراپتۇ. سودىگەر بولغان ۋاقەنى باشتىن - ئاخىر سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئايال چۆچۈپ كېتىپتۇ - دە، رەڭگىدە باشقىچە بىر ئۆزگىرىش پەيدا بولۇپتۇ. ئېرى ئايالىدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ:

— نىمە ئۈچۈن چىرايىڭىزدا ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەۋىنى ماڭا ئېيتسىڭىز، — دەپتۇ.

— مەن ھېلىقى كۈنى مەپىگە ئولتۇرۇپ تۇققانلىرىمنىڭكىگە بارغان ئىدىم، قايتىپ كېلىشىمدە شەھەردىن ئۆتكەن ئىدىم، — دەپتۇ ئايال. — بىر جايغا كەلگەندە مەپىنىڭ پەردىسىنى شامال كۆتىرىۋەتتى - دە، مەپە ئالدىدىكى دۆڭدە تۇرغان بىر يىگىت مېنى كۆرۈپ قالدى. ئېھتىمال شۇ يىگىت سىزنىڭ ئاغىنىڭىز بولۇپ قالمىغىدى دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن.

سودىگەر يىگىت بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئەقلى - ھۇشىنى يوقاتقان ھالدا تامدەك قېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ. بىرھازا ئۆتكەندىن كېيىن ئاغىنىسى ئېيتىپ بەرگەن بەلگە بويىچە سىزىپ چىققان ھېلىقى رەسىمنى يېنىدىن ئاپتۇ - دە، ئۇنى شەمسىنۇر بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، رەسىمنىڭ دەل ئۆز ئايىلىنىڭ تەسۋىرى ئىكەنلىكىنى، ئاغىنىسىنىڭ ئۇقۇشۇلماسلىقتىن ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپتۇ.

سودىگەر يىگىت بۇ ئاجايىپ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاپ، غەم ئۈستىگە غەم بېسىپ، كۈندۈزلىرى تاماقتىن، كېچىلىرى ئۇيقۇدىن قاپتۇ. ئايالىنى ئاغىنىسىنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ بېرەي دىسە، خەلقى - ئالەم ئالدىدا ئاھانەتكە قالىدىغانلىقىنى، ئەۋەت-

شامال چىقىپ، مەيىنىڭ ئالدىدىكى پەردىنى كۆتىرىۋېتى قارىسا مەيە ئىچىدە بىر ئاپتاپ چىراي، خۇشخۇي نازىنىن تۇرغان، يىگىت قىزنى كۆرۈپلا ئاشىق بىقارار بولۇپ، ھوش يوقىتىپتۇ. مەيە بۇ يەردە ئازراقمۇ ھايال بولماي كېتىپ قاپت

ئادەملەر بىھوش ياتقان يىگىتنىڭ چۆرىسىگە ئولىش ھەيران بولۇپ تۇرغاننىڭ ئۈستىگە سودىگەر يىگىت يېتىپ كە قارىسا ئاغىنىسى، سودىگەر يىگىت ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرۈپ ئۆي ئېلىپ كەپتۇ ۋە ھوشىدىن كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى سورا ئۇ بولغان ۋەقەنى سودىگەر يىگىتكە سۆزلەپ بېرىپتۇ.

سودىگەر يىگىت ئاغىنىسىنىڭ ھالىغا ھېسداشلىق بىل رۈپ قايغۇرۇپتۇ. ئاندىن كۆرگەن قىزنىڭ رەڭگى - رۇخسار بوي - تۇرقىنى سورىغان ئىكەن، ئاشىق يىگىت كۆرگىنى بوي بىرمۇ - بىر سۆزلەپ بېرىپتۇ. سودىگەر يىگىت قولىغا قەغەز قەلەم ئېلىپ، ئېيتقان بەلگە بويىچە بىر رەسىم سىزىپ ئاغ سىگە كۆرسىتىپتۇ. ئاغىنىسى رەسىمنى كۆرۈپ، بىر «ئاھ» ئۇر تۇ - دە، يەنە ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئاشىق يىگىت ھوشىغا ك گەندىن كېيىن رەسىمنىڭ دەل ئۆزى كۆرگەن مەشۇ ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

سودىگەر يىگىت ئاغىنىسىگە تەسەللى بېرىپ، ئۇنى مۇرادى يەتكۈزىدىغانلىقى، بۇ ئىشنى ئورۇنلىماي تۇرۇپ، ھەرگىز ئ ئايالىنىڭ يېنىغا قەدەم باسمايدىغانلىقىنى ئېيت قەسەم ئىچىپتۇ.

سودىگەر يىگىت ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ، بىرنەچچە كۈنگىچ پۈتۈن شەھەرنى يىگنە ئاختۇرغاندەك ئاختۇرۇپتۇ. بىراق ھېچيەر دىن قىزنىڭ دېرىكىنى ئالالماپتۇ. ئاغىنىسىنىڭ يۈرەك يارىسى بولسا كۈنسېرى ئېغىرلىشىپتۇ. سودىگەر نائىلاج ئاغىنىسىنى يولغ سېلىپ قويۇشقا مەجبۇر بولۇپتۇ.

باراتتۇق. ئۇ يەردىن قايىنىشىمىزدا مۇشۇ يول بىلەن مېڭىپ چوقۇم ئالدىڭلارغا كېلىمىز. مال ـ مۈلكىمىزنىڭ ھەممىسىنى شۇ چاغدا سىلەرگە تەقدىم قىلايلى. بىزگە بۇ قېتىم يۈز ـ خاتىرە قىلساڭلار. — دەپتۇ.

قاراقچىلار شەمسىنۇرنىڭ سەرگۈزەشتىسىدىن تەسىرلىنىپ، ھېچ زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەي قىزلارنى يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

ئۇلار تېز يۈرۈپ، مۇددەتتىن بۇرۇن شەھەرگە يېتىپ كېلىپ، ئاشۇ يىگىتنىڭ ئۆيىنى تېپىپتۇ. يىگىت مېھمانلارنى قىزغىن كۈتىۋاپتۇ. قارىسا ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆزى مەيدە كۆرۈپ ئاشىق بىقارار بولغان ھېلىقى قىز شۇ قىياپىتى بىلەن تۇرغىدەك. يىگىت بىر ئاھ چېكىپ، بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ. شەمسىنۇر يىگىتنى يۆلەپ ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ.

يىگىت قىزلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ، ئالى ئىززەت بىلەن كۈتكەندىن كېيىن، شەمسىنۇرنى خاس ھوجرىسىغا تەكلىپ قىلىپ ئەھۋال سوراپتۇ. قىز ھەر بىر سوئالغا مۇلايىم ھالدا ئەدەپ بىلەن جاۋاپ بېرىپتۇ. يىگىت قىزنىڭ كەلگەنلىكىدىن مەمنۇن بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

بىرقانچە سائەتلىك زىياپەتتىن كېيىن قاراڭغۇ چۈشۈپتۇ. قىز يىگىتتىن مەقسەتنى ھەل قىلىپ كۆڭۈل ئېچىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. يىگىت قىزدىن:

— سىز كىم بولىسىز، بۇ يەرگە قانداق كەلدىڭىز، سىز مېنىڭ ئۆزىڭىزگە ئاشىق بولغانلىقىمنى قانداق بىلدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ. لېكىن قىز بۇ سوئاللارغا جاۋاپ بەرمەپتۇ. ئەسلىدە سودىگەر يىگىت شەمسىنۇرغا: «ئۇ يەرگە بارغاندا ئۆزىڭىزنىڭ كىملىكىڭىزنى مەلۇم قىلماڭ» دىگەن ئىكەن.

— ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ كىملىكىڭىزنى ئېيتمىسىڭىز، —

مەي دىسە. پىراق ئوتىدا يۈرىكى پۇچۇلۇنۇپ ئۆلۈپ كېتىدى لىغىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپتۇ. ئاخىرى بۇرادەرلىك مۇھەببى جۇش ئۇرۇپ، ئايالى شەمسنۇرنى دوستىنىڭ قېشىغا ئەۋەتى قارارىغا كەپتۇ. ئايالمۇ ئېرىنىڭ رايىغا نائىلاج ماقۇل بوپتۇ.

بىرنەچچە كۈنلۈك تەييارلىقتىن كېيىن، سودىگەر يىگ ئايالىنى مەپە بىلەن شەھەرگە بارغان چاغدىكىدەك ياساندۇرۇپ ئۇن قىزنىڭ ھەمرالىقىدا يولغا ساپتۇ ۋە بىر سائەت بول تېزراق يېرىشنى تاپىلاپتۇ.

بۇلار يولغا چىقىپ بىرقانچە كۈن ماڭغاندىن كېيىن، يول ئىككىگە بۆلۈنۈپتۇ. بىر يول يېقىن بولۇپ، بۇ يولدا قاراقچىلار بار ئىكەن. يەنە بىر يول يىراق بولسىمۇ، خەتەرسىز ئىكەن. ئايال ھەمرالىرىنىڭ توسىشىغا قارىماي، مەنزىلگە تېزراق يېتىپ بېرىش ئۈچۈن قاراقچىلار بار يولغا مېڭىپتۇ. ئۇلار يول يۈرۈپ بىر تاغ قاپتىلىغا كەلگەندە، تۇيۇقسىزدىن بىر توپ قاراقچىلار پەيدا بولۇپ قورشىۋاپتۇ:

— سىلەرنىڭ باشلىغىڭلار كىم؟ — دەپتۇ قاراقچىلار باشلىغى ئالدىغا چىقىپ.

— مەن، — دەپ ئۆزىنى مەلۇم قىلىپتۇ شەمسنۇر.

— جانغا تۇرامسەن، مالغىمۇ؟ ئەگەر جانغا تۇرىدىغان بولساڭ، ماللىرىڭنى بىزگە قالدۇرۇپ كېتىۋەر. ئەگەر بۇنىڭغا ئۇنىمىساڭ، ھەممىڭنى ئۆلتۈرۈپ، مال - مۈلكۈڭنى ئولجا ئالىمىز.

— مال سىلەرگە ھەدىيە بولسۇن، ئەمما بىر تەلىۋىم بار، ئېيتىشقا ئىجازەت قىلساڭلار؟

— ئىجازەت! — دەپتۇ قاراقچىلار باشلىغى.

شەمسنۇر يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى بىر - بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ ۋە:

— بىز ھازىر ئېرىمنىڭ شۇ ئاغىنىسىنىڭكىگە كېتىپ

يېزىلىپ قالسا، بۇنى ئوقۇغانلار بىزنىڭ ۋەدىگە ۋاپا قىلماي يالغانچىلىق قىلغانلىقىمىزدىن نەپرەتلەنمەمدۇ؟! ۋەدىگە ۋاپا قىلماي قۇتۇلغىنىمىزدىن كۆرە، ۋەدىگە ئەمەل قىلىپ ئۆلگىنىمىز تۈزۈك» دەپتۇ - دە، ئۇلارغا مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ:

ئەپراسىياپ زامانىدا ئىككى كىچىك بالا بىر ئادەمنى ئالدىغا سېلىپ ئوردىغا ئېلىپ كەپتۇ. پادىشا باللاردىن:

— نېمە دادىڭلار بار؟ — دەپ سوراپتۇ. باللار ئالدىغا سېلىپ كەلگەن ئادەمنى كۆرسىتىپ:

— بۇ ئادەم بىزنىڭ دادىمىزنى ئۆلتۈردى، بىز بۇنىڭدىن قىساس تەلەپ قىلىپ كەلدۇق، — دەپتۇ.

— راستمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا ئۇ ئادەمدىن.

— ئۇلۇغ شاھىم، بۇلارنىڭ سۆزلىرى راست، مەن بۇ باللارنىڭ دادىسىنى ئۆلتۈرۈپ قويغان، — دەپتۇ ئۇ ئادەم پادىشاغا.

— نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈردۈڭ؟

بۇ ئادەم جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— مەن بىر - بىرىگە چېتىقلىق ئون تۆگىنى يېتىلەپ، بىر باغنىڭ تېمى يېنىدىكى يول بىلەن كېتىپ باراتتىم. باغنىڭ تېمى پەس بولۇپ، باغدىكى ئالمىلارنىڭ شاخلىرى يول تەرەپكە ساڭگىلاپ تۇراتتى. باش تۆگە بېشىنى سوزۇپ بىر شاخنى چىشلەپ تارتىۋىدى، شاخ سۇنۇپ يەرگە چۈشتى. بۇنى كۆرگەن باغۋەن، يەنى مۇشۇ باللارنىڭ ئاتىسى باغدىن چىقىپ قولىدىكى كالتەك بىلەن تۆگىنىڭ بېشىغا قاتتىق بىرنى ئۇردى. تۆگە شۇ ھامان تىن تارتماي ئۆلدى. مەن غەزەپلىنىپ: «بىر تال شاخ ئۈچۈن بىر تۆگىنى ئۆلتۈرىدىغان قانداق ئادەمسەن؟» دەپ قولۇمدىكى تاياق بىلەن باغۋەننى بىرنى ئۇرغان ئىدىم. تاياق ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىگە تېگىپ، شۇئاندىلا جان ئۈزدى. شۇنىڭ

دەپتۇ يىگىت، — مەن ھەرگىز بۇ ئىشقا قەدەم قويمايمەن.
— شەمسنۇر نائىلاج ئەھۋالنى بايان قىلىشقا مەجبۇ
بولۇپتۇ. قىزنىڭ سۆزىدىن خۇدىنى يوقاتقان يىگىت ھاڭ - تا
بوپتۇ ۋە ئاغىنىسىنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان دەرىجىدىكى بۇندا
ۋاپادارلىقىدىن تەسىرلىنىپ، ئاغىنىسىگە كۆڭلىدە بۇرۇنقىدى
مىڭ ھەسسە ئارتۇق مۇھەببەت پەيدا بولۇپتۇ.

يىگىت قىزنى ياخشى كۆرۈش نىيىتىدىن ۋاز كېچىپتۇ ۋ
ئۇنىڭغا شۇنداق دەپتۇ:

— ھەي، ھۆسن ئىقلىمىنىڭ شاھى، ھەي جامالىدى
ئاي، قامىتىدىن سەرۋە تۆكۈلىدىغان خۇش تەبىئەتلىك نازىنى
مەن ئۇقۇشماسلىقتىن سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىكەنمەن
مەن سىزنىڭ دۇنيادا بىردىن - بىر ۋاپالىق ئاغىنەمنىڭ ئايال
ئىكەنلىكىڭىزنى نەدىن بىلەي؟! سىز مېنى كەچۈرۈڭ.

يىگىت شەمسنۇرنى ھەمراھلىرى بىلەن بىرلىكتە بىرقانچ
كۈن تۇرغۇزۇپ، كاتتا زىياپەت بەرگەندىن كېيىن، كۆپلىگەن
سوغا - سالاملار بىلەن يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. شەمسنۇرمۇ بۇ يى-
گىتنىڭ ئاغىنىسىنىڭ سىنىغىدىن ئۆتكەنلىكىدىن تەسىرلىنى
خۇشال يولغا راۋان بوپتۇ.

قىزلار ھېلىقى ئاچا يولغا يېتىپ كەپتۇ. شەمسنۇرنىڭ
ھەمراھلىرى خەتەرسىز يول بىلەن مېڭىشنى تەلەپ قىپتۇ.
شەمسنۇر ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ قاراقچىلارنىڭ ئالدىغا بېرىش
كېرەكلىكىنى ئېيتىپتۇ. ھەمراھلىرى:

— بىزنىڭ قاراقچىلارغا قەرزىمىز يوق، جاننى قۇتقۇزۇپ
قېلىش ئۈچۈن، شۇ ۋاقىتتا ئاشۇنداق ۋەدە بېرىپ قويغان
قاراپ تۇرۇپ ئۆز ئايىغىمىز بىلەن ئۆلۈم ئالدىغا بارساق قانداق
بولىدۇ؟! — دەپ ئۇنىماپتۇ. شەمسنۇر بۇلارنىڭ سۆزىگە قوشۇلماي
دەگەر بىزنىڭ مۇشۇ سەرگۈزەشتىلىرىمىز تارىخ سەھىپىلىرىگ

يېتىپ كەپتۇ ۋە پادىشانىڭ قېشىغا كېلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشنى تەلەپ قىپتۇ.

— سەن بىر قېتىم ئۆلۈمدىن قۇتۇلغان تۇرۇقلۇق يەنە نېمە ئۈچۈن ئۆلۈم مەيدانىغا كەلدىڭ؟ بىز سېنى ئىزلىمىگەن ئىدۇققۇ؟ — دەپتۇ پادىشا تۆگىچىگە سىناق نەزىرى بىلەن بېقىپ.

— ئەي شاھ! — دەپتۇ تۆگىچى. — مەندە ۋىجدان بار، ئۆز گۇناھىم ئۈچۈن قاراپ تۇرۇپ بىر گۇناسىزنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرسەم قانداق بولىدۇ؟ ئەگەر بۇ ۋەقە تارىخ سەھىپىلىرىگە يېزىلىپ قالسا، ئۇنى ئوقۇغانلار ماڭا يۈزمىڭ لەنەتلەر ئوقۇمامدۇ؟ نامەرتلىك بىلەن ياخشىلىققا يامانلىق قىلىپ، بىر كىشىنى ناھەق ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىش — ئۆلگەندىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان يامان ئىش ئەمەسمۇ؟

پادىشا تۆگىچىنىڭ ساداقەتلىك، راستچىل پەزىلىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ ۋە ۋەزىرنى ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— سەن نېمىنى نەزەردە تۇتۇپ بۇ تۆگىچىگە كېپىل بولغان ئىدىڭ؟

— شاھ، — دەپتۇ ۋەزىر، — سىز شۇ كۈنى تۆگىچىگە جازا پەرمانىنى بەرگەندىن كېيىن ئۇ مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ، پېشىمغا ئېسىلىپ يالۋۇرۇپ، مەندىن ياردەم تىلىدى. ئۇنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، مەرھەمەت قولۇمنى سۇنماسلىقنى ۋىجدان ئالدىدا گۇناھ بىلدىم. ئەگەر مەن كېپىل بولمىسام، بۇ ئادەمنى شۇ چاغدا ئۆلتۈرەتتىڭىز - دە، ئۇ تۆگىسى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىش ۋە بالا - چاقىلىرى بىلەن ۋىدالىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالماي ھەسرەتتە كېتەتتى. مۇبادا بۇ ئەھۋال تارىخ سەھىپىلىرىگە يېزىلىپ قالسا، ئوقۇغانلار «شۇ چاغدىكى كىشىلەر بىر - بىرىگە كۆيۈنمەيدىكەن» دەپ، بىز بىلەن ماڭا نەپرەت بىلدۈرەتتى. شۇڭا بۇ كىشىگە كېپىل بولغان ئىدىم.

بىلەن بۇ بالىلار كېلىپ ماڭا يېپىشتى - دە، ھوزۇرىڭ
ئېلىپ كەلدى.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ پادىشا، — ئەلقىسسا
مىنەلھەق، سېنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيمەن، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟

— شاھىم، مېنىڭ بىر ئىلتىماسىم بار، مەن ئەسل
بىر سودىگەر باينىڭ خىزمەتچىسى ئىدىم، تۆگىدىكى مالـلا
ئۆز ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ، بالا - چاقىلىرىم بىلەن ۋىدالىش
ھوزۇرىڭىزغا كەلسەم، ئاندىن ماڭا قانداق جازا بەرسىڭ
مەيلى، — دەپتۇ تۆگىچى.

— سېنىڭ قايتىپ كېلىشىڭگە ئىشەنمەيمەن، — د
شاھ، — ئەگەر راست قايتىپ كېلىدىغان بولساڭ، بۇ شەھەرد
ئۆزەڭگە كېپىل بولىدىغان بىر ئادەمنى تېپىپ بەرگىن، ئاند
رۇخسەت قىلاي.

ئۆزىنى ھېچكىم تونۇمايدىغان بىر شەھەردە كىمنى كې
قىلىپ كۆرسىتىشنى بىلمەي تۆگىچىنىڭ بېشى قېتىپتۇ ۋە ۋەز
لەردىن بىرسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۆزىگە كېپىل بولۇپ بې
شنى ئىلتىماس قىپتۇ. بىر ۋەزىر ئىچ ئاغرىتىپ، تۆگىچىن
تەلىۋىنى ئورۇنلاپتۇ.

تۆگىچى تۆگىلىرىنى يېتەكلەپ ئۆز يولىغا راۋان بوپ
كۈنلەر ئۆتۈپ، بەلگىلەنگەن مۆھلەت ۋاقتىمۇ يېتىپ كەپ
لېكىن تۆگىچىدىن ھېچقانداق دېرەك بولماپتۇ.

— تونۇمايدىغان بىر ئادەمگە كېپىل بولغان ئىدىڭ،
دەپتۇ پادىشا ۋەزىرنى چاقىرىپ، — ئۇ ئادەم كەلمىدى، ئەمد
سېنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيمەن، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟

ۋەزىر كۆپ پۇشايمان قىلىپ ھۆكۈمگە رازى بوپتۇ، ۋەز
يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان شەھەر خەلقلىرى يىغ
غان مەيداندا ۋەزىر دارغا ئېسىلىش ئالدىدا تۇرغاندا، تۆگىچ

نومۇس دەپ بىلىمىز. ئەگەر بىزنىڭ سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا ۋەدە
قىلىپ كېتىپ كەلمەسلىكىمىز تارىخ سەھىپىلىرىگە يېزىلىپ
قالسا، بۇنى ئوقۇغانلار بىزنى «يالغانچى قىزلاركەن» دەپ لەنەت
ئوقۇمامدۇ؟ شۇڭا ئالدىڭلارغا كەلدۇق. ئەنە، مال - مۈلۈكلەر،
خالىغىنىڭلارنى ئېلىڭلار.

قاراقچى باشلىقى تەسىرلىنىپ:

— سىلەر ئايال تۇرۇقلۇق، كېيىنكى ئىشلارنى كۆز ئالدىڭ-
لارغا كەلتۈرەلەيدىكەنسىلەر ھەم ۋاپالىق، ئىنساپلىق ئىكەنسىلەر،
بىز قايسى يۈزىمىز بىلەن سىلەرگە چېقىلىشقا پېتىنالايلى؟! تۇۋا
قىلدۇق. بۇندىن كېيىن ھەرگىز قاراقچىلىق قىلمايمىز، بىزنى
كەچۈرۈڭلار، — دەپ قىزلاردىن ئۆزرە سوراپتۇ.

قىزلار ئۆز شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ ۋە بولغان ۋاقەنى سودىگەر
يىگىتكە سۆزلەپ بېرىپتۇ. سودىگەر يىگىت ئاغىنىسىنىڭ ئاق كۆ-
ڭۈللۈكىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. ئەر - خوتۇن ئىككىسى خوشال
تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

دانىشمەن ئايال ھېكايىنى تۈگىتىپ، تۆت بۇرادەرنى ئۆيدىن
سىرتقا چىقىپ تۇرۇشقا تەۋسىيە قىپتۇ - دە، ئۇلارنى بىردىن
چاقىرىپ، ھېكايىدىن ئالغان تەسىراتىنى سۆزلەتكۈزۈپتۇ. شاھزادە،
ۋەزىر زادە، سودىگەرنىڭ ئوغلى ھېكايىلەردىكى شەخسلەرنىڭ
ياخشى پەزىلىتىدىن چوڭقۇر تەسىرلەنگەنلىكىتىن، ئادەملەر ئار-
سىدا ئەنە شۇنداق ئىنساپ، ۋىجدان، ۋاپادارلىق مۇناسىۋىتىنىڭ
بولۇشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپتۇ.

تەسىرات سۆزلەش نۆۋىتى زەرگەرنىڭ ئوغلىغا كەپتۇ.

— سىز مەن ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىدىن قانداق تەسىرات
ئالدىڭىز؟ بۇنى ماڭا سۆزلەپ بېرىڭا؟ — دەپتۇ دانىشمەن ئايال.

— مەيلى سودىگەر يىگىتنىڭ ئاغىنىسى بولسۇن، مەيلى
تۆگىچى بولسۇن مەيلى ۋەزىر ياكى قاراقچى بولسۇن، ئۇلارنىڭ

پادىشا ۋەزىردىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك، دىيانەتلىك پەزىلىتىگە بارىكاللا ئوقۇپتۇ. ۋەزىرنىڭ گېپىدىن كېيىن ئىككى بالا پادىشانىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— شاھ، بىز تۆگىچىنىڭ گۇنايىدىن ئۆتتۇق. دادىمىزنىڭ خۇن داۋاسىنى قىلمايمىز، — دەپتۇ.

پادىشا ھەيران بولۇپ:

— نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— دادىمىزنى ئۆلتۈرگەن بۇ كىشى، — دەپتۇ بالىلار، — ئىرادىلىك. راست سۆزلۈك ئادەم ئىكەن، ئۇ ۋەزىرنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىپ، ئۆزى ھايات قېلىشنى راۋا كۆرمەي، لەۋزىگە ئەمەل قىلىپ، بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە يېتىپ كەلدى. بىز بۇنى كۆرۈپ تۇرۇپ گۇنايىدىن ئۆتمەي، قاننى قان بىلەن يۇ-يىمىز دېسەك دۇرۇس بولامدۇ؟ ئەگەر بۇ ئىشلار تارىخ سەھىپە-لىرىگە يېزىلىپ قالسا، ئوقۇغانلار «بۇرۇنقى كىشىلەر بىر-بىرى-نىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلىشمايدىكەن. تاش يۈرەك ئىكەن» دېسە قانداق بولىدۇ؟ شۇڭا بۇ دەۋادىن كەچتۇق، — دەپتۇ.

بالىلارنىڭ روھىدىن تەسىرلەنگەن پادىشا نۇرغۇن پۇل بېرىپ ئۇلارنى يولغا سالپتۇ.

شەمسىنۇر ھېكايىسىنى تۈگىتىپ ھەمراھلىرىغا:

— سىزمۇ ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ، قاراقچىلارنىڭ ئالدىغا بارايلى، ھەرنە كۆرگۈلۈك بولسا كۆرىمىز، — دەپتۇ.

قىزلار ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ، خەتەرلىك يول بىلەن مېڭىپ قاراقچىلارنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. قاراقچىلار قارىسا، ئۆتكەن كۈنى ۋەدە قىلىپ، قېچىپ كەتكەن قىزلار. بۇنىڭدىن ھەيران بولغان قاراقچىلار باشلىقى:

— نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە يەنە كەلدىڭلار؟ — دەپتۇ.

— بىز، — دەپتۇ شەمسىنۇر، — ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىقنى

# يېتىمنىڭ بەختى

— ئۆتكەن زاماندا بىر يېتىم ئوغۇل ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ ماتا توقۇپ سېتىپ كۈننى ئۆتكۈزىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە بىر ساھىبجامال قىز 14 كۈنلۈك ئاي ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، تۈڭلۈك بېشىغا كېلىپ بىر تال قىزىلگۈل تاشلاپتۇ-دە، غايىپ بوپتۇ. يىگىت شۇندىن باشلاپ قىزنىڭ ئىشقى-پىراقىدا دەرت چېكىشكە باشلاپتۇ. قىزنى ئىزلەپتۇ، ئىزلەپتۇ، ئەمما ھېچيەردىن تاپالماپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ دەريا بويىغا بېرىپ دەرت-ئەھۋالىنى ئېقىپ كېتىۋاتقان سۇغا ئېيتىپتۇ. شۇ زامان دەريادىن بىر قاپاق چىقىپ يىگىتنى ئۈستىگە ئالغان پېتى ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. قاپاق ئۇچا-ئۇچا بىر دەرەخلىق جايغا كەلگەندە پەسلەپ، يىگىت يەرگە چۈشۈشى بىلەن تەڭ كۆزدىن غايىپ بوپتۇ.

يىگىت ئادەم ئىزى چۈشمىگەن بۇ جاڭگالدا يالغۇز يۈرۈپ 7 كېچە-كۈندۈزنى ئۆتكۈزۈپتۇ. 8-كۈنى تەۋەككۇل دەپ مەشرىق تەرەپكە يول سالغان ئىكەن، ئۇزۇن ماڭمايلا ئالدىدا بىر ئۆي تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئادەم بار جايغا كەپتىمەن دەپ ئىنتايىن خوشال بوپتۇ. بېرىپ قارىسا ئۆينىڭ ئىشىگى ئوچۇق، لېكىن ئادەم شەپىسى يوقمىش. ئۇ بىرەرسى چىقىپ قالار دەپ، خېلىغىچە كۈتسىمۇ ئۆيدىن بىرەر شەپە ئاڭلانماپتۇ. كەچ كىرىپتۇ، ئۇ ئۆيدە ئادەم يوقلۇقىغا كۆزى يېتىپ، بىر كېچە پانا قىلىش

ھەنىۋاسى ئۆتتۈپ كەتكەن ئەخمەق نىمىلەر ئىكەن. مەن ئە
سودىگەر يىگىتنىڭ ئاغىنىسى بولسام، شەمسىنۇرنى خوتۇن قىل
ھەمراللىرىنى چاكار سۈپىتىدە ئىشلىتەتتىم؛ قاراقچى بولغان بول
قىزلارنى ئۆلتۈرۈپ، مال - مۈلۈكلىرىنى ئولجا ئالاتتىم. تۆگ
بولغان بولسام، ۋەزىرنىڭ ئۆلۈشى بىلەن كارىم بولماي، كې
كەلمەيتتىم، — دەپتۇ زەرگەرنىڭ ئوغلى.

بۇ جاۋاپتىن دانىشمەن ئايال زەرگەرنىڭ ئوغلىنىڭ
نىيىتىنى بىلىپتۇ - دە، شاھزادىنىڭ گۆھەرلىرىنى ئېلىۋال
چوقۇم مۇشۇ ئىكەن، دەپ تونۇپ، بېشىغا ناياق تەگكەن ھال

— ئوغرىلىغان گۆھەرلەرنى چىقار! بولمىسا پادىشا
ئالدىغا ئېلىپ بارىمەن، — دەپتۇ. زەرگەرنىڭ ئوغلى تىترە
نائىلاج 4 دانە گۆھەرنى يېنىدىن چىقىرىپ ئايالنىڭ ئالد
قويۇپتۇ. دانىشمەن ئايال باللارنى چاقىرىپ، گۆھەرلەرنى شاھز
دىگە تاپشۇرۇپتۇ. شاھزادە بۇ ئەھۋالدىن ھەيران بولۇپ، گۆھە
لەرنىڭ تېپىلىش جەريانىنى سورىغان ئىكەن، ئايال زەرگەرنى
ئوغلىنىڭ تەلۋىنى نەزەردە تۇتۇپ:

— بالام، مەن شۇنچە كۆپ ئامال - چارە قىل
تەكشۈرسەم، گۆھەرلىرىڭ ئاغىنىلىرىڭ ئارىسىدا يۇتمىگەندە
تۇرىدۇ. مەن بۇ گۆھەرلەرنى ئۆز يېنىمدىن چىقىرىپ سا
تەقدىم قىلدىم، — دەپ ھەقىقى ئەھۋالنى ئاشكارا قىلماپتۇ.

شاھزادە بۇنىڭغا ئىشىنىپ، دانىشمەن ئايالدىن چەكسى
مىننەتدار بولۇپتۇ. زەرگەرنىڭ ئوغلىمۇ كۆڭلىدە ئۆز قىلمىشى
پۇشايمان قىلىپ، ھەرگىز ئوغرىلىق قىلماسلىققا نىيەت قىپتۇ.

باللار تېپىلغان گۆھەرلەرنى سېتىپ، پۇلىنى تەڭ خەجلەپ،
بۇ شەھەردە بىرنەچچە كۈن تاماشا قىلغاندىن كېيىن، بىرلىكتە
ئۆز شەھىرىگە قايتىپ كېتىشىپتۇ.

ۋاقىراپلا ھوشىدىن كېتىپتۇ. 7 كۈندىن كېيىنمۇ ھوشىغا كەلمەپتۇ. ئوردا ھۆكۈمالىرىنىڭ قىلمىغىنى قالماپتۇ. پادىشا ساقايماپتۇ. قىز زىندانغا سولانغان ئۇستازىدىن داۋا سوراش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. ئۇستاز ئۇنىڭغا:

— مۇشۇ يەردىن 7 كۈن يىراقلىقتىكى چۆلنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا بىر دەرەخلىق بار. دەرەخلىكتە بىر ئۆي بار. شاھىمغا شىپا بولىدىغان دورا شۇ ئۆيدە. لېكىن، دورىنى ئۆز قولىڭىز بىلەن ئەكەلمىسىڭىز شىپا بولمايدۇ، — دەپتۇ.

قىز شىپالىق دورىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن يالغۇز ئۆزى بىر كېچىدە يولغا چىقىپتۇ. 7 كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ دەرەخلىققە يېتىپ كەپتۇ. ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىشى بىلەن تەڭ ئىشىك ئۆزلۈكىدىن ئېتىلىپ قاپتۇ. قىز ھەرقانداق قىلىپمۇ ئىشىكنى ئاچالماپتۇ. دادىسىنى ئويلاپ، ئۇستازىنى قاغاپ قان - زار يىغلاپتۇ. ئۇ شۇنداق قارىسا، يەردە بىر ئۆلۈك ياتقىدەك. قىزنىڭ جان - پېنى چىقىپ ئۆلۈكنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن بىر كىتاپنى ئېلىپ كۆزىنى شۇنىڭغا باغلاپتۇ. كىتاپنى ئوقۇپ بىر يېرىگە كەلگەندە «مۇشۇ ئۆيدە بىر يەلپۈگۈچ بار، شۇ يەلپۈگۈچ بىلەن يەلپۈسە ئۆلۈك تىرىلىدۇ» دېگەن خەتلەرگە كۆزى چۈشۈپتۇ. قىز دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆينى ئاختۇرۇپ، يەلپۈگۈچنى تېپىپ يىگىتنى يەلپۈشكە باشلاپتۇ. 7 كۈن يەلپۈگەندىن كېيىن يىگىت كۆزىنى ئېچىپتۇ. ئۇ ھەيران بولۇپتۇكى، چۈشىدە گۈل تاشلىغان ساھىپجامال يەلپۈگۈچ تۇتۇپ بېشىدا ئولتۇرغىدەك، ئۇ قىزغا ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىپتۇ. يىگىتنىڭ ئوتى قىزغا تۇتىشىپتۇ. ئىككى ئاشىق - مەشۇق بۇ يەردىن چىقىپ كېتىش ھەققىدە مەسلىھەت قىپتۇ. يىگىت قىزنىڭ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش چارىسىنى كىتاپتىن تاپقانلىقىنى ئاڭلاپ، كېچە - كۈندۈز كىتاپ ئوقۇپتۇ. ئەڭ ئاخىرقى كىتاپنىڭ

ئۈچۈن ئۆيگە قەدەم ئاپتۇ. ئۇ ئىشىكتىن كىرىشىگە ئىشىك ئۆزلۈگىدىن ئېتىلىپ قاپتۇ. ئۇ ھەرقانچە ھەپىلەشسىمۇ ئىشىكنى ئاچالماپتۇ. ئۆي ئىچىگە نەزەر سالسا لىق كىتاپ تۇرغىدەك. ئۇ يىغلاپ - قاخشاپ، كىتاپ ئوقۇپ بىرنەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ. يەيدىغان ھېچنەرسە بولمىغاچقا، ئاخىرى مادارىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ.

بۇ ئۆي ئەسلىدە تىلسىمات بولۇپ، بۇ يەرگە كەلگەنلەر ئوزۇق ئېلىپ كېلىدىكەن. كىتاپلار ئىچىدىن ئۆيدىن چىقىش يولى يېزىلغان كىتاپنى تاپالىسىلا، چىقىپ كېتەلەيدىكەن، بولمىسا بىرسى كېلىپ ئۆيدىن چىقىشنىڭ ئامالىنى قىلمىسا يا ئۆلمەي يا قوپالماي كۆزى يۇمۇقلۇق يېتىۋېرىدىكەن.

بالا بۇ ئۆيدە يېتىپ تۇرسۇن، بىز گەپنى ئۇ چۈشىدە كۆرگەن قىزدىن ئاڭلايلى:

يۇرت پادىشاسىنىڭ بىرمۇ پەرزەندى بولمىغان ئىكەن. 60 يېشىدا ئۇنىڭ تەلىيى ئىجاۋەت بولۇپ، ئاللا ئۇنىڭغا بىر قىز ئاتا قىپتۇ. شاھ قىزىنى بەكمۇ ئەتىۋالايدىكەن. قىز 14 ياشقا كىرگەن كۈنى ئوردىدىكى كىچىك - چوڭ ئۇنى مۇبارەكلەپتۇ. ھەر خىل ئېسىل سوغىلارنى تەقدىم قىلىپ قىزغا بەخت تىلەپتۇ. ئەدىما قىزنىڭ ئۇستازى: «بەختسىز قىزىم» دەپ ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپلا قويۇپتۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان قىز يىغلىغان پېتى پادىشاسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئۇستازىنىڭ دېگەنلىرىنى دەپتۇ. پادىشا دەرغەزەپ بولۇپ، ئۇستازىنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن شۇنداق دېگەنلىكىنى سوراپتۇ.

— شاھىم، — دەپتۇ ئۇستاز ھەسرەت چېكىپ، — ئاخشام بىر چۈش كۆردۈم. چۈشۈمنىڭ تەبىرى شۇكى، شاگىرتىم بىر ئۆلۈك بىلەن نىكالىنىدىغاندەك.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان پادىشا «زىندانغا تاشلاڭلار!» دەپ

# ئاچكۆز باينىڭ ئۆلۈمى

بۇرۇنقى زاماندا ئالماس دېگەن بىر باي ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ قۇدرەت ئىسىملىك بىر پادىچىسى بار ئىكەن.

قۇدرەت ھەر كۈنى سەھەردە باينىڭ قويلىرىنى ھەيدەپ كېلىپ، كەچ كىرگىچە تاغ باغرىدا باقىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ بېقىۋاتقان قويدىن بىرسى ئۆلۈپ قاپتۇ. قۇدرەت بايدىن قورقۇپ، ئۆلگەن قوينىڭ تېرىسىنى سىتىپ بىر پاخلان ئېلىپ قاتارغا قوشۇپ قويۇش نىيىتىگە كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قوينى سويۇپ هارام گۆشنى تاشلىۋېتىپتۇ. شۇ ئەسنادا بىر بۆركۈت كېلىپ گۆشنى قاماللاپ ئېلىپ قېچىپ تاغنىڭ چوققىسىغا قونۇپتۇ. قۇدرەت قاراپ تۇرسا، بۆركۈت قونغان تاشنىڭ مۇشتۇمدەك بىر پارچىسى دومىلاپ تاغ باغرىغا چۈشۈپ دەريا بويىدا توختاپ قاپتۇ. قويدىن ئەنسىرىگەن قۇدرەت تاش چۈشكەن يەرگە يۈگۈرۈپتۇ. بېرىپ قارىسا تاغدىن چۈشكەن تاش دىسە تاش ئەمەس، ئەينەك دىسە ئەينەك ئەمەس، پارقىرايدىغان بىرنەرسە ئىكەن. قۇدرەت ئۇنى تۇتۇپ بېقىپ: «بۇنى بايغا كۆرسىتەي، قىممەتلىك بىرنەرسە بولۇپ قالسا ئىشلىتەر، بولمىسا ئۇچكە چېقىپ يەر» دەپ، قوينىغا ساپتۇ ــ دە، قويلىرىنى ھەيدەپ باينىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە بايغا تاشنى كۆرسىتىپتۇ.

ــ ھۇ، ئەخمەق، ــ دەپتۇ باي غەزەپلىنىپ، ــ مىنى زاڭلىق قىلغۇچى بولدۇڭمۇ؟ يوقال كۆزۈمدىن.

ئەڭ ئاخىرىغا: «كىتاپ دەپ مىڭ قېتىم تووۇلىسا ئىشىك ئېچىلـ
دۇ» دەپ يېزىلغان ئىكەن.

ئىككىيلەن مىڭ قېتىم تووۇلاپتىكەن ئىشىك ئېچىلىپتۇ
ئۇلار ئىشىكتىن چىقىپ قارىسا يەردە بىر تال قىزىلگۈل سانچىـ
لىق تۇرغىدەك. يىگىت گۈلنى دەرھال قولىغا ئاپتۇ - دە، قىزغا
— ئۈچ ئاي بۇرۇن چۈشۈمدە كۆرگەن گۈلنى قولۇمـ
ئەمدى ئالدىم، — دەپتۇ.

— بۇ گۈل دادامنى ھوشىغا كەلتۈرگەي، — دەپتۇ قىز
ئىككىيلەن گۈلنى ئېلىپ ئوردىغا بېرىپ، گۈلنى پادىشاـ
پۇراتقان ئىكەن، پادىشا ھوشىغا كەپتۇ. ئۇ قىزىغا رەھمەـ
ئېيتقان ئىكەن، قىز:

— رەھمەتنى ئۇستازىمغا ئېيتقايسىز، — دەپ ئوردىدىـ
قۇيۇندەك چىقىپ، زىندانغا بېرىپ، ئۇستازىنىڭ ئايىغىـ
ئۆزىنى تاشلاپتۇ.

ئەتە ئىككىمىز تاغ تۆۋىگە بىللە بېرىپ، چوڭ بىر كالىنى ئۆلتۈرۈپ بۆركۈتكە يەم تەييارلايلى، — دەپتۇ.

ئەتىسى باي قۇدرەت بىلەن بىللە تاغ تۆۋىگە بېرىپتۇ. ئۇ قۇدرەتنى چوڭ بىر كالىنى تۇتۇپ كېلىپ، تۇلۇمچە-لاپ سويۇشقا بۇيرۇپتۇ. قۇدرەت كالىنى سويۇپ بولۇشىغا باي:

— ئۆزەڭ بىلىسەن بالام، — دەپتۇ سىلىق-سىپايە قىيا-پەتتە، — ھازىر ياز، تېرىدىن گۆش تولۇق شىلىنمىسا، تېرە سېسىپ پۇلغا يارىمايدۇ. بۇ تېرىنى سېتىپ، پۇلىنى نويۇنغا سەرپ قىلماقچىمەن. شۇڭا تېرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغان گۆشنى پاكىزە شىلىۋەت.

ساددا قۇدرەت باينىڭ ھىلىسىنى چۈشەنمەي تېرىنىڭ ئىچىگە بېشىنى تىققان ئىكەن، باي غاچىلا قىلىپ تېرىنىڭ ئۇچىنى چىگىۋاپتۇ. قۇدرەتنىڭ نالە-پەريادىغا قارىماي، تاققا قاراپ تۇرسا، بۆركۈت كېلىپ كالا تېرىسىنى ئېلىپ ئۇچۇپ چوققىغا قونۇپتۇ. چوققىدىن بىر تاش چۈشۈپتۇ. چۈشكەن تاشنى كۆرۈپ، باينىڭ كۆزىدىن ئوت يېنىپتۇ. چاپسان ئۆيگە بېرىپ ئادەم چاقىرىپ تاشنى يۆتكەپ كېتىپتۇ. كېچىچە ئۇخلىماي مۇنداق ئويلاپتۇ: «شۇئىچىۋالا ئىگىمىز تاغنى مېنىڭ يەتمىش پۇشتۇممۇ سېتىپ تۈگىتەلمەيدۇ. قۇدرەتنى جايلىغاندەك ھەر كۈنى بىر مەدىكارنى جايلىسام، بىرىنچىدىن. قوي-كالا گۆشى-لىرى زايە كەتمەيدۇ؛ ئىككىنچىدىن، سىرنى ھېچكىممۇ ئاشكارىلاپ قويمايدۇ.»

قۇدرەت چوققىدا بۆركۈتلەرگە بوي بەرمەپتۇ. ئۈچ كۈن ئاچلىق، سوغ-جۇدۇنغا چىداپ، باينى باپلاپ ئۆچ ئېلىشنىڭ ئامالىنى ئويلاپتۇ. تۆتىنچى كۈنى ئۆزىنى چوققىدىن دەرياغا تاشلىسا، ئۆلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، چوققىدىن پەسكە سەكرەپتۇ. سۇغا قاتتىق چۈشۈپ ھۇشىدىن كەتكەن قۇدرەت بىر

قۇدرەت ياخشى كۆڭۈل بىلەن قىلغان ئىشىغا مىڭ پۇشايمان بەپ قوتىنىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

باي بولسا قۇدرەت ئۇخلاپ قالغان مەزگىلدە ھېلىقى تاشنى ئېلىپ زەرگەرنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ كۆرسىتىپتۇ. زەرگەر تاشنى قولىغا ئېلىپ:

— تەقسىر، بۇ ئالتۇن يا كۈمۈش بولمىغىنى بىلەن ئالماس ئىكەن. باھاسى ئالتۇن بىلەن تەڭ. بۇنى مەدەن پۇرۇچقا ئاپىرىپ ساتسىگىز تۇرغۇن پۇلغا يارايدۇ، — دەپتۇ.

باينىڭ ئاغزى قۇلىغىغا يېتىپتۇ. كېچىلەپ مېڭىپ مەدەن پۇرۇچنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. مەدەن پۇرۇچ تاشنى ئون تىللاغا سېتىۋاپتۇ.

ئالماس باي خۇشاللىقىدىن كېچىچە كۆز يۇممای تەستە تاڭ ئاتقۇزۇپتۇ. ئۇ قۇدرەت قويلارنى ھەيدەپ مېڭىش ئالدىدا قاپىقىنى ئاچماي تۇرۇپ، تاشنى نەدىن ئالغانلىقىنى سوراپتۇ. قۇدرەت بولغان ئىشنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ باي، — ئۆلگەن قوي ماڭا ھېساپ، ئەتىدىن باشلاپ كۈنىگە بىر قوي ئۆلتۈرۈپ بۇركۇتكە تاشلاپ بېرىپ، تاغدىن چۈشكەن تاشنىڭ تېرىقتەك پارچىسىنىمۇ قالدۇرماي ماڭا ئەكېلىپ بېرىسەن، — دەپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ بىر ھەپتىگىچە قۇدرەت قوي بېقىپ، تاش يىغىپ ھالىدىن كېتەيلا دەپ قاپتۇ. باي بۇنىڭ بەدىلىگە 700 تىللاغا ئىگە بولۇپتۇ. ئۇ بۇ تىللالارنى ئاز كۆرۈپ تېخىمۇ كۆپرەك تىللاغا ئىگە بولۇش كويىدا قۇدرەتنىڭ سىرنى ئاشكارىلاپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈش قارارىغا كەپتۇ. بىر كۈنى قۇدرەتكە:

— سېنى ئۆيلەپ قوياي، ياخشى بىر ئۆي سالايلى، ئۆينىڭ ھۇلىغا ياتقۇزۇش ئۈچۈن يوغانراق تاش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن

# ئەقىللىق بوۋاي

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىدا، مۇشۇ باغنىڭ ئورنىدا ئاپپاق ساقال بىر بوۋاي ياشىغان ئىكەن. ئۇنىڭغا قېرىلىق يەتكەندە، ئارزۇ - ئارمانلىرى ئۇنى خىجىل ئەتكەندە، ئۆلۈش ئالدىدا بىر ياخشى ئىش قىلماقچى بولۇپتۇ.

بوۋاي بىر كۈنى بىر قولىغا كەتمەن، بىر قولىغا بىر تۈپ ياڭاق كۆچىتىنى ئېلىپ يول بويىغا كەپتۇ - دە، ئورەك كولاشقا باشلاپتۇ. شۇ چاغدا مۇشۇ شەھەرنىڭ پادىشاسى بىرنەچچە ياساۋۇللىرى بىلەن بۇ يولدىن ئۆتۈپتۇ. لېكىن بوۋاي ئۇنىڭغا نەزەر - گۆزىرىنىمۇ سالماي، ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇۋېرىپتۇ. پادىشا ساقىلى ئۇچتەك ئاقارغان بىر چالنىڭ يېشىنىمۇ كۆتەرمەي ئورەك كولاۋاتقانلىقىغا ھەيران بوپتۇ - دە، يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن:

— ئى بوۋا، نەچچە ياشقا كىردىڭ؟ ھالىڭغا باقماي نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— توقسان توققۇز ياشقا كىردىم، كۆچەت تىكمەكچىمەن، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ بوۋاي.

پادىشا قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ:

— ياڭاق تۆت - بەش يىلدا مېۋىگە كىرىدۇ. ئاڭغىچە ئۆزەڭ تۈگۈل سۆڭەكلىرىڭمۇ تۇزۇپ كېتىدۇ. ئەخمەقلىق قىلىپ كۆچەت قويىمەن، دەپ ئاۋارە بولغىچە، ياتىدىغان گۆرۈڭنى

چاغدا كۆزىنى ئاچسا، مەھەللىسىدىكى دەريانىڭ قىرغىقىدا ياتقى- دەك. ئۇ خۇداغا شۈكرى دەپ، بىر پانا جاي تېپىپ كېچىچە ئۆزىنى تونۇمىغىدەك دەرىجىدە ياساپ، سەھەردە مەدىكار بازىرىغا بېرىپ بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرسا، ئالماس باي كەپتۇ. قۇدرەت بايغا ئەرزان باھادا ئىشلەپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئاچكۆز باي خوشال بولۇپ، قۇدرەتنى ئېلىپ تاغ تۈۋىگە كەپتۇ ۋە ئۇنىڭغا خۇددى بۇرۇنقىدەكلا ئىش بۇيرۇپتۇ. قۇدرەت كالىنى تۇلۇمچە قىلىپ سويۇپتۇ. باي ئىچىگە كىرىپ قېپقالغان گۆشلەرنى شىل- دىگەندە، قۇدرەت:

— باي ئاكا، مەن بىر سەھرالىق دۆت. پارچە - پۇرات گۆشنى شىلىمەن دەپ تېرىنى بۇزۇپ قويىمەن. ئاۋال ئۆزىڭىز بىر كۆرسىتىپ بەرسىڭىز، — دەپتۇ بايغا.

باي ماقۇل بولۇپ، تېرىگە بېشىنى شۇنداق تىققان ئىكەن، قۇدرەت غاچچىدىلا تېرىنىڭ ئاغزىنى باغلاپتۇ - دە، باينىڭ نالە - زارىغا قۇلاق سالماي، ئۇنىڭغا:

— باي ئاكا، ئەمدى دۇنياغا تويىسىز، — دەپتۇ. بىر چاغدا بۈركۈت تۇلۇمنى چىشلەپ ئۇچۇپ چوققىغا قونماي، ئاسمان پەلەك كۆتىرىلىپ بازار ئۈستىدە ئايلىنىشقا باشلاپتۇ. خالايىق بۈركۈتنىڭ ئالغىنى نېمىدۇ؟ دەپ بىر بىرىدىن سورىشىپتۇ. بۇنىڭ جاۋابىنى ئۇلارغا قۇدرەت بېرىپتۇ.

(بۇ چۆچەكنىڭ «ئالتۇن تاغ» دىگەن ۋارىيانتىمۇ بار)

# شاھزادە قابىل

بۇرۇنقى زاماندا چىن ماچىندا بىر پادىشا ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ھېساۋى يوق ئىكەن، غەزنىسى ھەممە نەرسىگە تولۇق ئىكەن، پادىشانىڭ مال - دۇنياغا كۆزى توق ئىكەن. لېكىن پەرزەنت يۈزى كۆرمەي كۆڭلى بەكمۇ يېرىم ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەلىكە ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بېرىپتۇ. پادىشا ئىنتايىن خوشال بولۇپ ئوغلىغا قابىل دەپ ئىسىم قويۇپتۇ، بالا بىر ياشقا كىرگەندە پادىشا يۇرت ئەقىلدارلىرىنى ئوردىغا يىغىپ بىر مۇنەججىمگە بالىنىڭ ئىقبالىغا پال ئاچتۇرۇپتۇ. پال پادىشانىڭ ئارزۇسىدەك چىقماپتۇ. پالدىن «بالا مەي - شاراپ تۈپەيلىدىن ۋەيران بولمىش» دىگەن نەرسە مەلۇم بولۇپتۇ.

پادىشا ئويلا - ئويلا پەرزەندىنىڭ مەيخور دىگەن نام بىلەن يۇرت نەزىرىدىن چۈشۈپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بىر يېڭى قانۇن جاكالىماقچى بولۇپتۇ. قانۇنغا «مەي - شاراپ ئىچمىگەن كىشى يۇرت پۇقراسى ھېساپلانمايدۇ. ئۇ يۇقرالاردىن ئۇن ھەسسە ئارتۇق سېلىق تۆلەيدۇ» دىگەننى قەيت قىپتۇ.

بالا ئوردىدا ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئەمدى زۇۋان تاپقان مەزگىلدە يۇرت بۇزۇلۇپتۇ. مەي - شاراپ ھەممىنى كاردىن چىقىرىپتۇ. جىدەل - ماجرا، زىناخورلۇق ئەۋج ئېلىپ، ئەل خاراپلىشىپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەھلى بۇت شەھرىنىڭ

كۆلىغىنىڭ ياخشىمىكىن؟ — دەپتۇ.

— مەن ئاتا - بوۋام تىككەن كۆچەتنىڭ مېۋىسىنى يېدىم. مېنىڭ بالا - نەۋرىلىرىم مەن تىككەن كۆچەتنىڭ مېۋىسىنى يەيدۇ. شۇڭا مەن ئۇلارنىڭ غېمىنى قىلىپ كۆچەت قويۇۋاتىمەن، — دەپتۇ بوۋاي.

پادىشا بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تەسىرلىنىپ بوۋايغا بىر تىللا بېرىپتۇ. بوۋاي تىللانى قولىغا ئېلىپ، ھۆكۈرەپ يىغلاپ كېتىپتۇ. پادىشا ھەيران بولۇپ:

— مەن ساڭا تىللا بەرسەم خوشال بولماي، نېمىشقا يىغلايسەن؟ — دەپتۇ.

— ئى پادىشايى ئالەم، — دەپتۇ بوۋاي كۆز يېشىنى يېڭى بىلەن سۈرتۈپ، — بۇرۇنقىلارنىڭ ياڭاق كۆچىتىنىڭ مېۋىسى گە تۆت - بەش يىلدا ئېغىزى تەككەن بولسا، مېنىڭ بىر سائەتتە تەگدى. شۇڭا خوشاللىقىمدىن يىغلاۋاتىمەن!

پادىشا ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىنمۇ تەسىرلىنىپ، بوۋايغا يەنە بىر تىللا تاشلاپ بېرىپ، خىيال سۈرگىنىچە يولىغا راۋان بوپتۇ.

(بۇ چۆچەكنىڭ «باغۋەن بوۋاي» دىگەن بىر ۋارىيانتىمۇ بار)

بىرئىمە دەر.

— ياق، — دەپتۇ ئاتا - ئانىسى تەڭلا، — سىنىڭ ئىلمىي ھېكمەتتىن خەۋىرىڭ بار، بىزنى ساتقىن. مۇبادا تەقدىرىڭ ئوڭ كەلسە بىزنى قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇرارسەن.

شاھزادە كۆزلىرىدىن ياش ئاققۇزۇپ، ئاتا - ئانىسىنى قۇل تەقلىتتە ياساندۇرۇپ شەھەرگە ئېلىپ كەپتۇ. ئۇلار شەھەرگە كىرىشىگە جاكاچىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ:

— خالايىق، ئاڭلىمىدىم دىمەڭلار، كىمدە - كىم شاھنىڭ قۇشىنى تۇتۇۋالغان بولسا ئوردىغا ئېلىپ كەلسۇن، شاھ ئۇنىڭ دىگىنىنى بىجا كەلتۈرىدۇ.

قابىل بۇنى ئاڭلاپ قۇشنى قولىغا قوندۇرۇپ، ئىككى «قۇل» نى ئەگەشتۈرۈپ ئوردىغا بېرىپتۇ. ئۇ پادىشاغا قۇشنى بېرىپ، ئۇن - تىنسىز ئارقىغا يېنىپتۇ. پادىشا ھەيران بولۇپ:

— يىگىت، — دەپتۇ مۇلايىم ئاۋاز بىلەن، — مېڭىش - تۇرۇشۇڭدىن تەربىيە كۆرگەندەك قىلىسەن، نىمىشقا ۋەدەمگە بىنائەن تەلىۋىڭنى دىمەي قايتىسەن؟

— شاھ ئالىيلىرى، — دەپتۇ يىگىت تازىم قىلىپ، — مەن سىزدىن ھېچنەرسە تەلەپ قىلمايمەن. ماقۇل كۆرسىڭىز بىر قۇل ۋە بىر چۆرەم بار. شۇنى سېتىۋالسىڭىز.

پادىشا يىگىتنىڭ تەلىۋىنى قوبۇل قىلىپ قۇللارنى سېتىۋال-ماقچى بوپتۇ ۋە باھاسىنى سوراپتۇ.

— قۇللىرىم قىرى، — دەپتۇ يىگىت ئاتا - ئانىسىنى كۆرستىپ، — يېنىكرەك ئىشقا سېلىپ، ھالىدىن ياخشىراق خەۋەر ئېلىپ قويغايسىز، ماڭا بىر تاج، بىر قۇر شاھلىق كىيىمى، بىر ئات، بىر ئوق - يا بەرگەيسىز.

پادىشا قابىلنىڭ دىگەنلىرىنى قىپتۇ. قابىل ئاتا - ئانىسىغا قاراپ كۆزىگە ياش ئېلىپ ئوردىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

پادىشاسى لەشكەر تارتىپ كېلىپ چىن ماچىن شەھىرىنى بېسىۋېلىپ پادىشا، مەلىكە ۋە 12 ياشلىق شاھزادىنى ئۆز يۇرتىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ.

پادىشانىڭ كۆزى نەمدە، مەلىكە غەمدە، شاھزادە ئەلەمدە ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ، شەرققە قاراپ پىيادە يول ئاپتۇ. ئۇلار يول مېڭىپتۇ، يول ماڭغاندىمۇ مول مېڭىپتۇ. بىرەر قارارگاھقا يېتەلمەي ھالىدىن كېتىپ، بىر چۆلدە توختاپتۇ. پادىشا ئوغلىغا مۇراجەت قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئى ئوغلۇم، يەيدىغىنىمىز تۈگىدى، بىر ئامال قىلىپ ئاناڭ بىلەن ئىككىمىزگە ئوۋ غەنىمەتلىرى كەلتۈرگىن.

شاھزادە ئاتا - ئانىسىغا تازىم بېرىپ، شىكارغا ئاتلىنىپتۇ. ئۇ، كېتىۋېتىپ بىر بۇلاق بويىدا بىر كىيىككە ئۇچراپتۇ - دە، ئۇنى تۇتۇپ گۆشىنى ئېلىپ كېلىۋاتسا، يوغان بىر شىر ئۇنىڭ ئالدىنى توساپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىپ شىرنى ئاخىرى يېڭىپ، گۆشىدىن بىر تاسما تىلىۋېلىپ، كىيىك گۆشىنى ئامان - ئېسەن ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. ئۇلار قورساقنى تويغۇزۇپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. شاھزادە بىردەم دادىسىنى، بىر دەم ئانىسىنى يۈدۈپ، ئاخىرى بىر شەھەر ياقىسىغا كەپتۇ. ئۇ ئىككىسىلەننى بىر بۇلاق بويىغا ئولتۇرۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ شەھەرگە يول ئاپتۇ. ئۇ شەھەرگە كىرىپ نېمە قىلىشىنى بىلمەي بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرسا، بىر قۇش كېلىپ ئۇنىڭ بېشىغا قونۇپتۇ. بالا قۇشنى ئېلىپ ئاتا - ئانىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇلارغا مۇنداق مەسلىھەت بېرىپتۇ:

— بۇ قۇش نېمىنىڭ خاسىيىتى بىلمەيمەن، خۇداغا شۈكرى، بىر چوڭ شەھەرگە ئولىشىپتۇق. سىلەر مېنى بازارغا ئېلىپ بېرىپ، قول ئورنىدا سېتىڭلار. مېنى ساتقان پۇل سىلەرگە بىرنەچچە ئاي يېتىدۇ. ئۇندىن كېيىن خۇدايىم يەنە

شاھزادە توپىسىنى قېقىپ، ھەر ياققا تەڭ بېقىپ شەھەرگە كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، ھەر تەرەپتىن نەغمە - ناۋالار ئاڭلىنىپتۇ. شەھەر بەكمۇ چوڭ، بەكمۇ گۈزەل ئىكەن. ئۇ كەچ كىرگىچە مېڭىپ شەھەرنىڭ چېتىگە ئۆلىشالماي، بىر كوچىنىڭ دوقمۇشىدا توختاپتۇ. ئۇنىڭ كۆڭلى بىر كىچىك ئۆينى تارتىپتۇ. بېرىپ ئىشىكنى قاققان ئىكەن، ئۆيدىن بىر موماي چىقىپتۇ. ئۇ مومايغا تازىم قىلىپ:

— مۇساپىرمەن، بۇ شەھەردە تونۇشۇم يوق، كېچىدە تېنەپ قالدىم. ئۆيىڭىزدە بىر كېچە تۈنەشكە رۇخسەت قىلغايسىز، — دەپتۇ.

مومايىنىڭ بۇ مۇساپىر يىگىتكە ئىچى ئاغرىپ ئۆيىگە باشلاپتۇ. مومايىنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، بىرى موزدوز ئىكەن، شاھزادە ئۇنىڭ بىلەن ھۆگدىشىپ چىقىشىپ قاپتۇ. ئەتىسى ئىككىسى شەھەرگە بېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ رەستىگە بېرىشىغا پادىشانىڭ ياساۋۇللىرى نەيزىنىڭ ئۇچىغا بىر ئادەمنىڭ بېشىنى سانچىپ ئالدىلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. شاھزادە بۇ ئىشتىن ھەيران بولۇپ، ھەمرايىدىن بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى سورىغان ئىكەن، موزدوز ئۇلۇق - كىچىك تىنىپ:

— شاھىمىزنىڭ بىر ساھىپجامال قىزى بار، پادىشا قىزغا لايىق بولىدىغانلارغا قىزنىڭ سوئالىغا جاۋاپ بېرىش شەرتىنى قويدى. قىزنىڭ سوئالىغا جاۋاپ بېرەلمىسە، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالىدىغانلىقىنى جاكالىدى. شۇنىڭ بىلەن پادىشا بىر مۇنار سالدۇردى. قىزغا لايىق بولغۇچى مۇنار ئالدىدا قىزنىڭ سوئالىغا جاۋاپ بېرىدۇ. ھازىرغىچە بەش يۈز ئەللىك يىگىتنىڭ بېشى كېسىلدى. بۈگۈنمۇ بىرسىنىڭ كېسىلگەن ئوخشايدۇ، — دەپتۇ.

شاھزادە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ مەيدانىغا چۈشمەكچى بوپتۇ.

شاھزادە قابىل يولنى باغدات شەھىرىگە ساپتۇ. ماڭا-ماڭا بىر دۆڭگە كېلىپ ئارام ئالاي دەپ ئولتۇرسا يىراقتىن بەش ئاتلىق ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتقىدەك. شاھزادە بۇنى كۆرۈپ، قاراقچى بولۇپ قالمىسۇن، دەپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ تۇتۇشۇشقا راسلىنىپتۇ. ئاتلىقلار يېتىپ كېلىپ شاھزادىنى كۆرۈپ تازىم قىپتۇ ۋە ئۆزلىرىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— بىزلەر پەرەڭ مەملىكىتىدىن چىن ماچىنغا ئەلچىلىككە كېتىۋاتىمىز. لېكىن ھېچقايسىمىز ئىشىنىڭ ئېپىنى بىلمەيمىز. ئەپتىڭىزگە قارىغاندا بىلەرمەندەك كۆرۈنىسىز. بىزگە باش بولۇپ ئەلچىنامىنى يەتكۈزۈشكە ياردەم بەرسىڭىز.

ئەلچىلەر كۆپ يالۋۇرغاندىن كېيىن شاھزادە نائىلاج ئۇلارنىڭ پىكرىگە ماقۇل بولۇپ بىللە يولغا چىقىپتۇ. ئالتە كىشى بىر چۆلدە كېتىپ بارسا قۇيۇن چىقىپ كېتىپتۇ. قۇيۇن توختىغاندىن كېيىن يىگىت كۆزىنى ئېچىپ قارىسا ھەمرالىرى كۆرۈنمىگىدەك. ئۇ تولا ئىزلەپ تاپالمىغاندىن كېيىن ئۆزى يالغۇز مېڭىپ بىر دەريا بويىغا كەپتۇ - دە، ئېتىنى سۇغىرىپ دەم ئاپتۇ. مېڭىش ئالدىدا خۇدا ئېسىگە سالغانمۇ، ئەلچىنامىنى بىر ئوقۇپ بېقىش نىيىتىگە كېلىپ ئېچىپ قارىسا، ياپىر! تۆۋەندىكىدەك خەتلەر تۇرغىدەك: «خاقانى چىن ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭكى، ئۇشبۇ نامىنى ئېلىپ بارغان بەش كىشى ماڭا ۋە سىزگە دۈشمەندۇر. ئۇلارنى تەستە يولغا سالدىم، پەم بىلەن جايلىغايسىز».

شاھزادە بۇ نامىنى ئوقۇپ «مېنى ئاللا تائالا ئۆز پاناھىدا ساقلاپتۇ» دەپ تۆۋە - ئىستىغپار ئېيتىپ، نامىنى بىر قۇدۇققا تاشلىۋېتىپ كەينىگە يېنىپ كۆزلىگەن نىشانىغا يول ئاپتۇ. ئۇ 7 كېچە - كۈندۈز ماڭغاندىن كېيىن باغدات شەھىرىگە كەپتۇ.

بىلەن ئەسىردۇر، قارا يۈزىدىكى ئۈچ مېۋە بولسا بامدات، شام، خۇپتەندۇر.

مەلىكە جاۋاپلاردىن قانائەتلىنىپ، يەنە سوئال سوراشقا ئامالسىز قاپتۇ، يىگىت ئۇنىڭغا:

— ئى مەلىكەم، سەن بىرقانچە سوئال سورىدىڭ، ئەمدى مېنىڭمۇ سەندىن بىر-ئىككى سوئال سورىشىمغا رۇخسەت قىلغايسەن، — دەپتۇ. مەلىكە ماقۇل بوپتۇ. يىگىت مەلىكىگە تارىم قىلىپ:

— مەن يولدا كېلىۋېتىپ ئۈچ ئۆلۈمگە دۇچ كەلدىم. بىرىنچى ئۆلۈمنى ئۆلتۈردۈم، ئىككىنچىسىنى زىندانغا سالدىم، ئۈچىنچىسىنى يەڭدىم. بۇنىڭ تەبىرىنى بەرگەيسىز، — دەپتۇ.

مەلىكە ئويلىنىپ بۇ غەلىتە سوئالغا جاۋاپ بېرەلمەپتۇ. ئەتە جاۋاپ بەرمەكچى بولۇپ ئوردىغا قايتىپتۇ.

شاھزادە ئۆيىگە كېلىپ موزدۇز ئاغىنىسى بىلەن گەپلىشىپ ئولتۇرسا، بىرسى ئىشىك قېقىپتۇ. موزدۇز بالا چىقىپ قارىسا، يۈز-كۆزىنى يۆگىگەن بىر ئايال تۇرغىدەك.

— كىم بولىسىز؟— دەپ سوراپتۇ بالا ئۇنىڭدىن.

— كىرىپ يىگىتكە ئېيتىڭ، مەن مەلىكىنىڭ كوكۇلدىشى، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدىم.

موزدۇز يىگىتكە ئايال دىگەن گەپنى ئەينەن يەتكۈزۈپتىكەن، يىگىت خوشال بولۇپ، ئايالنى قوبۇل قىپتۇ. ئايال ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن يىگىت بىلەن سالاملىشىپ، يىگىتكە بىللە شاراپ ئىچىپ كۆڭۈل ئاچقىلى كەلگەنلىكىنى دەپتۇ. يىگىت نامەرتلىك بولمىسۇن دەپ ئايال تۇتقان شاراپنى ئىچىۋېرىپ بىر چاغدا مەس بولۇپ قاپتۇ-دە، ئۇنىڭغا قول ساپتۇ. باشقا قىز قىياپىتىدە ياسىنىپ مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن يىگىتتىن سىر ئالماقچى بولغان مەلىكە ئىشىنىڭ ئۆزى كۈتكەندەك بولغان مۇشۇ پەيتىدە يىگىتكە:

— ئەتىگەن مەلىكىگە قويغان سوئالىڭنىڭ جاۋاۋىنى

ئەتىسى سەھەردە مۇنارغا بېرىپ ناغرا چېلىپ، ئۆزىنىڭ مەيدانغا چۈشۈش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈپتۇ. قىز ئوردىدىن چىقىپتۇ، خالايىق مۇنار ئەتراپىغا يىغىلىپتۇ. كىشىلەر بۇ خۇشپېئىل يىگىتنىڭ بىمەھەل ئۆلۈپ كېتىشىدىن غەم يەپ ئۇنىڭغا:

— ئى، مۇساپىر يىگىت، تەگلىك تارتقان بولساڭ بىز سەندىن خەۋەر ئالايلى. ياش جېنىڭ بىھۇدە نابۇت بولمىسۇن، پەيلىڭدىن يان، — دەپتۇ.

— يولۋاس ئىزىدىن، يىگىت سۆزىدىن قايتماس، — دەپتۇ يىگىت ئۇلارغا.

شۇنداق قىلىپ قىز ئالتۇن كۈرسىدا، يىگىت كۆمۈش كۈرسىدا ئولتۇرۇپ، سوئال - جاۋاپنى باشلاپتۇ. قىز يىگىتتىن سوراپتۇ:

— سەن ھازىر نەدە تۇرۇقلۇق؟

— كۆكلۈكنىڭ ئىچىدە.

— زاتىڭ كىم بولۇر؟

— ئاتام تۇپراق، ئانام بۇلۇتتۇر. مەن بولسام ئىنسانمەن. ئۆلۈمنى بىلىمەن، قاچان ئۆلۈشۈمنى بىلمەيمەن.

— بىر دەرەخ كۆردۈم، ئون ئىككى شېخى بار. ھەر بىر شېخىنىڭ ئوتتۇز يوپۇرمىقى بار، ھەر تال يوپۇرماقنىڭ بىر تەرىپى ئاق، بىر تەرىپى قارا بولۇپ، بەش تال مېۋىسى بار. بۇ مېۋىنىڭ ئىككىسى يوپۇرماقنىڭ ئاق يۈزىدە، ئۈچى قارا يۈزىدە، بۇ قانداق دەرەخ؟

بۇ سوئالغا شاھزادە مۇنداق جاۋاپ بېرىپتۇ:

— مەلىكەم كۆرگەن ئۇل دەرەخ بىر يىلدۇر. ئون ئىككى شېخى ئون ئىككى ئايدۇر. ئوتتۇز يوپۇرماق ھەر ئايدىكى ئوتتۇز كۈن بولۇپ، قارىسى كېچە، ئېقى كۈندۈزدۇر. بەش مېۋە — بەش ۋاق نامازدۇر، يوپۇرماقنىڭ ئاق يۈزىدىكى ئىككى مېۋە — پېشىن

كەتتى. بۇ نىمە ئەھۋالدىن دېرەك؟

بۇ سوئالنى ئاڭلاپ مەلىكە گاڭگىراپ قاپتۇ. بىرئاز ئويلاپ ئاخشام كىيىم - كېچەكلىرى يىگىتنىڭ قولىدا قالغانلىقى ئېسىگە چۈشۈپتۇ - دە، پادىشاغا قاراپ:

— ئەي ئاتا. بۇ يىگىتنىڭ دانالىقى مېنى ھەيران قالدۇردى. مەن بەش يۈز ئەللىك يىگىتنىڭ جېنىغا زامىن بولدۇم. رازىمەنكى، بۇ يىگىتنى ئەلگە كۈيوغلۇم دەپ جاكالىسىڭىز. — دەپتۇ.

پادىشا قىرىق كېچە-يۇ - كۈندۈز توي قىلىپ. مەلىكىنى مۇساپىر شاھزادىغا بېرىپتۇ. ئەمما شۇنچە چوڭ توي قىلىنسىمۇ، شاھزادىنىڭ كۆڭلى ئېچىلماپتۇ. بۇنىڭدىن ھەيران بولغان مەلىكە نىمە ئۈچۈن شۇنداقلىقىنى يىگىتتىن سورىغان ئىكەن، ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەھۋالىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. مەلىكە بۇ ئەھۋالنى ئاتىسىغا دەپتۇ ۋە يىگىت بىللەن سەپەرگە چىقىش نىيىتىنى بىلدۈرۈپتۇ.

پادىشا كۈيوغلىغا 60 مىڭ لەشكەر قېتىپ، زار - زار يىغلاپ ئىككىيلەننى يولغا ساپتۇ. شاھزادە ئالدى بىلەن ئاتا - ئانىسىنى قۇللۇقتىن ئاجرىتىپتۇ. ئاندىن ئۇلار ئۆزىنىڭ مەملىكىتىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، شاھزادىنىڭ ئاتا - ئانىسى چىن ماچىنغا يەتكەن كۈنىلا قازا تاپقانمىش. شاھزادە تەختكە ئولتۇرۇپ يۇرت سوراپ ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەنمىش.

ئېيتىپ بەرسەڭ دېگىنىڭگە كۆنمەن. بولمىسا خەلقى - ئالەم ئالدىدا رەسۋا قىلىمەن،— دەپ تەلەپ قويۇپتۇ ۋە يۈزىنى ئېچىپتۇ. يۈزىنى ئېچىشى بىلەنلا مەلىكىنى تونۇغان يىگىت بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، ئۆز سوئالىنىڭ جاۋابىنى مەلىكىگە بىر - بىرلەپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ:

— مەن،— دەپتۇ يىگىت مەردانىلىق بىلەن،— بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى كېمەك ئوۋلاشقا بېرىپ، بىر شىرغا دۇچكەلدىم، ئۇنى ئۆلتۈردۈم. بۇ، بىرىنچى ئۆلۈمنى ئۆلتۈردۈم دېگىنىم؛ ئىككىنچى ئۆلۈمنى زىندانغا سالدىم دېگىنىم — ماڭا يولدا بەش كىشى ھەمرا بولدى. ئۇلار ماڭا بىر ئۆلۈمنادىنى بەردى. مەن ئۇنى قۇدۇققا تاشلىۋەتتىم؛ بۈگۈن مەلىكىنىڭ سوئالىغا جاۋاپ بەرگىنىم ئۆلۈمنى يەڭگىنىم.

مەلىكە جاۋاپنى تولۇق ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ھىلە ئىشلىتىپ يىگىتتىن قۇتۇلماقچى بولۇپ ئۇنىڭغا:

— تەلىۋىڭنى ئورۇنلاش ئالدىدا تاھارەتكە چىقىپ كىرسەم،— دەپتۇ.

— ماقۇل،— دەپتۇ يىگىت ئۇنىڭدىن ئۇستا كېلىپ،— كىيىم - كېچىكىڭنى سېلىپ بولغاندىن كېيىن چىق.

مەلىكە شاھزادىنىڭ دېگىنىدەك قىپتۇ. تاشقىرىغا چىقىپ ئوردىغا قاراپ قويۇندەك ئۇچۇپتۇ. شاھزادە ئەتىكى ئىشلارنى ئويلاپ، غەمگە چۆكۈپتۇ.

تاڭ ئېتىپ مۇنار تۆۋىدە ناغرا - كانايلارنىڭ ئاۋازى ياڭراپتۇ. مەلىكە بىلەن شاھزادە مەيدانغا چۈشۈپتۇ.

— ئەي، ئەقىللىق مەلىكە،— دەپتۇ يىگىت بىرىنچى بولۇپ سۆز ئېلىپ، — مەن تۈنۈگۈن قىزىق ئىشقا دۇچكەلدىم: ئۆزى ئۇچۇپ كەلگەن بىر قۇشنى تۇتۇۋالدىم، ئۇنىڭ پەي - قاناتلىرىنى يۇلۇپ، بىر كاۋاپ قىلىپ يەي دەپ ئوتقا سېلىش ئالدىدا قۇش ئۇچۇپ

ئېرىنىڭ ئەلپازىنى كۆرگەن خوتۇنى قىزىغا قاراپ ئۇنىڭدىن بەكرەك ۋاقىراپتۇ:

— قوپ دىدىم قوپ! داداڭنىڭ قوسىغى بەك ئېچىپ كېتىپتۇ.

قىزى ئانىسىنىڭ تەلەتىدىن چۆچۈپ يىغلاشقا باشلاپتۇ ۋە:

— ئەرگە تەگمەيمەن دىدىم، تەگمەيمەن. — دەپتۇ.

خوتۇنى قول ئىشارىتى بىلەن ئېرىگە:

— تېخى كۆن قىزارمىدى، چايغا نىمانچە ئالدىرايلا؟ — دىگەننى ئۇقتۇرۇپتۇ. ئېرى بولسا كۆن كۆرسىتىلگەن ئىشارەتتىن قويلار كۆنچىقىش تەرەپكە كەتتى، دىگەن مەنانى چۈشىنىپ:

— قوينىڭ شۇ تەرەپكە كەتكىنىنى كۆرگەن ئادەم ئۇنى نىمىشقا توسمىدىڭ؟ — دەپ خوتۇنىغا بىر كاچات ساپتۇ - دە، قوينى ئىزلەش ئۈچۈن ئۆيدىن قويۇندەك چىقىپ كېتىپتۇ.

— سەن مېنى تاياقتا قويدۇڭ، زادى ئۆي ئىشىغا ياردەملىشەمسەن - يوق؟ — دەپ ئانىسى قىزىغا بىر كاچات ساپتۇ. قىز ئانىسىغا يالۋۇرۇپ:

— جېنىم ئانا، كىمگە بەرسىڭىز شۇنىڭغا تېگەي، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئانا - بالا بىر - بىرىنىڭ گېپىنى ئۇقۇشال ماي يىغلىشىپ ئۆيىنى بېشىغا كىيىپتۇ.

ئەمدى گەپنى سوپىدىن ئاڭلايلى:

ئەتىگەندىن تا كەچكىرگىچە قويلارنى ئىزلەپ ھېچيەردىن تاپالمىغان سوپى يولدا كېتىۋاتسا، يولدا بىر ئادەم ھارۋا ياساپ ئولتۇرغىدەك. سوپى ئۇنىڭدىن:

— ھەي بۇرادەر، بۇ يەردىن بىر توپ قوي - ئۆشكىنىڭ ئۆتكىنىنى كۆرلىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ھارۋا ياساۋاتقان كىشى سودىگەر بولۇپ، ئۇمۇ گاس ئىكەن، يولدا ئۇنىڭ ھارۋىسىنىڭ ئوقى سۇنۇپ كەتكەن ئىكەن.

## بەش گاس

بۇرۇنقى زاماندا بىر سوپى ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ ئۆيىدە ئۈچ جان بولۇپ، ھەممىسى گاس ئىكەن، بىر - بىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمايدىكەن. بۇ ئائىلىنىڭ يىگىرمە تۇياق قوي - ئۆشكىسى بولۇپ، سوپى قوي - ئۆشكە بېقىش بىلەن مەشغۇل ئىكەن. سوپىنىڭ خوتۇنى بولسا، ئاش - تاماق ئېتىپ بېرىدىكەن. بىر قىزى ئولتۇرسا - قوپسا ئەر غېمىدە ئىكەن.

بىر كۈنى سوپى ئادىتى بويىچە ناماز بامداتقا مېڭىشتىن ئىلگىرى، قوي - ئۆشكىلەرنى قوتاندىن چىقىرىپ، ئوتلاققا ھەيدەپتۇ. ئۇ نامازدىن يېنىپ ئوتلاققا قارىسا، قوي - ئۆشكىلىرى كۆرۈنمەپتۇ. ئەتراپىنى ھەرقانچە ئىزلەپمۇ قوي - ئۆشكىلىرىنى تاپالماي، ئۆيىگە قايتىپ ئاچچىقى بىلەن خوتۇنىدىن سوراپتۇ:

— قوي - ئۆشكىلەرنى كۆردۈڭلارمۇ؟

ئېرىنىڭ گېپىنى ئاڭلىيالمىغان خوتۇن قىزىغا قاراپ:

— قوپ قىزىم، داداڭنىڭ قورسىقى بەك ئېچىپ كەتكەن ئوخشايدۇ. نان - چاي تەييارلىغىن، — دەپتۇ.

ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىيالمىغان قىزى قاپىقىنى تۈرۈپ:

— كىم سىلەرگە ئەر تېپىپ بەر، دىدى؟ مەن ئەرگە تەگمەيمەن، — دەپتۇ.

سوئالغا جاۋاپ ئالالمىغان سوپى تېرىكىپ چىڭ ۋاقىراپتۇ:

— قويلارنى كۆرۈشتۈڭمۇ دەيمەن؟

ھۇ، مۇتىھەم، يوقال كۆزۈمدىن، — دەپتۇ سوپى ئۇنىڭدىن قاتتىقراق ۋاقىراپتۇ:

— ئوغرى دىگەن سەن! بىر ئىغىز گېپىڭگە بىر ئوغلاق بەرسەم رازى بولمايسەن، ئىنساپسىز، چوڭ قوي بەرسەم بولامتى؟..

سوپىنىڭ ئەلپازىنى كۆرگەن سودىگەر، ماڭا تۆھمەت قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ، سوپىنىڭ جاجىسىنى بەرمەكچى بولۇپتۇ. ئىككىلەن جىدەللىشىپ قاپتۇ:

— ھۇ، تۆھمەتخور! — دەپتۇ سودىگەر.

— ھۇ، نا ئەھلى ئىنساپسىز! — دەپتۇ سوپى.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار غەزەپلىرىنى بېسىشالماي مۇشتلىشىپ كېتىپتۇ. بىردەمدە ھەر ئىككىسىنىڭ ئاغزى - بۇرنى قان بوپتۇ. ئۇلار دە تالاش قىلىۋاتقاننىڭ ئۈستىگە بەگ كېلىپ قاپتۇ.

— ھە، نىمە تالىشىۋاتىسىلەر؟ - دەپتۇ بەگ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا چۈشۈپ.

سودىگەر بىلەن سوپى ئەھۋالنى بىر - بىرلەپ بەگكە سۆزلەپ بېرىپتۇ. بەگ بۇ گاسلارنى ئەخمەق قىلىش ئۈچۈن:

— سىلەرنىڭ دەۋايىڭلار شەرىئەتكە ياتمىدىغان دەۋا ئىكەن، قازىنىڭ ئالدىغا بېرىڭلار، — دەپ كېتىپ قاپتۇ. گاسلار بەگنىڭ تازا ۋاقىراپ، ئۆزلىرىنىڭ قۇلاقلىرىغا ئېيتقان بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپتۇ، ئۇلار سۆرىشىپ، قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. دەۋاگەرلەر قازىغا دەردىنى ئېيتىپتۇ. بۇ قازىمۇ گاس ئىكەن، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىماپتۇ. سودىگەر قىبلىنى كۆرسىتىپ:

— ئاۋۇ بەردە ھارۋام قالدى، تېزراق بىرنىمە دىسىلە، — دەپتۇ.

سوپىمۇ قويلىرىدىن ئەنسىرەپ ئىشارەت بىلەن:

— ئەتىگەندىن بۇيان ھېچنىمە يېمىدىم، بۇ ئوغرىغا بېرىدىغان ئوغلۇغۇممۇ يوق، — دەپتۇ. بۇلارنىڭ ئىشارىتىدىن

— ھە، ھارۋامنىڭ ئوقى سۇنۇپ كەتتى، — دەپتۇ سودىگەر.

سوپى ئۆزىنىڭ كاللا دىسە، ئۇنىڭ پاچاق دەۋاتقانلىقىدىن ئۇنىڭمۇ گاس ئىكەنلىكىنى بىلىپ، قول ئىشارىتى بىلەن:

— بىر توپ قوي - ئۆشكەم يوقاپ كەتتى. ئۇ يەرگە باردىم يوق، بۇ يەرگە باردىم يوق. سىلىدىن كۆردىلىمۇ دەپ سوراۋاتىمەن، — دەپتۇ.

— ھە، بۇنداق ھارۋىدىن نەچچىنى ئوڭلىغانمەن، — دەپتۇ سودىگەر.

— ئەگەر قويلىرىم بار جايىنى كۆرسىتىپ قويسىلا بىر ئوغلاق بېرىمەن، — دەپتۇ سوپى.

سودىگەر قول ھەركىتى بىلەن كۈننىڭ ئولتۇرۇشىنى كۆرسىتىپ:

— ھارۋامنى ياسىۋالسام، ئۆيگە كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن يېتىپ بارىمەن، — دەپتۇ.

سوپى قويلىرىم كەتكەن تەرەپنى كۆرسىتىپ بەردى، دەپ چۈشىنىپ خوش بولۇپ:

— رەھمەت بۇرادەر، — دەپتۇ - دە، كۈنپېتىش تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ئازراق مېڭىپ قارىسا قوي - ئۆشكىلىرى چوڭ بىر ئۆستەڭنىڭ بويىدا ئوتلاۋاتقىدەك. سوپى بۇنى كۆرۈپ ناھايىتى خوشال بولۇپ، بىر توكۇر ئۆشكىنى بەرمەكچى بولۇپ سودىگەرنىڭ يېنىغا كەپتۇ.

— سىلىگە رەھمەت! ئەگەر قويلىرىم بار جايىنى كۆرسىتىپ بەرمىگەن بولسىلا، مۇنچىۋالا مېلىمنى تاپالمايتتىم. شۇ ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن مۇنۇ ئوغلاق سىلىگە ھەدىيە، — دەپتۇ سوپى.

توكۇر ئوغلاقنى كۆرۈپ سودىگەرنىڭ جان - ئىمانى چىقىپ سوپىغا قاراپ:

— ھوي ئوغرى، ئوغلىقىڭنىڭ پۇتىنى مەن سۇندۇردۇممۇ؟

## ئەقىلۋاي

بار ئىكەن، يوق ئىكەن. ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن. قىرغاۋۇل جەدىكەن، قۇيرۇغى يەدىكەن، بۆرە قاراقچى ئىكەن، تۈلكە يالاقچى ئىكەن، ئېيىق سوراقچىكەن، سېغىزخان چېقىمچى ئىكەن، غورۇلاي بېقىمچى ئىكەن. شۇنداق كونىلەرنىڭ بىرىدە، بىر يىگىت بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە سەپەرگە چىقىپتۇ. ئازراق يول ماڭغاندىن كېيىن ئەللىك ياشلاردىكى. قارا چاڭگا ساقاللىق، ئۆزىنى توختاتقان، جاھاننىڭ ئىسسىق - سوغاقلىرىنى كۆرگەن، ياخشى - ياماننى پەرق ئېتەلەيدىغان بىر كىشى ھەمرا بولۇپ قوشۇلۇپتۇ.

يىگىت شوخ، كۆڭۈلچەك، پاراڭچى، مىجەزى يېنىك ئىكەن. ھېلىقى كىشى بولسا، ئېغىر - بېسىق، پۇختا، كەمسۆز ئىكەن. ئىككىسى تالاي يول مېڭىپتۇ. يىگىت يولبويى ئۇنى - بۇنى سوراپ مېڭىپتۇ. لېكىن ھەمرايىدىن «ھە» دىگەن سادا چىقماپتۇ. ھەمرايى گەپ قىلمىغاندىن كېيىن يىگىتمۇ خىجىل بولۇپ ئۈن چىقماي مېڭىشقا مەجبۇر بولۇپتۇ. لېكىن شوخ يىگىت بۇنىڭغا زادىلا چىدىيالماپتۇ.

— ھەي، سەپەرداش ئاكا! گەپ قىلغاچ ماڭساقچۇ؟ گەپنى پۇلغا سېتىپ ئالغانمىدىڭىز؟ ئانداق قىلماڭ، بەكمۇ زېرىكىپ كەتتىم، — دەپتۇ.

— پۇلغا سېتىپ ئالمايزە ... ساڭا ئەرزان بولغىنى بىلەن

مەقسىدىنى بىلىۋالمىغان قازى:

— ھە، ئىككىڭلارنىڭ بۈگۈن ئاخشام ئاسماندا ئاي كۆرگىنىڭلار راستمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. سوپى بىلەن سودىگەر ئىشارەت قىلىپ، ئۆز سۆزىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىشىپتۇ. قازى:

— شەرىئەت ھۆكمىدە ئىككى مۇسۇلمان ئاي كۆردۇق، دەپ گۇۋالىق بەرسە، روزى ھېيت نامىزىنى ئوقۇسا بولىدۇ. قېنى ناغرا چېلىنسۇن، — دەپ رەئىسلىرىگە بۇيرۇق بېرىپتۇ. ناغرا ئاۋازىنى ئاڭلىغان كىشىلەر تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ قازىخانىغا يىغىلىپتۇ. ئۇلار ھەيران بولۇشۇپ:

— قازاخۇنۇم، بۇ نىمە ناغرا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ ئىككىيلەن ئاسماندا ئاي كۆردۇق، دەپ گۇۋالىق ئېيتىپ كەپتۇ. ئەتە روزى ھېيت نامىزىنى ئوقۇيمىز، — دەپتۇ قازى. روزى ھېيت نامىزىغا تېخى ئۈچ كۈن بارلىقىنى ھەممە ئادەم بىلگەچكە، قازىنىڭ دۆتلۈكىدىن شىكايەت قىلىشىپتۇ. ئاخىرى ئۇنى قازىلىق ئورنىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئىشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ سازايى قىپتۇ. سودىگەر بىلەن سوپى ئۆزىگە نۆۋەت كېلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ ئۇ بۇ تەرەپكە، بۇ ئۇ تەرەپكە قاراپ قېچىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ دەۋاسى شۇنىڭ بىلەن تۈگەپتۇ.

كېيىن، كۆكۈلچەكلىك قىلمەن دەپ «ۋاي كەلسىلە، يۇقۇرىغا ئۆتسىلە!» دەپ خۇشامەتچىلىك قىلىپ ئاخىرىدا ئۆز ئورنىنى ساقلىيالماي بارغانسىرى سۈرۈلۈپ پەگاغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئاخىرىدا پەگامۇ نېسىپ بولماي، قازاننىڭ ئاشقان ـ تاشقان قىسماقلىرى تېگىپتۇ. شۇ ئارىدا سورۇنغا گۆش توغراشقا پىچاق لازىم بولۇپ، مېھمانلار بىر ـ بىرىدىن سورىشىپتۇ. لېكىن ھېچكىمدىن پىچاق چىقماپتۇ. ھېلىقى نادان يىگىت پىچاق بەرسەم ئىتىۋارىم بولارمىكىن، دەپ خام تامادا پىچىغىنى چىقىرىپتۇ. ئۇ پىچاق دادىسىدىن مىراس قالغان، شۇنداق چىرايلىق ئىكەنكى، دەستىسى ئالتۇن، كۈمۈش، ياقۇت تاشلار بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، كۈن نۇرىدا كۆزنى چاقنىتىپ تۇرىدىكەن. تىغى ناھايىتى ئەلا سۈپەتلىك پولات ئىكەن. جامائەتنىڭ پىچاققا بولغان قىزىقىشى ئېشىپ، پىچاق قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ، يۇقۇرىسىغا قاراپ كېتىپتۇ. ئاخىرىدا شەھەر ۋەزىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپتۇ. پىچاققا ئىشقى چۈشكەن ئاچكۆز ۋەزىرنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ، پىچاقنى ئېلىپ قېلىپ بەرمەپتۇ. يىگىت دات سېلىپ پىچاق ئۆزىنىڭ ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلسىمۇ، ھېچكىم قۇلاق سالماپتۇ. ۋەزىرنىڭ نۆۋكەر ـ يالاقچىلىرى ئۇنىڭ ئەمرىگە بىنائەن:

— ئۇ ئوغرىكەن، مۇنداق پىچاق پەقەت ئوردا ئەھلىدە بولىدۇ. قايسى يەلى ۋەزىر ئەزەمنىڭ ھوزۇرىدىن يۇتۇپ كەتكەن پىچاق دەل شۇ! — دەپ، يىگىتنى ئوغرى قىلىپ زىندانغا سېپتۇ.

شۇ سورۇندا پۈتۈن ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرغان يىگىتنىڭ ھېلىقى ھەمراسى يىگىتنىڭ ئەخمەقلىق قىلىپ گەپنى قۇلاقتا تۇتماي پالاكەتكە ئۇچرىغانلىقىغا ئاچچىقى كەلسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ مەرت، ئاقكۆڭۈل، ئىش كۆرمىگەن ساددا ۋە ياخشىلىقىغا ئىچى ئاغرىپ، يىگىتنى تاشلاپ كېتەلمەپتۇ، ئۇ زىندانغا ياندىش بىر موماينىڭ بىر ئېغىز ئۆيىنى بىرقانچە كۈنگە ئىجارىگە ئېلىپ

ماڭا قىممەت! مەن ھەر بىر گەپنى مىڭلاپ پۇلغا، مىڭلاپ تاياققا، ئازاپ - ئوقۇبەت بەدىلىگە سېتىۋېلىپ ئۆگەنگەنمەن، شۇڭا بىكارغا گەپ قىلمايمەن، — دەپتۇ ھەمرا كىشى.

يىگىت ھەمرايىغا بىر تىللانى تەڭلەپتۇ ۋە:

— ئۇنداق قىلماڭ، مەن تۇنجۇقۇپ ئۆلىدىكەنمەن، گەپ لەشكەچ ماڭايلى، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ، ھەمرايى بىر تىللا ئالغاندىن كېيىن:

— ھەرقانداق ۋاقىتتا يولدا ماڭغان ھەمرايىڭىزنىڭ ئېتىنى، جايىنى سورىۋېلىڭ! — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر كۈنگىچە گەپ قىلماپتۇ. يىگىت يەنە بىر تىللا بېرىپ يالۋۇرۇپتۇ.

— ھەرقانداق جايدا ئولتۇرغان ئورنىڭىزنى كىشىگە بەرمەڭ! — دەپتۇ ۋە ئۇ يەنە بىر كۈن گەپ قىلماپتۇ. يىگىت ئاخىرقى تىللاسىنى چىقىرىپ يەنە يالۋۇرۇپتۇ.

— ھەرقانداق كىشى ئۆزى كېلىپ ئۈچ قېتىم سورىمىغىچە، ئۆز ئىختىيارىڭىز بىلەن نەرسە بەرمەڭ! — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يەنە ئۈنچىقماي مېڭىپتۇ. شۇ ئەسنادا يولمۇ تۈگەپتۇ، ئۇلار مەنزىلگە يېتىپ كېلىپ شەھەرگە كىرىپتۇ. قارىسا شەھەردە ناھايىتى چوڭ مەرىكە بولۇۋاتقان ئىكەن، دەل شۇنىڭغا ئۈلگۈرۈپتۇ. بۇلارمۇ مەرىكە سورۇنىغا كىرىشىپتۇ. ھېلىقى ھەمرايى تارتىنماستىنلا تۆرگە ئۆتۈپ مەزمۇت ئولتۇرۇپتۇ. ھەرقانچە چوڭلار كەلسىمۇ ئاغزىدا تەكەللۇپ قىلىپ، ئورنىدىن قوزغالماپتۇ. ئۆي ئىگىلىرى ئۇنىڭ قىلىقىغا كۆڭلىدە رەنجىگەن بولسىمۇ، لېكىن مېھماندارلىق قائىدىسى بويىچە ئۇنى زورلاپ ئورنىدىن قوزغىۋېتەلمەپتۇ. ئۇ كىشى ئابروي بىلەن ئاشنىڭ مايلىق يېرىنى، گۆشنىڭ لوقمىنى يەپ مېھمان بولۇپتۇ. كۆڭۈلچەك يىگىت دەسلەۋىدە تۆردە ئولتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن مېھمانلار كېلىۋەرگەندىن

بار ئاۋازى بىلەن دات ساپتۇ. چۈنكى پادىشامۇ بۇ قاتتى كۆرۈشكە كەلگەن ئىكەن.

— ئادالەت، ھىمايە! ئى ئادالەتلىكلەرنىڭ سۇلتانى، مە ناھەق كېتىۋاتىمەن، دادىمغا يەتمىسەڭ قىيامەتتە تۆمۈر تىرنى ياقاڭدا!...

پادىشا ئۇنىڭ ئاھ - داتلىرىدىن ۋە «ناھەق،... تۆ تىرنىغىم ياقاڭدا» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىپتۇ، چۈنكى پادىشا ئۆز زامانىسىدا ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا ھەق-ناھەق دەۋالاردا ئادالەتلىكى بىلەن شۆھرەت قازانغان ئىكەن.

— توختا، — دەپتۇ پادىشا جاللاتلارغا ۋە يىگىتنى ئالدىغا چاقىرىپ دادىنى سوراپتۇ. يىگىت ھەمرايى ئۆگەتكەن بويىچە پىچاق ۋەقەسىنى ئوتتۇرىغا ساپتۇ. پادىشا بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ھەر ئىككىسىنىڭ سۆزى تېخى ئىسپاتلانمىغان، دەپ قاراپ گۇۋاچى تەلەپ قىپتۇ.

يىگىت شاتۇۋا بازىرىدىكى ھەمرايى ئەقىلاۋاينى گۇۋالىققا تارتىپتۇ. ۋەزىر بولسا ئوردىدىكى بىرقانچە يېقىن كىشىلىرىنى گۇۋالىققا تارتقان ئىكەن، لېكىن ئۇلار پىچاقنىڭ تويدا راستىنلا مۇشۇ يىگىتتىن تارتىپ ئېلىنغانلىغىنى بىلمىدىكەن. شۇڭا ۋەزىرنىڭ ئىكەنلىگىگە جەزىم قىلىشالماپتۇ. يالغان گۇۋالىق بېرەي دېسە، پادىشا ناھايىتى ئادىل، ھۆكمى قاتتىق بولۇپ، ئىش راستىنلا چىڭ يەرگە چىقسا، سىرى پاش بولۇپ ئۆلۈشتىن قورقىدىكەن. شۇڭا راستىنى ئېيتىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئەقىلاۋاي ۋەزىرنىڭ ئەزەلدىن ھارامتاماق، پارىخور، زالىملىغىنى، ئۇنىڭ چېقىمچىلىق، تۆھمەتخورلۇغىدىن تالايلىغان كىشىلەرنىڭ بېشىغا چىققانلىغىنى، ئەلنىڭ ئۇنىڭغا ئۆلۈم تىلەپ زار قاخشايدىغانلىغىنى بىلىپ گۇۋالىغىدا چىڭ تۇرۇپتۇ. غەزەپلەنگەن پادىشا ۋەزىرنى دارغا ئېسىپ، يىگىتنى ئازات قىپتۇ.

ئولتۇرۇپتۇ. كەچ كىرگەندە بىر مۈشۈكنى تۇتۇپ، ئۆيگە ئەكىرىپ، ئىشىكنى تاقاپتۇ. شۇ چاغدا زىنداندا جاللاتلار يىگىتنى قىيناپ سوراقلاۋاتقان ئىكەن. زىنداندىكى ۋاقىراش - جاقىراشلار ئۆيگە ئۈنلۈك ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن، شۇ چاغدا ھەمرا كىشىمۇ يىگىتنى ئاڭلىسۇن دەپ مۈشۈكنى سوراق قىپتۇ:

— ھە، گەپ ئاڭلىمىغان دۆت مۈشۈك! مەن ھەمرا بولۇپ ماڭغاندا ئۈچ تىللاغا ساتقان گەپنى قۇلاقتا تۇتمىدىڭىز! — دەپ مۈشۈكنىڭ قۇلىقىنى چىمداپ، بۇراپتۇ. مۈشۈك چىدىيالماي قاتتىق مياڭلاپتۇ.

— ئەمدى قۇلاقتا تۇتامسىز؟ — دەپ يەنە بۇراپتۇ. مۈشۈك يەنە زارلىنىپ مياڭلاپتۇ.

— ئەمسە ئاخىرقى نەسىھەتنى ئاڭلاڭ! — دەپتۇ ھەمرا، — مېنىڭ ئاتام سودىگەر ئىدى، يولدا قانداقتۇ بۇلاڭچىغا ئۇچراپ، بۇلاڭچىلار ئاتامنى ئۆلتۈرۈپ، مال - دۇنياسىنى بۇلاپ كەتكەن، كېيىن ئاتامنىڭ يۈرىكىدىن مۇشۇ پىچاق تېپىلغان، شۇ چاققىچە ئۇنى ئاتا مىراس دەپ، قاتىلىنى تاپالماي يۈرەتتىم، ئەمدى تاپتىم، دەڭ جۇمۇك مۈشۈك. ئەگەر گۇۋاچى سورىسا، شاتۇۋا رەستىسىدىكى ھەمرايى ئىقبالۋاي دەڭ جۇمۇك. ساراڭ مۈشۈك، — دەپ مۈشۈكنىڭ قۇلىقىنى ئاخىرقى قېتىم پۈتۈن كۈچى بىلەن بۇراپتۇ. مۈشۈك جان ئاچچىقىدا شۇنداق زارلىنىپ مياڭلاپتۇكى، تام - تورۇس، زىندانمۇ لەرزىگە كەپتۇ. يىگىت قىيىن - قىستاقتىن كېيىن، ئازاپلىنىپ ئولتۇرۇپ، ياندىكى ئۆيدىن ھەمرايىنىڭ تونۇش ئاۋازىنى، مۈشۈكنىڭ ۋاقىرىشىنى ۋە بولغان گەپلەرنى تولۇق ئاڭلاپ كۆزىگە ياش ئېلىپ، تەجرىبىلىك ھەمرىيىنىڭ ئىمىشقا ئۈنچىقمىغانلىقىغا ۋە ئۇنىڭ ئاقكۆڭۈل، سادىق ۋە جەسۇرلۇقىغا قايىل بولۇپ رەھمەتلەر ئوقۇپتۇ. بىرقانچە كۈندىن كېيىن يىگىت دارغا ئېسىلىشقا بۇيرۇلۇپتۇ. شۇ چاغدا يىگىت

بولدۇقلاپ قان ئېقىۋاتقان ئىكەن. ئۇ، ھەيران بولۇپ بۇنى ئانىسىغا دەپتۇ. ئانىسى ئوغلىدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغان ئىكەن، ئۇ بېلىقنىڭ كەڭ دەريادىن ئېلىپ كېلىنىپ، كىچىك قۇتىغا سولاپ قويۇلغانلىقتىن مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئانىسىغا چۈشەندۈرۈپتۇ. ئانا - بالىنىڭ بېلىققا ئىچى ئاغرىپ ئۇنى دەرياغا قويۇپ بەرمەكچى بولۇشۇپتۇ. بالا بېلىقنى شىشە قۇتىدىن ئېلىشىغا پىلتىڭلاپ بىردەم ئويناپ بېرىپ بىر تازىم قىپتۇ - دە، ئوقتەك ئۇچۇپ ئاسمانغا چىقىپ كېتىپتۇ. ئانا - بالا بۇ ئىشقا تېخىمۇ ھەيران بولۇپ ئاسمانغا قاراپ قاپتۇ.

پادىشا ئوۋدىن قايتىپ كېلىپ قارىسا بېلىق يوق، سۈرۈش تۈرە - سۈرۈشتۈرە بالىسىنىڭ قويۇپ بەرگەنلىكىنى بىلىپ ئاچچىقىنى باسالماي جاللاتلىرىغا ئوغلىنىڭ كاللىسىنى ئېلىشنى بۇيرۇپتۇ. لېكىن، بىر ئاقكۆڭۈل ۋەزىر پادىشاغا بالىنى ئۆلتۈرمەي چۆلگە پالاش تەكلىۋىنى بېرىپتۇ. پادىشا ۋەزىرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئوغلىنى ئادەم ئاياق باسمىغان بىر دەشتى - باياۋانغا پالاپتۇ.

ئوغۇل ئاتىسىنىڭ ۋە پەلەكنىڭ رەھىمسىزلىكىدىن يىغلاپ تەمتىرەپ يۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ قوسىقى ئېچىپ، «تەۋەككۈل» دەپ قىبلىگە قاراپ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ ئاخىرى ئۇسسۇزلۇقتىن ھالسىراپ يەرگە يىقىلىپتۇ. شۇ ئەسنادا:

— ئەسسالام ئەلەيكۇم، ئاقكۆڭۈل يىگىت، — دىگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ بېشىنى كۆتىرىپ قارىسا، ئالدىدا كېلىشكەن بىر يىگىت، ئۇنىڭدىن 50 چامدام نېرىدا ئىگەرلەنگەن نوچى ئىككى ئات تۇرغىدەك. يىگىت «ئوڭۇممۇ، چۈشۈممۇ» دەپ كۆزىگە ئىشەنمەي قاپتۇ. ئۇنى قورقۇنچ بېسىپتۇ.

— قورقماڭ، — دەپتۇ ئالدىدا تۇرغان يىگىت ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، — مەن سىز قويۇپ بەرگەن بېلىق بولىمەن. ئەسلىدە

## نىمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشا ئۆتكەن بولۇپ، تولىمۇ زالىم ۋە تەلۋە ئىكەن. ئۇنىڭ مىگىسى ئاغرىيدىكەن، ھەر قېتىم ئاغرىق تۇتقاندا ئۇ ئۈچ - تۆت كۈن بىئارام بولىدىكەن. پادىشانىڭ بىر ئوغلى بولۇپ، ئاتىسىغا زادى ئوخشىمايدىكەن، رەھىمدىل ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىرسى پادىشاغا بىر تىرىك ئالتۇن بېلىق سوغا قىپتۇ. بېلىق تولىمۇ چىرايلىق ئىكەن، ياللىرىشى كۆزنى چاقنىتىدىكەن. پادىشا بۇ سوغىدىن بەك مەمنۇن بوپتۇ. ۋەزىرلىرىدىن بىرى پادىشاغا مەسلىھەت بېرىپ:

— بۇ بېلىقنى سۇ تولدۇرۇلغان ئەينەك قاچىغا سېلىپ قويايلى، كۈندە ئۈچ قېتىم بېلىققا قاراپ بەرسىلە، كېسەللىرىگە داۋا بولىدۇ، — دەپتۇ. پادىشا ۋەزىرنىڭ دېگىنى بويىچە قىپتۇ ۋە بىر كۈندە ئۈچ قېتىم بېلىققا قاراشنى تەرك قىلماپتۇ.

بىر كۈنى پادىشانىڭ ئوغلى مەدرىستىن قايتىپ كەلسە، دادىسى شىكارغا چىقىپ كەتكەن ئىكەن. ئۇ ئالتۇن بېلىقنى كۆرۈپ بېقىش ئارزۇسىنىڭ ئەمدى ئىشقا ئاشىدىغانلىقىدىن خۇشال بولۇپتۇ - دە، پادىشانىڭ ھوجرىسىغا كىرىپ ئالتۇن بېلىققا نەزەر تاشلاپتۇ. قارىسا، بېلىق تەرىپلەنگەندەك چىرايلىق ئىكەن، ئەمما ھازىر غەمگە پېتىپ، سۇ تېگىدە قىمىر قىلماي تۇرغىدەك، بالا تازا سىنچىلاپ قارىسا، بېلىقنىڭ كۆزىدىن

ئۆۋىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ يىگىتلەرنى كۆرسىتىپ بىرىنىمى-
لەرنى دېيىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئاۋازىدىن ئويغانغان يىگىتلەر ئانا
بۈركۈتنىڭ مىننەتدارلىقىنى قوبۇل قىلىپ ئۆز يولىغا راۋان
بوپتۇ.

يىگىتلەر يول يۈرۈپ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، كەچ كىر-
گەندە بىر چوڭ شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار قارىسىدەك بولسا
پۈتۈن شەھەر خەلقىنىڭ قولىدا بىر پارچىدىن گۆش، ئاسمانغا
قارىشىپ «كە، كە» دەپ ۋاقىراشقىدەك. يىگىتلەر ھەيران بولۇپ
ئاخىرى بىلىپتۇكى، ئاسماندا چوڭ بىر قۇش بىر پەسلەپ، بىر
ئىگىزلەپ يۈرگىدەك. ئۇلار نىمە بولغانلىقىنى بىر ئادەمدىن
سورىغان ئىكەن، ئۇ:

— شەھىرىمىزنىڭ پادىشاسى قازا قىلغىلى بەش كۈن
بولدى. ئوغلى يوق ئىدى، شۇڭا بۇ قۇشنى ئۇچۇرۇشتى. ئۇ
كىمنىڭ بېشىغا قونسا، شۇ پادىشا بولماقچى، — دەپتۇ.

يىگىتلەر بۇ ئىشقا قىزىقىپ بىر چەتتە قاراپ تۇرسا قۇش
ئايلىنىپ كېلىپ بېلىق يىگىتنىڭ بېشىغا قونۇپتۇ. بۇ قۇش
ئەسلىدە يىگىت ئىلاندىن بالىلىرىنى قۇتقۇزۇپ قالغان ھېلىقى
بۈركۈتنىڭ نەسلى ئىكەن. يىگىتلەر ماڭغاندا، ئۇلارنى قوغداپ
ماڭغان ئانا بۈركۈت بۇ يىگىتنىڭ ياخشىلىقىنى ئاسماندا ئۇچۇپ
يۈرگەن بۇ بۈركۈتكە دەپ قويغان ئىكەن.

خالايىق يىگىتكە شاھلىق تاجىنى كىيدۈرۈپ ئوردىغا
ئەكىلىپ قويۇپتۇ. ئۇ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئادەم چىقىرىپ دوستى
ھېلىقى يىگىتنى تاپتۇرۇپ كەپتۇ. شاھ ئۇنىڭغا تەختىدىن ئورۇن
بېرىپتۇ. ئەتىسى ئەمىرلەرگە نامە يازدۇرۇپ پۈتۈن شەھەر مۆتى-
ۋەرلىرىنى يىغىپ، ئۆزى تەختكە چىقىپ ئۆزىنىڭ ئەسلىنى ۋە
دوستىنىڭ كىملىگىنى تونۇشتۇرۇپتۇ. ئاندىن بېشىدىن ئۆتكەن
ۋەقەلەرنى بىرمۇ - بىر سۆزلەپ كېلىپ ئاخىرىدا:

دېڭىز پادىشاسىنىڭ ئوغلى ئىدىم. دېڭىزدا ئويناپ يۈرۈپ بېلىق چىشىنىڭ تورىغا ئىلىنىپ قالدىم. ئەگەر سىز رەھىم قىلىپ قويۇپ بەرمىگەن بولسىڭىز، دادىڭىزنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كەتكەن بولاتتىم. كېلىڭ، دوستۇم، ئاتقا مىنىڭ. مەن سىزنى بۇ چۆلدىن چىقىرىپ قوياي.

پادىشانىڭ ئوغلى بېلىقنىڭ بۇنداق ياخشىلىقىدىن تەسىرلىنىپ كېتىپتۇ، ئاتقا مىنىپتۇ. ئىككىيلەن كېچە-كېچە مېڭىپ تاڭ سۈزۈلگەندە قارىسا بۇلارنىڭ ئالدىدا ئورمانلىق تۇرغىدەك. ئۇلار يېقىن بارسا بۇ بىر ھەشەمەتلىك باغ ئىكەن. ئىككىيلەن باققا كىرىپ تويغىدەك مېۋە يەپتۇ. بىرئاز ئۇخلاپ ماڭماقچى بولۇپ بۇلاق بويىدىكى چىمەنلىكتە سوزۇلۇشۇپتۇ.

پادىشانىڭ ئوغلى يېتىپلا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئالتۇن بېلىق يىگىت يالغاندىن ئۇخلىغان بولۇپ بىردەم يېتىپ يىگىت ئۇيقۇغا كەتكەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى گۈزەت قىلىپ ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ. ئۇ بىرئازدىن كېيىن ۋىشىلدىغان بىر ئاۋازنى ئاڭلاپتۇ. قارىسا بىر يوغان ئىلان بۇلاقتىن چىقىپ، بۇلاق تۈۋىدىكى چىنارغا يامىشىۋاتقىدەك. چىنار ئۈچىدا بۈركۈتنىڭ ئۇۋىسى بار ئىكەن. بېلىق يىگىتنىڭ بۈركۈت بالىلىرىغا ئىچى ئاغرىپ يەردىن بىر تال يوپۇرماقنى ئېلىپ ئاتقان ئىكەن، يوپۇرماق يىگىت قولىدىن چىقىپلا ئوقياغا ئايلىنىپ، ئىلاننىڭ بېشىغا تېگىپتۇ-دە، ئىلان يەرگە چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ. بۇنىڭ بىلەن بۈركۈت بالىلىرى ئامان قاپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن ئاسماندا بىر ئېلىپ كەلگەن ئانا بۈركۈت پەيدا بولۇپتۇ. بالىلىرىغا غىزا ئۇچقانى كۆتەرگەن ئانا بۈركۈت ئۇۋىسىغا قارىسا بالىلىرى ساق. پەستە يوغان بىر ئىلاننىڭ ئۆلۈكى تۇرغان، نېرىدىكى چىمەنلىكتە ئىككى يىگىت ئۇخلاپ ياتقان. بۈركۈت ھەم خوشال بولغان، ھەم ھەيران بولغان ھالدا بالىلىرىدىن سوراپتۇ. بۈركۈت بالىلىرى

## مەلىكە گۈلچېھرە

قەدىمقى زاماندا تىيانشان ئېتىگىدە بىر كىچىك پادىشالىق بار ئىكەن. ئۇنىڭغا قىدىر شاھ ئىسىملىك بىرسى شاھلىق قىلىدىكەن. قىدىر شاھنىڭ بىرلا ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى شاھزادە ئامان ئىكەن. ئامان كىچىكىدىنلا شىكار قىلىشقا ھېرىسمەن بولۇپ، ھەر كۈنى دىگۈدەك يىگىتلىرى بىلەن تاغ - دالىلارغا شىكارغا چىقىدىكەن.

شاھزادە ئامان 18 ياشقا كىرگەندە، قىدىر شاھ كاتتا توي قىلىپ، ئىناۋەتلىك بىر ۋەزىرنىڭ مەلىكە گۈلچېھرە ئىسىملىك قىزىنى ئېلىپ بېرىپتۇ. مەلىكە گۈلچېھر ھۆسۈن بابىدا تەڭداشسىز گۈزەل، ئەقىل - پاراسەت بابىدا تەڭدىشى يوق بىر قىز ئىكەن. شاھزادە ئامان مەلىكە گۈلچېھرەگە ئۆيلەنگەندىن كېيىن ئۆز بەختى - پېشانىسىدىن مەمنۇن بوپتۇ. ئۇ، مەلىكە گۈلچېھرىنى يېنىدىن بىردەممۇ ئايرىمايدىكەن. شىكارغا چىقسىمۇ بىللە ئېلىپ يۈرىدىكەن. ئارىدىن 2 يىل ئۆتۈپ، مەلىكە گۈلچېھرە ھامىلدار بوپتۇ. شۇ كۈنلەردە شاھزادە ئامان مەلىكە گۈلچېھرەنى ئېلىپ شىكارغا ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار بىرنەچچە كۈن شىكار قىلىپ مېڭىپ، نەۋكەرلىرىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، بىر گۈزەل جايغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار ئات ئۈستىدە تۇرۇپ، تەبىئەتنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىگە قاراپ ھوزۇرلىنىپ تاماشا قىلىپتۇ.

مەلىكە گۈلچېھرە شاھزادە ئامانغا كىشىنىڭ كۆڭلىگە ھوزۇر

— مەن دېڭىزغا كېتىمەن. شاھلىق تەختىدە بۇ يىگىت ئولتۇرىدۇ. ئۇنى مېنى كۆرگەن كۆزۈڭلاردا كۆرۈپ، نېمە دېسە شۇنى بەجا كەلتۈرۈڭلار، — دەپتۇ.

خالايىق بۇ ئىككىيلەنىنىڭ سەرگۈزەشتىسىدىن خەۋەردار بولۇپ، شاھ بولغۇسى ۋاپادار يىگىتكە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. بۇنداق ئادەمنىڭ ئۆزلىرىگە پادىشا بولغانلىغىدىن پەخىرلىنىپتۇ.

بېلىق يىگىت دوستى ۋە شەھەر خەلقى بىلەن خوشلىشىپ ماكانىغا يۈرۈپ كېتىپتۇ. ۋاپادار يىگىت يۇرتىنى ئاۋاتلاشتۇرۇپ، نام چىقىرىپ خەلقنى رازى قىپتۇ.

دەل - دەرەخلىرى قويۇق بىر جايغا يېتىپ كەپتۇ. قارىسا، ھېچ ئىنسان كۆرۈنمەپتۇ. مەلىكە يىراق بىر جايدا چىقىۋاتقان ئىسنى كۆرۈپ، شۇ تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. بېرىپ قارىسا، ساقاللىرى ئۆسكەن، بەللىرى مۈكچەيگەن بىر بوۋاي كەپىدە ئوت قالاپ، چاي قايناتىۋاتقان ئىكەن. مەلىكە بوۋايغا سالام قىپتۇ. بوۋاي «بۇ دالىدا يالغۇز يۈرگەن قانداق پەرىزات بۇ؟» دەپ ھەيران قاپتۇ. مەلىكە بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى بىرمۇ - بىر بايان قىپتۇ. ئاندىن:

— ئەي بوۋا! مەن سىزگە قىز بولاي، مېنى بالا قىلىۋېلىڭ، دەپ ئۆتۈنۈپتۇ. بوۋاي مەلىكىنىڭ يېقىملىق ۋە دانالىقىغا قايىل بولۇپ، بالا قىلىۋاپتۇ.

بۇ بىر ئوتۇنچى بوۋاي بولۇپ، ئوتۇن سېتىپ كۈن كەچۈرىدىكەن؛ ئۇنىڭ بىر چۆگۈن، بىر پالتىسىدىن باشقا ھېچنەرسىسى يوق ئىكەن. بۈگۈن بۇ جاڭگالغا بارسا، ئەتىسى ئۇ جاڭگالغا بارىدىكەن. مەلىكە بىرنەچچە ۋاقىت بوۋايغا ئەگىشىپ ئوتۇنچىلىق قىپتۇ. بوۋاي بازارغا ئوتۇن ساتقىلى كەتسە، مەلىكە ئوتۇننى يىغىپ تەييارلاپ، يېرىم يولغىچە ئاپىرىپ بېرىدىكەن. بۇنىڭ بىلەن بوۋاينىڭ ئىشى بىرئاز ئىلگىرى بېسىپتۇ. بىر كۈنى مەلىكە بوۋايغا بازاردىن رەڭمۇ - رەڭ يىپلاردىن ئەكىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. بوۋاي مەلىكە دىگەنىدەك قىپتۇ. مەلىكە بۇ يىپلاردىن تۈرلۈك نەرسىلەرنى توقۇپتۇ. بوۋاي ئۇنى بازاردا سېتىپتۇ. كۆپ ئۆتمەي ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى خېلىلا ياخشىلىنىپتۇ. ئاڭغىچە گۈلچېھرەنىڭ ئاي - كۈنى توشۇپ، بىر قىز تۇغۇپتۇ، قىزنىڭ ئىسمىنى گۈلبەھرە قويۇپتۇ. بىر كۈنى مەلىكە: «ئاتا، سىز باشقا ياقلارغا بارغاندا قولىدىن ئىش كېلىدىغان، ماكانسىز، ئىش - ئوقەتى يوق كىشىلەر بولسا باشلاپ كېلىڭ!» دەپتۇ. بوۋاي مەلىكىنىڭ ئېيتقىنىدەك قىپتۇ. مەلىكە كەلگەنلەرنى قىزغىن

بېغىشلايدىغان بۇ جايىنى چەكسىز قىزغىنلىق بىلەن ماختاپتۇ. شۇ چاغدا شاھزادە ئامان:

— ئەي گۈلچېھرە، ئېيتقىنا، مۇشۇنداق گۈزەل يەردە تاماشا قىلىشىڭ كىمنىڭ دۆلىتى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سىزچە كىمنىڭ دۆلىتىدۇر؟ — دەپتۇ مەلىكە شاھزادىگە تەئەججۈپ بىلەن قاراپ. مەغرۇر شاھزادە:

— بۇ مېنىڭ دۆلىتىم، — دەپتۇ.

— بايلىقنى خەلق ئىشلەپ يارىتىدۇ، دۆلەتنى خەلق بېرىدۇ. خەلق بولمىسا، سىز بىر كۈنمۇ ياشىيالمىغان بولاتتىڭىز. — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ مەلىكە. شاھزادە دەرغەزەپ بولۇپ:

— ئۇنداق بولسا، ئاتتىن چۈشۈپ، مۇشۇ دالىدا قال، خەلقىڭ ساڭا قانداق دۆلەت بەرگىنىنى مەن بىر كۆرۈپ باقاي، — دەپتۇ.

مەلىكە:

— «مىننەتلىك ئېشىڭدىن قارنىمنىڭ ئېچى ياخشى» دەپتىكەن، قالسام قالاي، — دەپتۇ-دە، ئاتتىن ئىرغىپ چۈشۈپ يىراققا يول ئاپتۇ. ئۇنى بۇنداق قىلار، دەپ ئويلىمىغان شاھزادە مەلىكە گۈلچېھرىنى توختىتىپ قالالماپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن، شاھزادە ئامان:

— ھاي گۈلچېھرە! قايت، ئاتقا مىن! بۇ دالىدا سېنى يىرتقۇچلار يەپ قويمىسۇن! — دەپ ۋاقىراپتۇ. لېكىن مەلىكە ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي، يولىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ. شاھزادە ئامان ئامالسىز ئارقىسىغا يېنىپتۇ.

مەلىكە گۈلچېھرە شاھزادە ئاماندىن ئايرىلغاندىن كېيىن، كېچىچە توختىماي مېڭىپتۇ. ئەتىسى يەنە مېڭىپتۇ. قوسىقى ئېچىپ، ماغدۇرى قېچىپتۇ. چىڭقى چۈش ۋاقتىدا سۇلىرى سوزۇك،

مەن بۇياقلارنى شۇنچە يىل ئارىلاپ يۇرۇپ مۇنداق بىر قورغاننى كۆرمىگەن ئىدىم دەپ ئەجەپلىنىپتۇ - دە. شەھەرگە گىرىشكە قىزىقىپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئادىل پادىشا ئامان شاھنىڭ ئالدىغا چىقىپ ھۆرمەت بىلدۇرۇپ، شەھەرگە كىرىپ مەيلە قىلىشقا تەكلىپ قىپتۇ.

ئامان شاھ قورغان ئىچىگە كىرىپ قارىسا، گۈزەل ساراي، باغلار سىلىنىپ كەتكەن، گۈل - گىيالار ئادەمنىڭ كۆزىنى چاقناتقىدەك ئېچىلىپ كەتكەن ئىكەن.

ئادىل پادىشا ئامان شاھنى كاتتا بىر سارايغا باشلاپ، تۈرلۈك نازۇ - نېمەتلەر بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. شاراپلار ئىچىلىپ، ئويۇن ئەۋجىگە چىققان بىر ۋاقىتتا، ئامان شاھنىڭ ئۇدۇلىدىكى بىر پەردە قايرىلىپ، يەنە بىر ساراي كۆرۈنۈپتۇ. سارايدا بىر گۈزەل قىز شۇنداق بىر ئۇسۇلغا چۈشۈپتۇكى، ئامان شاھ بىرلا كۆرۈپ مەسخۇش بولۇپ، ئاشىق - بىقارار بوپتۇ - دە، يېنىدىكى ۋەزىرنى قىزنى دەرھال ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ۋەزىرى تازىم بىجا كەلتۈرۈپ:

— ئەي شاھ، بۇ قىز مۇشۇ شەھەرنىڭ پادىشاسىنىڭ قىزى ئىكەن، ئۇلار بىزنى شۇنچىۋالا ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋاتقان يەردە، بىز بىئەدەپلىك قىلساق بولماس، ئۆز شەھىرىمىزگە قايتقاندىن كېيىن، ئەلچى ئەۋەتكۈلۈك، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. ئامان شاھ نائىلاج ۋەزىرنىڭ مەسلىھىتىگە كۆنۈپ، شۇ زامات ئۆز شەھىرىگە قايتىپتۇ.

ئامان شاھ ئۆز شەھىرىگە قايتقاندىن كېيىن، دەرھال بىر نامە پۈتۈپ ئەلچىلەرگە تۇتقۇزۇپ يولغا ساپتۇ. نامىدە: «ياخشىلىقچە قىزنى ماڭا بەرسۇن، بولمىسا لەشكەر تارتىپ بېرىپ، شەھىرىنى تۈزلەپ، ئۆزلىرىنى باغلاپ كېلىمەن» دېيىلگەن ئىكەن. ئامان شاھنىڭ ئەلچىلىرى كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، ئادىل

قارشى ئېلىپ، ئاياللارنى كەشتە تىكىشكە، ئەرلەرنى دېخانچىلىق قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. بۇ يەر ئاۋاتلىشىپتۇ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى پاراۋانلىشىپتۇ. بۇ يەرنىڭ ئاۋات ۋە ياخشىلىقىنى ئاڭلاپ، تەرەپ - تەرەپتىن ھۈنەرۋەنلەر كەپتۇ. ھەممىسى تېگىشلىك ئىش ۋە ئورۇنغا ئىگە بوپتۇ. ئارىدىن يىللار ئۆتۈپتۇ، ئادەملەر بارغانسېرى كۆپىيىپ، قورغان سوقۇپ، سارايلارنى سېلىپ گۈزەل بىر شەھەر بىنا قىپتۇ. شەھەرنىڭ ئىسمىنى «ھۆسنى ئاۋات» قويۇپتۇ. بوۋايىنى ئۆزلىرىگە پادىشا قىلىپ سايلاپ، «ئادىل پادىشا» دەپ نام بېرىپتۇ. بوۋايمۇ ھەر بىر ئىشتا مەلىكە گۈلچېھرەدىن مەسلىھەت ئېلىپ، يۇرتنى ئادالەت بىلەن سوراپتۇ. كىشىلەر بۇ ئاۋات جايدا خاتىرجەم، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. مەلىكە گۈلچېھرە قىزنى ياخشى تەربىيە قىپتۇ. گۈلبەھرە ئانىسىغا ئوخشاش چىرايلىق ھەم ئەقىللىق بولۇپ ئۆسۈپتۇ.

شاھزادە ئامان مەلىكە گۈلچېھرەدىن ئايرىلىپ، نەۋكەرلىرى بىلەن يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن، ئاتىسى قىدىر شاھقا بولغان ۋەقەنى بايان قىپتۇ. قىدىر شاھ ھەر تەرەپكە كىشى ئەۋەتىپ، بىر يىلغىچە ئىزلىگەن بولسىمۇ، مەلىكە گۈلچېھرەنىڭ دېرىكىنى ئالالماپتۇ. ئاستا - ئاستا ئىزلەشنىمۇ قويۇپتۇ، كېيىن مەلىكە گۈلچېھرەنىمۇ ئۇنتۇپتۇ. ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتۈپتۇ. قىدىر شاھ ۋاپات بوپتۇ. شاھزادە ئامان ئاتىسىنىڭ ئورنىغا شاھ بوپتۇ. ئامان شاھ ئادىتى بويىچە بىر كۈنى چوڭ تەييارلىقلارنى قىلىپ، داغدۇغا بىلەن شىكارغا ئاتلىنىپتۇ. شىكاردا تاغ - ئېدىرلاردىن ئېشىپ، نەچچە يەرگە دەرۋازا ئورنىتىلغان، پۇختا ۋە چوڭ بىر قورغانغا كېلىپ قاپتۇ. قارىغىدەك بولسا، بۇ دەرۋازىلارغا ھەيۋەتلىك قاراۋۇللار قويۇلغان، كۆركەم بىر شەھەر ئىكەن. ئامان شاھ ھەيران بولۇپ:

قىلىۋېتىپتۇ. ئامان شاھنى بىرىنچىچە ۋەزىرلىرى بىلەن ئەسىر ئېلىپ، شەھەرگە قايتىپتۇ. شەھەر ئىچى خۇشاللىقتا چۆمۈپتۇ. ناغرا - سۇناي ياڭراپتۇ. ئۇچىنچى كۈنى مەلىكە تەختكە چىقىپ ئولتۇرۇپ، ئەسىرلەرنى كەلتۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ. ئامان شاھ باشلىق ئەسىرلەر كەلتۈرۈلۈپتۇ. مەلىكە گۈلچېھرە يۈزىدىكى نىقاپنى ئېلىپ:

— ھەي ئامان شاھ، بۇمۇ سېنىڭ ماڭا بەرگەن دۆلىتىڭمۇ؟ — دەپتۇ. ئامان شاھ قارىغۇدەك بولسا ئالدىدا مەلىكە گۈلچېھرە تۇرغىدەك. ئامان شاھ يۈز كېلەلمەي بېشىنى تۆۋەن ساپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ قىلغىنىغا پۇشايمان قىپتۇ. مەلىكە گۈلچېھرە ئادىل پادىشاغا تازىم قىلىپ تۇرۇپ، ئامان شاھنىڭ ئۆزىنىڭ ئېرى ئىكەنلىكىنى، گۈلبەھرەنىڭ ئۇنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى ۋە ئوتتۇرىدا ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى سۆزلەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر مەلىكىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە، باتۇر - قەيسەرلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. مەلىكە گۈلچېھرەنىڭ تەرىپى ئېغىزدىن - ئېغىزغا، ئاتىدىن - بالىغا كۆچۈپ، بىزگىچە يېتىپ كەپتۇ.

پادىشانىڭ شەھرىگە كەپتۇ. ئەلچىلەر ئېلىپ كەلگەن خەتنى كۆرۈپ، ئادىل پادىشانىڭ بېشى قېتىپتۇ. مەلىكە گۈلچېھرەنىڭ ئالدىغا كىرىپ، مەسلىھەت سوراپتۇ. مەلىكە گۈلچېھرە:

— ئاتا، ئۆزلىرىگە ئوغۇل بولغۇسى كەلگەن كىشى مۇنداق بىئەدەپلىك قىلامدۇ؟ قىزىمنى بەرمەيمەن، دەپ ئېيتسىلا. — دەپتۇ. ئادىل پادىشا مەلىكىگە:

— قىزىم، ئۇنى ناھايىتى كۈچلۈك پادىشا دەيدۇ. ئەسكىرىمۇ قۇمدەك ئىكەن. يېڭىلىپ قالساق، قانداق بولار؟ — دەپتىكەن، مەلىكە:

— قورقماڭ، ئاتا. ئامان شاھ خوتۇن ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ، بىز بولساق، شەھەرنى قوغداش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىمىز، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئادىل پادىشا ئامان شاھنىڭ ئەلچىلىرىنى «قىزىمنى بەرمەيمەن» دەپ قايتۇرۇۋېتىپتۇ.

ئامان شاھ بۇ جاۋاپنى ئاڭلاپ، قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ، ئۆزىنىڭ خىل لەشكەرلىرىدىن نەچچە مىڭنى چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ شەھەرلىرىنى ۋەيران قىلىپ، بوۋاي بىلەن قىزنى باغلاپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئامان شاھنىڭ لەشكەرلىرى ھۆسنى ئاۋاتقا يېتىپ كېلىشى بىلەن مەلىكە گۈلچېھرە لەشكەر تارتىپ چىقىپ، شەھەر سىرتىدا قاتتىق ئۇرۇش قىپتۇ. ئامان شاھ ئەسكەرلىرى يېڭىلىپتۇ. مەلىكە ئۇلارنى بىر كۈنلۈك يەرگىچە قوغلاپ بېرىپتۇ. ئامان شاھ ئەسكەرلىرىنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، تېخىمۇ غەزەپلىنىپتۇ، پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى يىغىپ، ئادىل شاھنىڭ شەھرىگە ئۆزى يۈرۈش قىلىپتۇ.

مەلىكە گۈلچېھرە بۇلارنىڭ كېلىشىگە تەييارلىنىپ تۇرغان ئىكەن، ئىككى تەرەپ ئۈچ كېچە - كۈندۈز قاتتىق جەڭ قىپتۇ. مەلىكە گۈلچېھرە ئامان شاھنىڭ لەشكەرلىرىنى تىرى - پىرەڭ

ساھىپجامالغا بېرىپ، مۇرادىغا يەتمەكچى بوپتۇ ۋە غەيرەت كەمەرىنى چىڭ باغلاپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ چۆل - باياۋانلارنى كېزىپ بىر باغنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. قارىسا بۇ باغ جەننەتتىن كەم ئەمەس. ھەر خىل مېۋىلەر پىشىپ كەتكەن، گۈللەر ئېچىلغان، ھەر خىل قۇشلار سايراۋاتقان، سۇلار شاقىراپ ئېقىۋاتقان. يىگىت يول يۈرۈپ ئېچىقاپ كەتكەنلىكتىن مېۋىلەرنى ئۈزۈپ يېيىشكە باشلاپتۇ. بىر چاغدا ئۇنىڭ قۇلىقىغا دەھشەتلىك ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. شۇنداق قارىسا، دىۋە سۈپەت بىر موماي ئالدىغا كېلىپ:

— نېمىشقا سورىمايلا باققا كىردىڭ؟ — دېمەي غەزەپ بىلەن بالىغا تىكىلىپتۇ. بالا تىترەپ تۇرۇپ:

— ئەي، ئانا! مەن ئاتا - ئانىسىز بىر يېتىممەن، بېشىمغا ئىشق سەۋداسى چۈشتى. دىلرەبانىڭ دەردىگە شىپا ئىزلەپ بۇ باققا كىرىپ قالدىم، — دەپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئۇ ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن موماي ئۇنىڭغا:

— ئى، يىگىت، سەن دورا ئىزلەپ كەلگەن شاھ قىزىغا شىپا بولىدىغان دورىنى تاپالماي، سانسىز شاھزادە مەقسىدىگە يېتەلمىدى. سېنىڭ تاپىمىغىڭ تېخىمۇ مۇشكۈلدۇر. جېنىڭنى قىينىماي يۇرتۇڭغا قايت، — دەپتۇ.

— ئانا، قىلغان سۆزلىرىگە رەھمەت، ئول ماھى تابان ئۈچۈن ياسقان ھەرقەدىمىمگە مىڭ رازىمەنكى، ھەرگىز ئارقامغا قايتمايمەن، — دەپتۇ يىگىت.

مومايىنىڭ يىگىتكە رەھمى كېلىپ:

— ئەي، ئوغلۇم، ئىرادەڭ ئېيتقىنىڭدەك بولسا، كۆڭ چىقىشقا قاراپ ماڭ. دەشتى قۇملۇقتا بىر چارباغ بار. باغ ئىگىسىنى «قەتران جادۇ» دەيدۇ. قىزغا شۇ جادۇگەر قەست قىلىپ، ئۇنىڭ تەقدىرىنى بىر تۈپ ئاق گۈلگە باغلىۋەتكەن

# خاسيەتلىك ئاق گۈل

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشا ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ ناھايىتى چىرايلىق بىرلا قىزى بولۇپ، پادىشا بۇ قىزنى بەكمۇ ئەتىۋالاپ چوڭ قىپتۇ. قىز بالاغەتكە يېتىپتۇ. پادىشا ئۇنى ئوبدانراق بىرەرسىگە ياتلىق قىلىپ، ئاتىلىق قەرزىمنى ئادا قىلسام، دەپ كېچە - كۈندۈز ئويلايدىكەن. لېكىن كۈتمىگەندە قىز تۇتقاقلىق كېسىلىگە مۇپتىلا بولۇپ قاپتۇ.

پادىشا ئەپسۇسلىنىپ كېچە - كۈندۈز ئاھ ئۇرۇپتۇ. تېۋىپ چاقىرتىپ قىزنى ساقايتىشقا پەرمان قىپتۇ. يىراق - يېقىندىن كەلگەن تېۋىپلار بارلىق چارە - تەدبىرلەرنى قىلغان بولسىمۇ، قىز ساقايماپتۇ. لېكىن قىزنىڭ ھۆسنى - جامالىنىڭ تەرىپىنى ئاڭلىغان شاھزادىلەر قىزغا كۈندە دىگۈدەك ئەلچى ئەۋەتكىلى تۇرۇپتۇ.

پادىشا ئىختىيارنى قىزىغا قويغان ئىكەن، قىز «كېسىلىمنى قانداق كىشى ساقايتسا، شۇنىڭغا تېگىمەن» دەپتۇ. شاھزادىلەر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئۇل ساھىپجامالنىڭ كېسىلىگە دورا ئىزلىشىپ، شەھەرمۇ - شەھەر چېپىشىپ يۈرۈشۈپتۇ. بۇ خەۋەر قۇلاقتىن - قۇلاققا ئاڭلىنىپ، ھەرقايسى شەھەر ئەھلى «قىزنى كىم ئالار» دىگەن ۋەسۋەسە ئىچىدە قاپتۇ.

نامەلۇم بىر يۇرتتا ئاتا - ئانىسى يوق بىر يېتىم ئوغۇل بار ئىكەن. ئۇ شىپالىق دورىنى ئىزلەپ تېپىپ، ئۇل

گەن بولۇۋېلىپ، قاراقچىلار كەتكەندىن كېيىن، جىننىمنى ئېلىپ بۇ يەرگە قېچىپ كەلدىم، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. كىشىلەرنىڭ ئىچى ئاغرىپ، ئۇنىڭغا ئاش - نان بەرگەن ئىكەن. يىگىت خېلى جانلىنىپ قاپتۇ.

ئۇ بازار ئايلىنىپ يۈرسە، بىر قېرى ئايال ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— نەدىن كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سەھرادىن گۈل ساتقىلى كەلدىم، — دەپتۇ بالا ۋە ئۇنىڭغا قوينىدىن گۈلنى ئېلىپ كۆرسىتىپتۇ. موماي گۈلنى كۆرۈپ:

— ئەجەپ چىرايلىقكەن، باھاسى قانچە؟ — دەپتۇ. بالا مومايىنى سىنىماق بولۇپ:

— ئانا، بۇ گۈل سىزگە يارىمايدۇ، — دەپتۇ.

موماي:

— بۇ گۈلنى مەن پادىشانىڭ قىزىغا سوغا قىلىش ئۈچۈن ئالىمەن، — دەپتۇ.

بالا مەلىكىنىڭ نامىنى ئاڭلاپ:

— ئەگەر گۈلنى مەلىكىگە سوغا قىلسىڭىز، سىزدىن پۇل ئالماي بېرىمەن، — دەپتۇ ۋە گۈلنى مومايىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ كەينىگە قارىماي كېتىپتۇ.

دىگەندەك، موماي گۈلنى مەلىكىگە بېرىپتۇ. مەلىكە گۈلنى چېكىسىگە قىسقان ئىكەن، مىنۇت ئۆتمەي دىلى روشەنلىشىپ، خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي قاپتۇ. ئۆزىچىلا گۈل بەرگەن يىگىت پىراقىدا يېنىشقا باشلاپتۇ ۋە مومايغا ئۇنى تېپىپ كېلىشنى ئۆلتىجا قىپتۇ. موماي يىگىتنى تېپىپ، مەلىكىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەپتۇ. مەلىكە يىگىتنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىپ مېھمان قىپتۇ، تون كىيگۈزۈپتۇ. ئاندىن، مومايىنى چاقىرىپ:

ئۇ ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم سېھرى ئوقۇغاندا، قىزنى تىترەك بېسىپ، بېشى ئاغرىپ ھوشىدىن كېتىدۇ. سەن باققا كىرسەڭ، ئاق گۈلدىن بىر تال ئۈزۈۋال — دە، تېز قايتىپ گۈلنى قىزغا بەر. قىز گۈلنى چېكىسىگە قىسسۇن، شۇ ھامان ساقىيىدۇ. قىز سېنىڭ پىراقىڭدا ئولتۇرۇپ سېنى ئىزلەيدۇ. بۇ سىرنى مەن ھېچكىمگە ئېيتمىغان، سەن كۆپ جاپا چەككەنلىكىڭ ئۈچۈن ساڭا ئېيتتىم. ئاق يول تىلەيمەن، — دەپتۇ ۋە بالىغا يولدا يېگىن، دەپ بىر خالتا ئورۇك قېقى بېرىپتۇ.

بالا رەھمەت ئېيتىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ ئون بەش كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن ھېلىقى چارباغقا يېتىپ كەپتۇ. قارىسا مۈشۈككە ئوخشاش بىر مەخلۇق باغ ئىشىكىنى ساقلاپ ياتقىدەك. ئۇ جادۇ كەمپىرنىڭ كىچىك قىزى ئىكەن. بالا ئۇنىڭغا سالام بېرىپتۇ. بالا قىزنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قاپتۇ ۋە بالىنى باققا كىرىپ ھاۋا يەپ چىقىشقا تەكلىپ قىپتۇ. بالا باققا كىرىپ، ئېرىق بويلاپ كېتىۋاتسا، كۆزىگە گۈللۈكتە تازا چىرايلىق ئېچىلغان بىر توپ ئاق گۈل كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ گۈلدىن بىر تال ئۈزگەن ئىكەن، شۇ ھامان ھاۋا گۈلدۈرلەپ باغنى قاراڭغۇلۇق بېسىپتۇ. بالا قورقۇپ تېنەپ يۈرسە. ھېلىقى مۈشۈك سۈپەت قىز كېلىپ:

— بۇ يەردە تۇرماي چاپسان قاچ، قېرىنداشلىرىم كۆرۈپ قالسا، سېنى ھايات قويمايدۇ، — دەپتۇ.

بالا باغدىن قېچىپ چىقىپتۇ. بىرنەچچە كۈن يول مېڭىپ پادىشانىڭ قىزىنىڭ يۇرتىغا كەپتۇ. بالىنىڭ يول ۋە ئاچلىقنىڭ ئازاۋىدىن سولغان چىرايىنى كۆرگەنلەر ئۇنىڭدىن:

— نەدىن كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. بالا:

— مەن كارۋان بېشى ئىدىم، يولدا قاراقچىلار كارۋانلىرىمنى ئۆلتۈرۈپ، ماللىرىمنى بۇلاپ كەتتى. مەن يالغاندىن ئۆل

## ئون بەش ياشلىق ۋەزىر

بۇرۇن بىر يۇرتتا كەسپتە كامالەتكە يەتكەن، پۈتكۈل
ئەل - جامائەت ئىچىدە داڭقى تارالغان بىر تىۋىپ ئۆتكەن
ئىكەن. ئۇ دۇنيا - ئوقەتنى دوست تۇتمايدىكەن. مەيلى شاھ،
مەيلى گاداي بولسۇن، كىملا ئاغرىپ قالسا قېتىقىنىپ داۋالاي-
دىكەن، داۋالاش ھەققى تالاشمايدىكەن، ھەق بەرسە ئالىدىكەن،
بېرەلمىسە قىستىمايدىكەن. شۇڭا ئۇ قازا تاپقاندا بالا - چاقىسىغا
ھېچقانداق مىراس قالدۇرالماپتۇ.

تىۋىپنىڭ بىر ئوغلى بولۇپ، ناھايىتى كۈچتۈڭگۈر ئىكەن،
ئەمما ئۆز زامانىسىدا پۇل بولمىسا كۈچ ئىشلىمەيدىكەن. شۇڭا
بۇ ئوغۇلنىڭ ھال - كۈنى بەكمۇ غۇربەتچىلىكتە قاپتۇ، ھەتتا
ئېغىر بوي خوتۇنىنى تۈزۈكرەك ئوزۇقلاندۇرۇشقىمۇ قۇدرىتى يەتمەي
خىجالەت تارتىپتۇ.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇ ئوغۇلنىڭ خوتۇنى سېزىككە
چۈشۈپ، گۆش غەلۋىسى قىلغىلى تۇرۇپتۇ. تەڭلىككە چىدىمىغان
ئوغۇل تەلىيىمنى سىناپ كۆرەي، دەپ مەدىكار بازىرىغا بېرىپتۇ.

شۇ كۈنى بۇ شەھەر پادىشاسىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى
مەدىكار ياللىغىلى ئادەم چىقارغان ئىكەن. ئۇ، ھېلىقى
ئوغۇلنى تاللاپتۇ.

ئوڭ قول ۋەزىرىنىڭ بېغىنىڭ كەينىدە بىر قۇم دۆۋىسى
بولۇپ، ۋەزىر ئاشۇ قۇم دۆۋىسىنى تۈزلەپ، ئورنىغا كۆچەت تى-

— ئەي، ئانا! سىز بىرىپ ئاتامغا ئېيتىڭ، مەن سەللىمازا ساقايدىم. ۋەدەم بويىچە ماڭا شىپالىق دورا ئېلىپ كەلگەن يىگىت بىلەن مېنىڭ يۈزۈمنى ئېچىۋەتسۇن، — دەپتۇ.

موماي پادىشاغا قىزىنىڭ تەلىۋىنى يەتكۈزۈپتۇ. پادىشا قىزىنىڭ ساقايغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئاق گۈلنى ئېلىپ كەلگەن يىگىتكە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. قىزىنىڭ تەلىۋىگە قوشۇلۇپ تويغا تەييارلىق قىلىش يارلىقى چۈشۈرۈپتۇ. تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي قىلىپ مەلىكىنى يىگىتكە قوشۇپ قويۇپتۇ. بۇلار يەتتە پەرزەنت كۆرۈپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

لەرنى كۆرۈپ، ۋەزىرنىڭ ئاغزى ئايدەك، كۆزى جامدەك بولۇپ قاپتۇ - دە، نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ. «بۇ ئەھۋالدىن پادىشانى ۋاقىپلاندۇرسام، ئۇ چاغدا شۇنچە بايلىق، پۈتۈن يەر ئاستى شەھىرى قولۇمدىن كېتىدۇ، ئەڭ ياخشىسى، بۇ ئىش سىر پېتى قالسۇن، پەيتى كەلگەندە پادىشانى ئۆلتۈرەي - دە، ئىككىلا شەھەرنى ئۆزۈم سوراي...» دىگەن خىيالنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن ۋەزىر پەيتنى كەلتۈرۈپ بىخەستە تۇرغان تىۋىپنىڭ ئوغلىنى بىر خەنجەر ئۇرۇپلا ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن ھېچ ئىش كۆرمىگەندەك بولۇپ، يەر ئۈستىگە چىقىپتۇ. ھېلىقى تۆشۈكنى كۆمۈپ تاشلاپ قۇم دۆۋىسىنى دۆۋىلەپ قويۇپتۇ.

ئاي ئۆتۈپتۇ، يىل ئۆتۈپتۇ. تىۋىپنىڭ ئوغلىنىڭ ئايالى ئېرىنىڭ دەردىدە زار - زار يىغلاپتۇ. تۇغۇلغان ئوغلىنى يىمەي يىگۈزۈپ، كىيمەي كىيگۈزۈپ، مىڭ تەسلىكتە ئۇن بەش ياشقا كىرگۈزۈپتۇ. بالا غۇربەتچىلىكتە چوڭ بولسىمۇ، چىرايى سۈزۈك، ئەقلى تۈزۈك، دانىشمەن بالا بوپتۇ. نۇرغۇن كىتاپلارنى ئوقۇپ، كۆپ بىلىم ئىگەللەپ، ئۆلىمالىق مۇقامىغا يېتىپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ ئانىسىدىن سوراپتۇ:

— ئانا، مېنىڭ دادام كىم، ئۇ نەگە كەتكەن؟

بىچارە خوتۇن كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكۈپ تۇرۇپ، دادىسىنىڭ كىملىگىنى، مەدىكارچىلىققا كەتكەنچە قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى ھىكايە قىلىپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ئانا، — دەپتۇ بالا، — دادامدىن ماڭا ھېچقانداق نەرسە مىراس قالمىغانمۇ؟

— ياق بالام، — دەپتۇ ئانىسى، — بىز ئەزەلدىن مال - دۇنيانى دوست تۇتمىغان ئادەملەر ئەۋلادىدىن بولىمىز. بوۋاڭ داڭلىق تىۋىپ ئىدى. ئۇنىڭ بىر كىتاۋى بولۇپ، ئۇ كىتاپ ھازىرمۇ قازناقتا تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مىراس قالدۇرمىغان...

كىپ بېغىنى كېڭەيتمەكچى ئىكەن. ۋەزىر ئوغۇلنى ھېلىقى قۇم دۆۋىسىنىڭ يېنىغا باشلاپ كېلىپ:

— مانا، قىلىدىغان ئىشىڭ مۇشۇ، ھەققىڭگە نىمە تەلەپ قىلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئوغۇل قۇم دۆۋىسىنى ئايلىنىپ، مۆلچەرلەپ چىققاندىن كېيىن:

— ۋەزىر ئەزەم، بۇ ئاز كۈچ بىلەن پۈتىدىغان ئىش ئەمەس ئىكەن، شۇنداقتىمۇ بۇ دۆڭنى بىر كۈنگە قالماي تۈزلىۋېتىمەن. ھەققىمگە ئاتىغانلىرىڭنى بېرەلا، — دەپتۇ ۋە ئايالنىڭ گۆشكە سېزىك ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

ئوڭ قول ۋەزىر بۇنداق ئەرزان مەدىكارنىڭ ئۇچرىغىنىغا بەكمۇ خوشال بولۇپتۇ ۋە:

— مۇشۇ دۆڭنى راستىنلا بىر كۈندە تۈزلەپ بولساڭ، ساڭا بىر ئوغلاق بېرىمەن، — دەپ لەۋزە قىپتۇ.

تىۋىپنىڭ بالىسى ئوغلاقنىڭ خوشاللىغىدا ئىشنى دەرھال باشلاپتۇ. چۈشكە يېقىن قۇم دۆۋىسىنى چېپىۋاتقاندا كەتمەن «تاڭ» قىلىپ بىر نەرسىگە تېگىپتۇ. ئوغۇل قۇمنى ئىككى تەرەپكە سىرىۋېتىپ قارىغىدەك بولسا، كەتمەنگە تەككىنى يوغان بىر ياغاچ ئىكەن. ئوغۇل كۈچىمەيلا ھېلىقى ياغاچنى يەردىن سۇغۇرۇپ چىقىرىپتىكەن، چوڭ بىر تۆشۈك كۆرۈنۈپتۇ. بېشىنى تىقىپ قارىسا، يەرنىڭ ئاستىدا كەڭرى كەتكەن شەھەر تۇرغۇدەك. بۇ شەھەرنىڭ ئۆيلىرى ئالتۇندىن، بوسۇغىلىرى قاشتېشىدىن ئىكەن، دەرەخلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرى ھەر خىل تاۋار - دۇردۇنلار بىلەن قاپلانغان ئىكەن.

بۇ مۆجىزىگە تىۋىپنىڭ ئوغلىنىڭ ئەقلى ھەيران قاپتۇ ۋە ئەھۋالنى ۋەزىرگە ئېيتىپتۇ. ۋەزىر ئۇنىڭ خەۋىرىگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي ھېلىقى جايغا كەپتۇ. ئىككىيلەن ھېلىقى تۆشۈكتىن يەر ئاستىغا چۈشۈپ شەھەرنى ئايلىنىپتۇ. بىھېساپ ئالتۇن - كۈمۈش، دۇنيا - دەپىنە-

چۈشلىرىگە تەبىر بېرىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس، — دەپ مەسلىھەت كۆرسىتىپتۇ. باشقا ئۆلىمالارمۇ قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھېلىقى ئۆلىمانىڭ مەسلىھىتىنى قۇۋۋەتلەپتۇ. پادىشا: «شۇنچە پىشقەدەم، كۆپنى كۆرگەن ئۆلىمالارنىڭ ئەقلى يەتمىگەن چۈشنىڭ تەبىرىنى يېشىشكە كىچىككىنە بىر بالىنىڭ قۇربى يېتەرمۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ يۇ، ئەمما ئۆلىمانىڭ مەسلىھىتى بويىچە بالىنى ئوردىغا چاقىرىپ سىناپ كۆرۈشكە ماقۇلغا كەپتۇ.

پادىشانىڭ ئىككى خىزمەتكارى دانىشمەن بالىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، پادىشانىڭ ھوزۇرىغا تەكلىپ قىلىۋاتقانلىقىنى بايان قىلىپتۇ. بالا خىزمەتكارلارغا:

— بېرىپ پادىشاغا ئېيتىڭلار، مەن پادىشا كۆرگەن چۈشكە تەبىر بېرەلەيمەن، ئەمما كىچىك بولغانلىقىم ئۈچۈن ئات ئۈستىدە ئولتۇرالمايمەن. پىيادە بارسام ھېرىپ قالىمەن، شۇڭا پادىشانىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى كەلسۇن، مەن ئۇنىڭ ئۈستىگە مىنىپ ئوردىغا بارىمەن، بولمىسا چۈشنىڭ تەبىرى يامانغا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، — دەپتۇ.

بالىنىڭ شەرتى پادىشاغا غەلىتە تۇيۇلۇپتۇ. ئەمما كۆرگەن چۈشنىڭ تەبىرىنى ئاڭلاش تەقەززاسىدا ئوڭ قول ۋەزىرىنى بالىنىڭ شەرتىنى ئورۇنلاپ، بالىنى ئوردىغا ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ.

بالا ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ مەيلىگە قويماي، ئۇنىڭ ئۈستىگە مىنىپتۇ، قولىغا ئۇچلۇق تاياقتىن بىرنى ئېلىپ، قەدەمدە بىر سانچىپ ۋەزىرنى يۈگۈرتكىنىچە ئوردىغا يېتىپ كەپتۇ. يولدا كەلگىچە ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ ئۇچىسى يېغىر بولۇپتۇ. باش - كۆزلىرى تاياق زەربىدىن قانغا بويىلىپتۇ.

بالا ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن پادىشاغا تازىم بىجا كەلتۈرۈپ ئاندىن:

بالا بۇ گەپنى ئاڭلاپ قازناققا يۈگۈرۈپتۇ، بىر چاغدا ئۇ-تىنى تۆت ئىلىك توپا - چاڭ باسقان كونا مۇقاۋىلىق بىر كىتاپنى كۆتىرىپ چىقىپتۇ. ئۇ بىرنەچچە كۈنگىچە ھېلىقى كىتاپنى باش كۆتەرمەي ئوقۇپتۇ. ئوقۇغانسىرى چىرايى ئېچىلىپتۇ.

— بالام، دەپتۇ ئانا، — بۇ كىتاپتا نىملەر يېزىلىپتۇ؟ ئوقۇغانسىرى چىرايىڭ ئېچىلىپ كەتتىغۇ؟

— بۇ بىر ھىكمەتلىك كىتاپ ئىكەن، — دەپتۇ بالا، — ئۇنىڭ ھەر بىر ۋارىقىدا ئىلگىرى ئۆتكەن ئىشلار، بۇنىڭدىن كېيىن بولىدىغان ھادىسىلەر يېزىقلىق ئىكەن.

بالىنىڭ ئانىسى بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— ئۇنداقتا، داداڭنىڭ نەگە يوقالغانلىغى، نىمە كۈنلەرگە دۇچ كەلگەنلىگى توغرىسىدىمۇ بىرەر خەۋەر تاپقىلى بولغۇدەكمۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن، بالا:

— ئانا، بۇ ھەقتىمۇ يېزىلغان ئىكەن، ئەمما ۋاقتى كەل-مىگىچە ئۇنى ئاشكارىلىيالمايمەن، پات يېقىندا ھەممە ئىشتىن خەۋەر تاپىسىز، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

ئەمدى گەپنى بۇ شەھەرنىڭ پادىشاسىدىن ئاڭلايلى:

پادىشا بىر كېچىسى ئاجايىپ چۈش كۆرۈپتۇ ۋە چۈشىگە تەبىر سوراپ ئوردا ئۆلىمالىرىنىڭ ھەممىسىنى ھوزۇرىغا چاقىر-تىپتۇ. ئەمما پادىشانىڭ چۈشىگە ئۆلىمالارنىڭ ھېچقايسىسى تەبىر بېرەلمەپتۇ. پادىشا بۇنىڭدىن غەزەپلىنىپ ئۆلىمالارنىڭ ھەممىسىنى ئوردا خىزمىتىدىن ھەيدىمەكچى بولۇپتۇ. شۇ چاغدا بىر ئۆلىما:

— پادىشاھى ئالەم، بۇ يۇرتىمىزدىكى پۇقرالار ئارىسىدا ئون بەش ياشلىق بىر دانىشمەن بالا بار دەپ ئاڭلىدىم. ئۇ ئۆزىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي ناھايىتى ئەقىللىقمىش. ئىجازەت بولسا، شۇ بالىنى ئوردىغا چاقىرتساق، ئۆزلىرى كۆرگەن خاسىيەتلىك

بالا سۆزنى مۇشۇ يەرگىچە ئېيتىپ بىردەم شۈك تۇرۇۋاپتۇ. پادىشانىڭ ھەيرانلىقى ئەسلىدىكىدىن زىيادىلىشىپ بالىنىڭ سۆزىگە تېخىمۇ قىزىقىپتۇ. ئوردا ئۆلىمالىرى ۋە ساراي ئەھلى «سۇبھاناللا» دېيىشىپ ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپتۇ. ئۇلۇغ قول ۋەزىر بولسا يېغىر ئۇچىسىنىڭ ۋە قانغا بويالغان باش - كۆزىنىڭ ئاغرىق ئازاۋىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئەنسىزلىك ئىچىدە لاغىلداپ تىترەشكە باشلاپتۇ. بۇ ھالەتنى بىرەر ئىشنى سەزگەن پادىشا بالىغا قاراپ:

— ئاجايىپ سۆزلەرنى قىلىۋاتىسەن ئوغلۇم، ئاخىرىغىچە سۆزلە، — دەپ مەدەت بېرىپتۇ.

— بۇ قوتۇر ئىت، — دەپتۇ بالا ئۇلۇغ قول ۋەزىرنى كۆرسىتىپ، — دەل مۇشۇ ئۇلۇغ قول ۋەزىر!

پادىشا ۋە ئوردا ئەھلى بالىنىڭ بۇ تەبىرىدىن ھەيران بولۇشۇپ بىر ئىشنىپ، بىر ئىشەنمەي تۇرۇپ قېلىشىپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن پادىشا بالىدىن نېمىگە ئاساسلىنىپ شۇنداق دېگەنلىكىنى سوراپتۇ. ئۇلۇغ قول ۋەزىر بولسا «تۆھمەت، ھاقارەت!» دەپ ۋاقىراپ، جاقىراپ ئەرسات كۆتىرىپتۇ. بالا تەمتىرىمەي تۇرۇپ:

— ئاۋال نەق مەيدانغا بارايلى، — دەپتۇ - دە، ھەممەيلەننى ئۇلۇغ قول ۋەزىرنىڭ بېغىغا ياندىش قۇم دۆۋىسىگە باشلاپ بېرىپتۇ. بالىنىڭ ئىلتىماسى بويىچە ئۇلۇغ قول ۋەزىرمۇ تۆت جاللاتنىڭ يالاپ مېڭىشى بىلەن قۇم دۆۋىسى ئالدىغا كەلتۈرۈلۈپتۇ. كىشىلەر ئۇلاش - چولاش ھېلىقى قۇم دۆۋىسىنى چېپىپ، تۆشۈك ئېچىپ يەر ئاستىدىكى شەھەرگە كىرىپتۇ. بۇ شەھەردىكى بايلىق، گۆزەللىك ۋە ئاجايىپ - غارايىپلارنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ قاپتۇ.

پادىشا بالىنىڭ ئەقلىگە قايىل بولۇپ، بۇ ئىشلارنىڭ

— ئەي كېرەملىك شاھ، مەن ئۆزلىرىنىڭ كۆرگەن چۈشلىرىنى ئېيتىپ بېرەي، ئاندىن بۇ چۈشكە تەبىر ئېيتاي، — دەپتۇ.

— مەن كۆرگەن چۈشنى سەن قانداق بىلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ ھەيران بولغان پادىشا.

— بىلىمەن، پادىشاھىم، — دەپتۇ بالا ۋە پادىشا كۆرگەن چۈشنى سۆزلەپتۇ، — ئۆزلىرى شۇنداق بىر چۈش كۆردىلە، چۈشلىرىدە باشلىرىغا بىر تەۋەك سارغىيىپ پىشقان نان قويۇلغان ھالدا كېتىپ بارغان ئىدىلە، تۇساتتىن يەنە بىر تەۋەك نان ئاسماندىن چۈشۈپ قوچاقلىرىغا جايلاشتى. شۇ ئەسنادا پۇتلىرىغا سۈركىلىپ يۈرگەن بىر قۇتۇر ئىت ئاسماندىن چۈشكەن ناننى تەۋەك بىلەنلا ئاستىغا بېسىۋالدى. بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي باشلىرىدىكى تەۋەككە قاراپ خىرىس قىلىپ قاۋىدى. ئۆزلىرى بۇ چاغدا ھېلىقى قۇتۇر ئىتقا «چاغ، نىجىس!» دىدىلە ۋە ئويغىنىپ كەتتىلە...

بالىنىڭ ئۆزى كۆرگەن چۈشنى تولۇق ئېيتىپ بەرگەنلىكىدىن ھەيرانۇ - ھەس بولغان پادىشا بىر ھازاغىچە ئاغزىنى ئېچىپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ ۋە بىر چاغدا ئېسىنى يىغىپ:

— ئەي بالا، مەن كۆرگەن چۈشنى ئەينى پېتى ئېيتتىڭ. بۇ چۈشنى سېنىڭ بىلىۋالغانلىقىڭ مېنى تولىمۇ ھەيران قالدۇرۇۋاتىدۇ. ئەمدى چۈشنىڭ تەبىرىنى ئېيتىپ بېرەلەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— باشلىرىدىكى بىر تەۋەك نان، — دەپتۇ بالا، — ئەسلىدىكى شاھلىق سەلتەنىتى، ئاسماندىن چۈشۈپ قوچاقلىرىغا جايلاشقان بىر تەۋەك نان بولسا، ئۆزلىرىگە يۈزلەنگەن ئامەت ۋە رىزقا، ئەمما بۇنى ئاستىغا بېسىۋالغان، ھەتتا باشلىرىدىكى نانغا خىرىس قىلغان قۇتۇر ئىتنىڭ كىملىكىنى بىلەملا؟

## مومايىنىڭ ئەجرى

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشا ئوردىسىغا ھەشەمەتلىك تەخت ياساتماقچى بولۇپ، پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

— شۇنداق بىر تۇت (ئۈژمە) دەرىخىنىڭ ياغىچىنى تېپىپ كېلىڭلاركى، — دەپتۇ ئۇ لەشكەرلىرىگە، — ئۇنىڭ ئىگىزلىگى يۈز غۇلاچ، ئەگرى ئەمەس تۈز بولسۇن، يوغانلىغى ئون غۇلاچ، پۇتاق ئەمەس تۈز بولسۇن. مەن ياغاچنىڭ ئىگىسىگە رازى بولغۇدەك ئالتۇن - كۈمۈش بېرىمەن.

لەشكەرلەر تەرەپكە چېپىپ، بۇنداق تۇت دەرىخىنى ئىزلەپ ھېچيەردىن تاپالماپتۇ.

شۇ شەھەرنىڭ چەت بىر يېرىدە بىر موماي يالغۇز ياشايدىكەن. موماي ناھايىتى كەمبەغەل بولۇپ، چاق ئىگىرىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. ئۇنىڭ ئىشىگى ئالدىدا بىر تۈپ تۇت دەرىخى بار ئىكەن. موماي تۇت دەرىخىنى تىككەن كۈندىن باشلاپ، ھارام شاخلىرىنى پۇتاپ، پات - پات سۇغۇرۇپ، كۆز قارچۇغىدەك ئاسراپ پەرۋىش قىلغان ئىكەن. كۆچەتنى قىڭغىر ئۆسۈپ قالمىسۇن، دەپ ئۈژمىسىنى ھەرگىز ئىغىتمايدىكەن، ئايلار ئۆتۈپ، يىللار ئۆتۈپ تۇت دەرىخى شۇنداق ئۆسۈپتۈكى، ئۇ دەرەخنىڭ تۈز ۋە ئىگىزلىكىگە كىشىلەر ھەيران قاپتۇ. ئۇ شۇنداق يوغىناپتۇكى، ئۇنىڭغا بىر نەچچە ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتمەپتۇ. موماي دەرەخنىڭ مۇنداق تۈز، پۇتاقسىز ئۆسكىنىگە

سىرىنى چۈشەندۈرۈشنى ئىلتىماس قىلغان ئىكەن، بالا بوۋىسىدىن قالغان ھېلىقى كىتاب ھىكمىتىدىن تارتىپ، كىتاپتا ئوقۇغانلىرىنى، بولغان ۋەقەلەرنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە:

— ئەي پادىشاھىم، ئۆزلىرىنىڭ بۇ ۋەزىرلىرى يەر ئاستى شەھىرىدىكى دۇنيا - دەپىنلەرنى سىلىدىن قىزغانغاچقا، رەھمەتلىك ئاتامنى سىرنى پاش قىلىپ قويىدۇ، دەپ ئەنسىرەپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن، سىلىنىڭ سەلتەنەتلىرىدىگە كۆز ئالايتىپ پەيت كۈتكەن، ئەمما قول سېلىشنىڭ پۇرسىتىنى تاپالمىغان، — دەپتۇ.

پادىشا ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، دەرغەزەپكە كەپتۇ. قارا نىيەت ئوڭ قول ۋەزىرنى ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا سۆرىتىپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ. توسۇن ئاتلار ۋەزىرنى باياۋانغا سۆرەپ تېنىنى تىتما - تىتما قىلىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. پادىشا بالىنىڭ خىزمىتىنى تارتۇقلاپ ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ ئىشىغا قويۇپتۇ. بۇ ئىشتىن پۈتكۈل پۇقرا ۋە ئوردا ئەھلى خۇرسەن، رازى بولۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، دانىشمەن بالا كىتاپتىكى بىلىمنىڭ خاسىيىتى بىلەن قارا نىيەت قاتىلنىڭ ئەدۋىنى بېرىپ، دادىسىنىڭ قىساسىنى ئاپتۇ، يۇرتنى يامانلارنىڭ قەستىدىن ساقلاپ، ئەلنى ئەمىن تاپتۇرۇپتۇ. ئانا - بالا ئۆمۈرلىرىنىڭ ئاخىرىغىچە بەختىيار ياشاپتۇ.

## تۈلكىنىڭ قۇۋلۇغى

بىر كۈنى تۈلكىگە بۆرە ئۇچراپ قېلىپ: «ئاداش، تېچمۇسەن؟» دەپلا ئۆتۈپ كېتىپتۇ. تۈلكە: «ئۇ مېنى ئاداش دەپ ئەھۋال سورىدى، مەن مۇشۇ بۆرە بىلەن دوست بولايچۇ. بۆرە دىگەن باتۇر، قويلارنى يەيدۇ. سېنىڭ راست دەپ، تەڭ يىسەم بولمامدۇ» دەپ ئويلاپتۇ. شۇ بۆرىنى ئىزلەپ تېپىپ، شۇنىڭ بىلەن دوست بوپتۇ.

بۆرە تېپىپ كەلسە، تۈلكە بىللە يەيدىكەن: ئۆزى بولسا، ھېچنەرسە تاپالمايدىكەن. بۇ ئىشقا بۆرىنىڭ قوسىغى كۆپىدىكەن. تۈلكىنىڭ ئەلىجان، بەلىجان، ۋەلىجان دىگەن ئۈچ بالىسى بار ئىكەن. بۆرىنىڭ ئاچچىغى كېلىپ يۈرگىنىنى سەزگەن تۈلكە بىر كۈنى بالىلىرىغا:

— ھەي، بالىلىرىم! مەن سەيلە قىلىپ چىقىپ كەتكەندە بۆرە كەلسە، ئىشىكنى ئېچىپ بەرمەڭلار، — دەپتۇ.

— ماقۇل، — دەپتۇ تۈلكىنىڭ بالىلىرى.

بىرىنچى قېتىم بۆرە كېلىپ ئىشىكنى ئۇرغاندا، تۈلكە بالىلىرى: «ئۆيدە ئانىمىز يوق» دەپ، ئىشىكنى ئاچماپتۇ. ئىككىنچى قېتىم كېلىپ: «ئاچ ئىشىكنى!» دەپ ۋاقىراپتۇ بۆرە. بالىلار ئاچقىلى ئۇنىمىغاندىن كېيىن، بۆرە ئىشىكنى ئۆرۈپ كىرىپ، ئەلىجاننى يەپ قويۇپتۇ، بەلىجاننىمۇ يەپ قويۇپتۇ. يالغۇز ۋەلىجان قۇتۇلۇپ قاپتۇ. بىر ۋاقىتتا تۈلكە بالىلىرىغا ئوزۇق ئېلىپ

بەكمۇ خوشال ئىكەن.

لەشكەرلەر ئىزلەپ يۈرۈپ بۇ يەرگە كېلىپ قاپتۇ. ئۇلار بۇ دەرەخنى كۆرۈپ، دەرھال پادىشاغا خەۋەر قىپتۇ. پادىشا ئۆز ۋەدىسى بويىچە مومايغا نۇرغۇن ئالتۇن بېرىپ، دەرەخنى كەستۈرۈپ ئوردىغا ئەكەلدۈرۈپتۇ. بۇ دەرەخنىڭ ئۆزىنى شۇنچىۋالا ئالتۇنغا ئىگە قىلغانلىقىدىن خوشال بولغان موماي مۇنداق نەزمە توقۇپتۇ:

ئى تۇتىم، تۇپ - تۇزلۇكۈك قىلدى مېنى دۆلەتكە يار،

ئەگرى بولساڭ سەن ئوتۇن، بولغاي ئىدىم مەن خارۇ - زار.

— تۆرگە ئۆتسىلە، بۇ يەرگە قازاننى چۈشۈرىمەن، گۆش پىشاي دەپ قالدى، ئەلىجان بىلەن بەلىجان، ئويىنىغىلى چىقىپ كېتىپتۇ، ئۇلار كەلسىلا گۆشنى ئالىمەن، — دەپتۇ تۈلكە بۆرىنى تۆرگە تەكلىپ قىلىپ.

بۆرە تۆرگە سىبلىنىغان كىرپىدە ئولتۇرۇپتىكەن، گۈلدۈرلىگىنىچە ئورىغا چۈشۈپ كېتىپ كۆيۈشكە باشلاپتۇ.

تۈلكە ئۇنىڭدىن:

— ئەلىجان بالامنى يەمسەن؟ بەلىجان بالامنى يەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— يىمەيمەن... تارتىۋال! — دەپ يالۋۇرۇپتۇ بۆرە.

— ھە، ۋەلىجان قاپتۇ، ئۇنىمۇ يەۋېتەمسەن - يا؟

— يىمەيمەن! جېنىم دوستۇم، يىمەيمەن!... مېنى تارتىۋال!...

بۆرىنىڭ پۇت - قوللىرى ئوبدان كۆيگەندىن كېيىن تۈلكە ئۇنى ئوتتىن تارتىۋاپتۇ ۋە:

— ئەمدى قانداق جازالاي؟ — دەپ سوراپتۇ بۆرىنىڭ ئۆزىدىن.

بۆرە گەپ قىلماپتۇ. تۈلكە ئىچ ئاغرىتقان بولۇپ:

— ئاۋۇ تاقىقا چىقساڭ قوڭغۇراق تىكەن بار، ئۈستىگە چىقىپ ئېغىنىساڭ، كۆيگەن يېرىڭنىڭ ئېچىشىشى ھازىرلا توختايدۇ، — دەپتۇ بۆرىگە. بۆرە تاققا چىقىپ قوڭغۇراق تىكەنگە ئېغىنىغان ئىكەن، پۈتۈن بەدىنى قانغا مىلىنىپتۇ. بۆرە تۈلكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەزايى - بەدىنىم تېخىمۇ ئېچىشىپ كەتتى، قان - يېرىڭ توختىمايۋاتىدۇ، نىمە چارە بار؟ — دەپ سوراپتۇ تۈل-

يىتىپ كەپتۇ.

— ئاران دىگەندە تېپىپ كەلدىم بۇنى. ھەي، ئەلىجان قېنى سەن؟ — دەپتۇ.

— بۆرە يەپ كەتتى، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ۋەلىجان.

— بەلىجان قېنى؟

— بۆرە يەپ كەتتى.

بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان ئانا تۈلكە يىغلاپ كېتىپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن يىغىسىنى توختىتىپ:

— نىمىشقا ئۇششىكنى ئاچتىڭلار؟ — دەپ ۋاقىراپتۇ ۋەلىجانغا.

— بىز ئىچىپ بەرمىگەن ئىدۇق، بۆرە ئۆزىنى ئۇرۇپ، تاتىلاپ يۇرۇپ ئىچىۋالدى. — دەپتۇ ۋەلىجان.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ تۈلكە ئەكەلگەن گۆشلىرىنى قازانغا سېلىپ، — مەن ئاش ئېتىپ تۇراي. سەن بېرىپ بۆرىنى چاقىرىپ كەل.

ۋەلىجان بۆرىنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ئانام سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

— بارمايمەن، ئىشىم بار، — دەپتۇ بۆرە.

— ياق، بېرىڭ! ئاپام قوزا گۆشى تېپىپ كەپتۇ؛ قازانغا لىققىدە سېلىپ پىشۇرۇپ قويدى، — دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ بالا تۈلكە. بۆرە:

— بوپتۇ، بارسام باراي، — دەپتۇ ۋە تۈلكىنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. تۈلكە ئۆيىنىڭ تۆرىنى كولاپ، ئىچىگە قوقاس تولدۇرۇپ، ئۈستىگە چىراپلىق كۆرپە سېلىپ، بۆرىنى كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن. بۆرە كەلگەندىن كېيىن، ئۇ: «كەلسىلە، كەلسىلە» دەپ چىرايلىق قارشى ئاپتۇ، بالىلىرىنىڭ گېپىنى چىقارماپتۇ. بۆرە پەگادا ئولتۇرۇشقا تەمشەلگەن ئىكەن، تۈلكە!

## بۆلۈنگەننى بۆرە يەر

قويچى، قاسساپ، ئاشپەز ۋە ناۋاينىڭ بىردىن ئىتى بار ئىكەن. بىر كۈنى بۇ تۆت ئىت يولدا ئۇچرىشىپ قاپتۇ-دە، ئايرىلماسلىققا دوست بولۇشۇپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلار بىللە ساياھەت قىلىشىپ كېتىشىۋېتىپ، قېلىن بىر جاڭگاللىققا يولۇقۇپتۇ. ئۇلار بۇ جاڭگاللىقتا بۆرە جىقلىغىنى بىلگەچكە، «ناۋادا بىرەر بۆرىگە يولۇقۇپ قالساق ھەممىمىز بىرلىكتە ئۇنى يوقىتايلى» دەپ ۋەدىلىشىپ، جاڭگالنىڭ ئىچىگە قاراپ مېڭىشىپتۇ. جاڭگالنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، تۇيۇقسىز بىر بۆرە پەيدا بولۇپ، ئىتلارغا خىرىس قىپتۇ. ئىتلارنىڭ بىرى:

— ئاغىنىلەر، پەخەس بولۇڭلار، ئايرىلماڭلار، كۈچ بىرلىكتە، بۆرىگە يەم بولمايلى دېسەك ۋەدىمىزگە ئەمەل قىلايلى، — دېگەن ئىكەن، ئىتلار تەڭ ھەركەتكە كېلىپ بۆرىنى قورشىۋاپتۇ. ئوتتۇرىغا قاپسىلىپ قالغان بۆرە كۆڭلىدە دەرھال بىر پىلان تۈزۈپتۇ-دە، قورقۇپ ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئىتلاردىن:

— سىلەر مېنى نېمە قىلماقچى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سەن، — دەپ بىرىنچى بولۇپ سۆز باشلاپتۇ قويچىنىڭ ئىتى كۆزىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىتىپ تۇرۇپ، — دائىم مەن بېقىۋاتقان قويلارغا ھۇجۇم قىلىپ، قويلارنى خۇددى ۋابادەك قىرىپ تاشلايسەن، بۈگۈن سەندىن ئاشۇ قويلارنىڭ

كىمدىن. تۈلكە يەنە ئىچ ئاغرىتقان بولۇپ بۆرىگە:

— ئاۋۇ يەرگە شىكەر تۆكۈلگەن، شۇ يەرگە بېرىپ ئىغىنا! — دەپتۇ. بۆرە بېرىپ تۈز ئۈستىدە بىر ئىغىناپتىكەن، ئاۋازى بىلەن تەڭ جېنىمۇ چىقىپتۇ. تۈلكە بالىلىرىنىڭ ئۆچىنى بۆرىدىن مانا مۇشۇنداق ئاپتۇ.

يەتتى. پەقەت ئىككىنچىلارلا مېنى يېيىشكە ھەقلىق. ئاشپەزنىڭ يۈندىسىنى ئىچىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن. ئۇنىڭ ئىتىنىڭ مېنى يېيىشكە نىمە ھەققى بار؟ سىلەر ئۇنى يەر چىشلىتىپ، مېنى ئىككىنچىلار يېسەڭلار ياخشى ئەمەسمۇ؟

شۇ گەپ بىلەن بۇ ئىككى ئىت ئاشپەزنىڭ ئىتىنىمۇ ئۇ دۇنياغا ئەۋەتىۋېتىپتۇ. بۆرە: «ئەمدى قاسساپنىڭ ئىتى نېرى تۇرۇپ تۇرسۇن، ساڭا يالغۇز ئېيتىدىغان گېپىم بار» دەپ قويچىنىڭ ئىتىنى يېنىغا تارتىپ، قاسساپنىڭ ئىتىنى بىر چەتكە چىقىرىپ قويۇپتۇ. ئاندىن:

— ھەي، ئاغىنە، ھەق گەپنى ئېيتسام، مەن سېنىڭ قويۇڭنىلا يېدىم، قاسساپنىڭ قېنىنى ئاندا - ساندا يالاپ قويدۇم، خالاس. شۇڭا ئۇنىڭ ئىتى مېنى سەن بىلەن بىللە يېسە ساڭا ئۇۋال بولىدۇ، مۇنداق قىلىش ھەم ئادالەتسىزلىك بولىدۇ. سەن ئۇنى يوقات، مېنى ئۆزەڭ يالغۇز يېگىن، — دەپتۇ.

— مەن ئۆزەم يالغۇز ئۇنى قانداق يوقىتالايمەن، — دەپتۇ قويچىنىڭ ئىتى. بۆرە:

— مەن ساڭا ياردەملىشىمەن، قېنى بول، چاققان كەل، — دەپتۇ - دە، قويچىنىڭ ئىتىغا ياردەملەشكەن بولۇپ، قاسساپنىڭ ئىتىنى چەيلىۋېتىپتۇ. ئاندىن ئۇ يالغۇز قالغان قويچىنىڭ ئىتىغا قاراپ:

— ئەي، ئەخمەق، مېنى يېيىشكە نىمە ھەققىڭ بار؟! ئەمدى نۆۋەت ساڭا كەلدى، — دەپتۇ - دە، چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، بىر ئېتىلىپلا قويچىنىڭ ئىتىنىمۇ جېنىدىن جۇدا قىپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا «بۆلۈنگەننى بۆرە يەر» دىگەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالغان ئىكەن.

خۇننى ئالىمەن.

باشقا ئۈچ ئىتمۇ بۆرىنىڭ ئۆزىگە يەتكۈزگەن زىيان-زەخمىتى، غالجىرلىقى ئۈستىدە ئارقا-ئارقىدىن سۆزلەپ:

— سېنىڭ زۇلمىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، سېنى يوقىتىپ، كۆڭلىمىزنى ئەمىن تاپتۇرىمىز، — دېيىشىپتۇ.

— توغرا، — دەپتۇ بۆرە گۇناھىنى بوينىغا ئالغاندەك بولۇپ بېشىنى يەردىن كۆتەرمەي، — مەن سىلەرگە كۆپ زىيان سالدىم، سىلەر مېنى يېيىشكە ھەقلىق، لېكىن مېنىڭ سىلەرگە ئايرىم-ئايرىم ئېيتىدىغان گېپىم بار، ئالدى بىلەن ناۋاينىڭ ئىتى چەتكە چىقىپ تۇرسۇن، گېپىمنى قالغان ئۈچىڭلارغا ئېيتاي، — دەپتۇ. ئۈچ ئىت ناۋاينىڭ ئىتىغا شەرەت قىلغان ئىكەن، ناۋاينىڭ ئىتى نېرىراق بېرىپ تۇرۇپتۇ. بۆرە ئۈچ ئىتقا بىر-بىردىن قارىتىلىپ، مۇلايىملىق بىلەن سۆز باشلاپ:

— مەن قويچىنىڭ نۇرغۇن قويىنى يېدىم، قاسساپنىڭ قېنىنى يالىدىم، ئاشپەزنىڭ يۇندىسىنى ئىچتىم، لېكىن ناۋاينىڭ نېمىسىگە زىيان-زەخمەت سالغاندۇرمەن؟ ئۇنىڭ ئىتىنىڭ مېنى يېيىشكە نېمە ھەققى بار؟ سىلەر ئۈچىڭلار مېنى يېيىشكە ھەقلىق. شۇڭا ناۋاينىڭ ئىتىنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتسەڭلار، مېنىڭ گۆشۈم سىلەرگە جىقراقتىن تېگىدۇ، قوسۇغۇڭلارمۇ ئوبدان تويىدۇ ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئۈچ ئىت بىر-بىرىگە قارىشىپ، باش لىڭشىتىشىپ، بۇ سۆزنىڭ توغرىلىقىنى تەستىقلىشىپ، ناۋاينىڭ ئىتىنى تالىۋېتىپتۇ.

— ئەمدى ئاشپەزنىڭ ئىتى چەتكە چىقىپ تۇرسۇن، قالغان ئىككىڭلارغا ئېيتىدىغان سۆزۈم بار، — دەپ ئاشپەزنىڭ ئىتىنىمۇ چەتكە چىقىرىۋېتىپتۇ بۆرە، — سىلەر ئىككىڭلار قوي باقىسىلەر، مېنىڭ زىيىنىم ھەممىدىن بەك ئىككىڭلارغا

ئوغرى «ئەلە چىقار، مانا چىقار» دەپ، ئۇزۇن ساقلاپ، زېرىكىپ غەزىنىگە ئۆزى چۈشۈپتۇ. قارىسا شېرىگىنى پۈتىنى يۆتكىيەلمەي تۇرغىدەك، مامۇت ئوغرى ئۇنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئىلاجىسىنى قىلالماي، شېرىگىنىڭ رازىلىغىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ قېرى ئانىسىنى ئۆزى باقماق بولۇپ، شېرىگىنىڭ بېشىنى كېسىپ، غەزىنىدىكى ئالتۇنلارنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

هاكىم ئوغرىنى تېپىش مەقسىدىدە ئۆگىتىلگەن بىر قارا باشلىق تۆگىنى قويۇپ بېرىپتۇ. بۇ تۆگە ئۆيمۇ-ئۆي كىرىپ، ئاخىرى يېرىم كېچىدە مامۇتنىڭ هويلىسىغا چۆكۈپتۇ. تۆگىنىڭ ئارقىسىدا يۈرگەنلەر تولا مېڭىپ چارچىغانلىقتىن هېرىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. مامۇت دەررۇ تۆگىنى ئۆلتۈرۈپ، تېرىسىنى كۆمۈپ، گۆشىنى يوشۇرۇپ قويۇپتۇ.

هاكىم تۆگىنى تېپىش ئۈچۈن بىر جادۇگەر مومايىنى ئەۋەتىپتۇ. موماي بولسا ئۆيمۇ-ئۆي كىرىپ: «بىر بالام ئاغرىق ئىدى، ئۇنىڭغا تۆگە گۆشى دورا بولۇپ قالغان، سىلەردە بولسا، ئازراق بەرسەڭلار ساۋاپ بولىدۇ» دەپ، كۆرگەنلىكى كىشىگە يالۋۇرۇپتۇ.

ئۇ، مامۇتنىڭ قوراسىغا كىرىپ، ئانىسىغا يالۋۇرغان ئىكەن، موماي «ساۋاپ» دىگەن گەپنى ئاڭلاپ، «بىزدە بار» دەپ، تۆگە گۆشىدىن يېرىم جىڭچە بېرىپتۇ.

جادۇگەر موماي گۆشنى ئېلىپ «ئوغرىنى تاپتىم» دەپ، هاكىمنىڭ ئالدىغا كېتىۋاتقاندا، ئالدىدىن مامۇت چىقىپ قاپتۇ. ئۇ، مومايىنىڭ قولىدىكى تۆگە گۆشىنى كۆرۈپ:

— سىز نېمە قىلىپ يۈرىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بالامغا داۋا بولار دەپ، تۆگە گۆشىنى ئېلىپ كېتىۋاتىمەن، — دەپتۇ جادۇگەر موماي.

— بالىڭىز ئاغرىق بولسا، بۇنچىلىك گۆش نېمە بولىدۇ،

# ھاكىم ۋە ئوغرى

بۇرۇننىڭ بۇرۇلىسىدا خوتەن شەھىرىنىڭ بىر ھاكىمى بار ئىكەن. ئۇنىڭ غەزنىسى ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن تولغان ئىكەن. بۇ غەزنىنى ساقلاشقا يۈزلەپ ياساۋۇل قويغان ئىكەن. شەھەردە نۇرغۇن ئوغرىلار ھاكىمنىڭ غەزنىسىنى پايلاپ يۈرىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە غەزنىنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان قەشقەرلىق ئوغرى مامۇت خوتەن شەھىرىگە يول ساپتۇ. خوتەنگە كېلىپ ئۆزىگە شېرىك تېپىپتۇ. ئۇ شېرىكىنىڭ ئۆيىدىن تېشىپ، غەزنىنىڭ نەق ئوتتۇرىسىدىن چىقماقچى بوپتۇ ۋە شۇنداق قىپتۇ. لېكىن ئۇ غەزنىدىكى بايلىقنى بىراقلا ئالماي، بىر چەتتىن ئېلىپ خەجلەشكە باشلاپتۇ. ئۇ، غەزنىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تەشكەن تۆشۈكنى ئازلا ئېچىپ قويسا، ئالتۇنلار چۈشۈۋېرىدىغان ئامال تاپقان ئىكەن. بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، غەزنىچىلەر قۇلۇپلار ئېچىلماستىنلا، غەزنىنىڭ يېرىملاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ، ئەھۋالنى دەررۇ ھاكىمغا خەۋەر قىپتۇ. ھاكىم ئۆزى كېلىپ غەزنىسى كۆرگەندىن كېيىن، غەزنە ئەتراپىغا ياساۋۇللارنى قويۇپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئوغرىنى تۇتالماپتۇ. تۆشۈكنىڭ ئۈستىدىكى ئالتۇنلار تۈگەپ، تۆشۈكتىن چۈشمەس بولغاندا. مامۇت ئوغرى شېرىكىنى غەزنە ئىچىگە كىرگۈزۈپتۇ. ھاكىم غەزنە ساقلانغان ئۆيگە يار يېلىم تۆكۈپ قويغان ئىكەن. مامۇتنىڭ شېرىكى يار يېلىمغا چاپلىشىپ قاپتۇ. مامۇت

چىدىرغا قويۇپ چىقىپ كەتكەن بولسا، ئۆزىنى مەلۇم قىلسۇن، ئۇنىڭ ئۇستىلىغى ۋە تاغ يۈرەكلىكى ئۈچۈن قىزىمنى ئۇنىڭغا بېرىمەن» دەپ پەرمان چىقىرىپتۇ.

جارچىلار كوچا - كوچىلاردا جار سېپتۇ.

ھاموت ئوغرى ئۆزىنى مەلۇم قىلدىمۇ، قىلمىدىمۇ، ئۇنى بىلگىچە مەن ئويغىنىپ كەتتىم.

مەن سىزگە كاللا - پاقالچەگىمنى بېرەي، ئۇنى يەنە بالىڭىز چاپسان ساقىيىدۇ، — دەپ، جادۇگەر مومايىنى قايتۇرۇپ، ئۆيىگە ئېلىپ مېڭىپتۇ ماموت.

كاللا - پاقالچەكلەر بار ئۆيىگە ئەكىرىپ مومايىنى ئۆلتۈرۈپتۇ-دە، بىر قولىنى كېسىۋېلىپ، ئۆزىنى كۆمۈپ قويۇپتۇ.

هاكىم تۆگىدىنمۇ، مومايدىنمۇ ئايرىلغاندىن كېيىن، غەزنىسىنىڭ يوقالغىنىغا چىدىماي ئوغرىنى ئىزدەشتە ئۆزىنىڭ قىزىدىن پايدىلانماقچى بوپتۇ. ئۇ ئوردىسىنىڭ ئارقىسىدىكى چوڭ باققا چېدىر تىكىپ، قىزنى چېدىر ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ ئەتراپىتا يوشۇرۇن قاراۋۇللارنى قويۇپ:

— كىم مېنىڭ قىزىمنىڭ يېنىغا كىرەلىسە شۇنىڭغا قىرىق كۈن توي قىلىپ قىزىمنى بېرىمەن. بىراق شەرتىم شۇ: قاراۋۇللارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەي كىرسۇن، — دەپ شەرت قويۇپتۇ.

هاكىم پەقەت غەزنىنى ئوغرىلىغان ئوغرىلا كىرەلەيدۇ، دەپ ئويلايدىكەن.

بۇ ئىشقا ماموت تەۋەككۇل قىلىپتۇ. ئۇ يوغان بىر سېرىق ئىتنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ تېرىسىگە ئورىنىپتۇ-دە، مومايىنىڭ قولىنى قوينىغا سېلىپ، كېچىسى ئوردىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن هاكىمنىڭ قوراسىغا، ئاندىن باققا، باغدىن قىزنىڭ چېدىرىغا كىرىپتۇ. چېدىرغا كىرىپ ئۇنىڭغا «ۋاقىرىساڭ بېشىڭنى كېسىمەن» دەپتۇ ۋە دەرھال چىراقنى ئۆچۈرۈۋېتىپتۇ. تاڭ ئاتارغا يېقىن قىزنىڭ قولىغا مومايىنىڭ قولىنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى يەنە ئىت سۈرىتىدە باغدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

قىز ئەتىسى هاكىمغا: «دادا، ئاخشام چېدىرغا ئوغرى كىرىپ چىقىپ كەتتى، ئەمدى مېنى ئۇنىڭغا بەرمىسىڭىز بولمايدۇ» دەپتۇ. هاكىم ئوغرىنىڭ ئۇستىلىقىغا قايىل بولۇپ، كىمدە-كىم مېنىڭ غەزنەمنى ئوغرىلاپ تۈگەتكەن، مومايىنى ئۆلتۈرۈپ، قولىنى

چاشقان ئاندىن مۈشۈكنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپتۇ، مۈشۈك قوغلىماپتۇ. بۇنى كۆرگەن چاشقان ئۇۋىسىغا قايتىپ، چاشقانلارغا كۆرگەنلىرىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، چاشقانلار يەنە ئىشەنمەي، بىر ئەلچى ئەۋەتىپتۇ.

ئەلچى چاشقان قورقۇپ - تىترەپ مۈشۈكنىڭ ئالدىغا كەپتۇ يۇ، گەپ - سۆز قىلمايلا قېچىشقا تەمشىلىپتۇ. بۇنى بايقىغان مۈشۈك كۆزىنى ئاچماستىنلا ئۇنىڭغا:

— توختا، سەن قاچما، مەن ساڭا چېقىلمايمەن، مەن قېرىدىم، ياش ۋاقتىمدا سىلەرگە تولا زورلۇقلارنى قىلىپ، خۇدانىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولدۇم. مەن ھەجگە بېرىپ ھاجى بولۇپ كەلدىم. ھازىر بولسا خۇدا ئالدىدا ئۆتمۈشتىكى گۇناھلىرىمغا تەۋبە قىلىۋاتىمەن، سەن ھەممە چاشقانلارغا ئېيتقىن، ئۇلار مېنىڭ ئالدىمغا كەلسۇن، مەن ئۇلارنىڭ بىرسىنىڭ بالىسىنى، بىرسىنىڭ ئانىسىنى، بىرسىنىڭ ئاتىسىنى، بىر مۇنچىلىرىنىڭ قېرىنداشلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. مانا شۇ گۇناھلىرىم ئۈچۈن ئۇلاردىن كەچۈرۈم سورىماقچىمەن، — دەپتۇ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ.

ئەلچى چاشقان ئورنىدىن قوزغىلىپ، مېنى يەپ قويمىسىدى، دېگەن گۇمان بىلەن ئارقىسىغا قاراپ - قاراپ ئۇۋىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ. چاشقانلار ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— زادى نىمە ئىش ئىكەن ئۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مۈشۈك ھەجگە بېرىپ ھاجى بولۇپ كەپتۇ، گۇناسىغا تەۋبە قىلماقچى ئىكەن، ئۆتمۈشتە قىلغانلىرى ئۈچۈن بىزدىن كەچۈرۈم سورىماقچى ئىكەن، بۇنىدىن كېيىن ئۆزئارا دوست بولۇپ ياشىساق، دەيدۇ، — دەپتۇ ئەلچى چاشقان.

شۇنداق بولسىمۇ، چاشقانلار يەنە سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن، بىردىن، ئىككىدىن چىقىپتۇ. ھەتتا مۈشۈكنىڭ ئالدىدىكى

## هاجى مۈشۈك

بار ئىكەنئۇ - يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەنئۇ - توق ئىكەن. كۆزلىرى چەكچەيگەن، دۇمبىسى مۈكچەيگەن، پۇتلىرى ماغدۇرسىز، ئاغزىدا چىشى يوق بىر مۈشۈك بار ئىكەن.

ئۇ ئالدىدىن ئۆتكەن بىر بالا چاشقاننى قوغلاپ تۇتالماستىن «ھەسسەنە!» دەپ ئولتۇرۇپ قىلىپ ياشلىغىدىكى چەبدەسلىكى ئېسىگە چۈشۈپتۇ - دە، كۆزىگە لىق ياش ئاپتۇ، قوسىغىنىڭ ئاچلىغى ئۇنى ئويغا ساپتۇ.

ئۇ ئويلا - ئويلا بىر قۇۋۇلۇقنى ئويلاپ تېپىپتۇ: بېشىغا سەللە ئوراپ، قولىغا تەسۋى تۇتۇپ، ئالدىغا جايناماز سېلىپ قىبلىغا قاراپ، ئىنتايىن مۇلايىم قىياپەتتە چاشقانلارنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ ئولتۇرۇۋاپتۇ.

ئۇۋىسىدىن چىققان چاشقان ئاۋال بېشىنى چىقىرىپلا قېچىپ كىرىپ كېتىپتۇ. كېيىن يەنە چىقىپ قاراپ تۇرۇپتۇ، ئۇ مۈشۈكنىڭ تېچ تۇرغانلىغىنى كۆرۈپ ئۇۋىسىغا قايتىپ كىرىپتۇ - دە، ھەممە چاشقانلارغا مۈشۈكتىكى ئۆزگىرىشنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. چاشقانلار بۇنىڭغا ئىشەنمەستىن، ئالدى بىلەن يۈرەكلىكرەك، چاققانراق سىنچى چاشقاننى چىقىرىپتۇ. ئۇ ئۇۋىدىن چىقىپ بايقىغاندىن كېيىن، ھىلىقى چاشقاننىڭ خەۋىرىنىڭ راستلىغىغا كۆزى يەتكەن بولسىمۇ، سىناپ كۆرگۈسى كېلىپ، ئاۋال يىراقتىن ئۆتۈپتۇ. مۈشۈك بۇنىڭغا پەسەنت قىلماپتۇ.

# ئىسىل بايلىق

بۇرۇنقى زاماندا قولى ئوچۇق بىر بوۋاي ئۆتكەن ئىكەن،
ئۇ دائىم: «كىمەرسە ھاجەتمەنگە قەرز بەرسە ساۋاپ ئالىدۇ»
دىگەن گەپنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىكەن. ھەرقانداق ھاجەتمەن
كەلسە خالىغىنىچە قەرز بېرىدىكەن. قەرز ئالغۇچىمۇ بوۋاينىڭ
سېخىلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇپ، قەرزنى ۋاقتى - قەرەلىدە ئاشۇرۇپ
قايتۇرىدىكەن. شۇڭا بوۋاينىڭ بايلىقى كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ
شۆھرىتى باشقا يۇرتلارغا تارقىلىپتۇ. باشقا شەھەرلەردىن كېلىپ
قەرز ئېلىپ كېتىدىغانلار پەيدا بولۇپتۇ. يىراق بىر شەھەردىكى
بىر ھىلىگەر سودىگەر بوۋاينىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ «مەنمۇ بېرىپ
قەرز ئالسام، بوۋاي مەندىن ھۆججەت تەلەپ قىلمايدۇ، كېيىن
ئۇنتۇلدۇرۇپ قالمامدىم» دەپ ئويلاپ، دەرھال سەپەر جابدۇقىنى
قىلىپ، يولغا راۋان بولۇپتۇ. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بوۋاي-
نىڭ ئالدىغا ھازىر بولۇپ:

— ئەي ھۆرمەتلىك مويسىپىت، مەن ئۆز يۇرتۇمدا نامدار
سودىگەر ئىدىم، داڭقىڭىزنى ئاڭلاپ سىزنى زىيارەت قىلىپ كې-
تىش ئۈچۈن شەھىرىڭىزگە نۇرغۇن مال ئېلىپ كېلىۋاتسام، بەخت-
كە قارشى يولدا قاراقچىلار بۇلاپ قىرلۇمىنى قۇرۇقلاپ قويدى.
پېقىر كېچىكىمدىن تارتىپ سودا ئىشى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىم
ئۈچۈن، قولۇمدىن باشقا ھۈنەر كەلمەيدۇ. شۇڭا بىر ئاز قەرز بې-
رىپ تۇرسىڭىز، دەسمايە قىلىپ ئوقەت قىلىپ تۇرسام، ئىنشا-

جايىنامازدىن ئۆتۈپ بېقىپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا بىر شېتىلە چاشقان مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلەپمۇ قويۇپتۇ. ئەمما مۈشۈك يەنىلا تەقۋى سىرىپ ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. ئاخىرى كۆڭلى تىنجىغان چاشقانلار بىر-بىرىگە تەشۋىق قىلىشىپ، مۈشۈك بىلەن دوست بولماقچى بولۇپ، ھەممىسى ئۆۋىسىدىن چىقىشىپتۇ-دە، مۈشۈكنىڭ ئالدىغا كېلىشىپ، جايىنامازنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، سەممى سۆھبەتكە چۈشۈپتۇ.

ھاجى مۈشۈك يىغلاپ تۇرۇپ ئۇلاردىن كەچۈرۈم سوراپتۇ. ئاندىن تاھارەت ئېلىپ، ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. چاشقانلار ئۇنىڭ ناماز ئوقۇشىنى كۆرۈشكە قىزىقىپ، قاراپ تۇرۇشۇپتۇ. مۈشۈك «تاھارەت ئېلىۋالاي» دەپ چۆگۈننى كۆتىرىپ بۇلۇڭغا بېرىپ، بېشىدىكى سەللىسىنى يېرىتىپ، چاشقانلار قاچىدىغان تۆشۈكنى ئېتىپتۇ. ئاندىن ھەممە چاشقانلار-نى بىر باشتىن تۇتۇپ، بوغۇپ تاشلاپتۇ.

— ئوغلۇم، بۇ دەرەخنىڭ تۈۋىدە بىرئاز ئارام ئېلىپ ھاۋا سالقىنلىغاندا ماڭايلى، — دەپتۇ.

بالا دادىسىنىڭ قىلغان نەسىھەتىنى ئەسلەپ ئاقساقالغا:

— دادام «يالغۇز دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئارام ئالما» دىگەن، — دەپتۇ.

ئاقساقال بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ:

— ئوغلۇم، سەن يولغا چىقىش ئالدىدا دادىڭ «ئاقساقالنىڭ ھەرقانداق گېپىگە قۇلاق سال» دىگەن ئىدى. بۇنى ئۇنۇتتۇڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

بالا ئەسلەپ كۆرسە راست شۇنداق. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خىجىل بولۇپ:

— كەچۈرۈڭ بوۋا، سىز نىمە دىسىڭىز، شۇ بويىچە بولسۇن، — دەپتۇ.

ئۇلار دەرەخنىڭ يېنىغا كەپتۇ. بۇ باغجاللاپ كەتكەن يوغان تېرەك ئىكەن. ئۇنىڭ تۈۋىدىن سۈپ - سۈزۈك بۇلاق سۈيى ئېتىلىپ چىقىپ تۇرغىدەك. بالا مۇزدەك سۇنى قانغىچە ئىچىپ، بىردەمدىن كېيىن تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئاقساقال ئۇخلىماي قاراپ ياتقان ئىكەن. بىر چاغدا تېرەكنىڭ ئۇستىدىن يوغان بىر چار يىلان چۈشۈپ، تىلىنى چىقىرىپ بالىغا خىرىس قىپتۇ. ئاقساقال پەملەپ تۇرۇپ قولىدىكى ھاسا بىلەن بىرنى ئۇرغان ئىكەن، يىلان تىن تارتماي ئۆلۈپتۇ. بالا بىر چاغدا كېرىلىپ ئورنىدىن تۇرسا، يېنىدا زەھرىنى ئېقىتىپ يوغان بىر چار يىلان ياتقىدەك. بالا چۆچۈپ كېتىپتۇ ۋە ئەھۋالنى ئاقساقالدىن سورىغان ئىكەن.، ئاقساقال بولغان ئىشنى ئەينەن پۈتى سۆزلەپ بېرىپ:

— بۇ يىلاننىڭ بېشىنى كېسىۋېلىپ خالتاڭغا سېلىۋال، كېرەك بولىدۇ، — دەپتۇ.

ئاللا قەرزنى قايتۇرغايمەن، — دەپ كۆز ياش قىپتۇ.

بوۋاي سودىگەرگە نۇرغۇن پۇل بېرىپتۇ. سودىگەر بۇ پۇللارنى ئېلىپ ئۆز شەھىرىگە قايتىپتۇ. ئارىدىن خېلى كۆپ يىللار ئۆتكەن بولسىمۇ، سودىگەر پۇلنى بوۋايغا قايتۇرماپتۇ. بىر كۈنى بوۋاي ئوغلىنى ئالدىغا چاقىرىپ، شۇ سودىگەردىن قەرز پۇلنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ئوغلى يول ھازىرلىغىنى پۈتتۈرۈپ خوشلىشىش ئۈچۈن دادىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ.

بوۋاي ئوغلىغا قاراپ:

— ئوغلۇم، ساڭا تاپىلايدىغان تۆت كەلىمە سۆزۈم بار، قۇلىغىڭدا چىڭ تۇتقىن. بىرىنچى، سەن شەھەردىن چىققاندا ئالدىڭغا بىر ئاقساقال كىشى ئۇچرايدۇ. ئۇ كىشى بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولغاندا ئۇنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالغىن. ئىككىنچى، يول ئۈستىدە يالغۇز دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئۇخلىمىغىن. ئۈچىنچى، ھەرقانداق شەھەرگە بارساڭ، ھەرقانداق خوتۇننىڭ شەھۋانىسىگە بېرىلمە، ئاقساقالنىڭ كېيپى بويىچە ئىش كۆر. تۆتىنچى، سودىگەرگە تەكەببۇرلۇق قىلما، نەدە يات دىسە، شۇ يەردە ياتقىن، — دەپ ئوغلىنى يولغا ساپتۇ.

بالا شەھەردىن چىقىپ ئازراق يول يۈرۈشىگە بىر ئاقساقال كىشى يېتىپ كېلىپ، بالا بىلەن سالاملىشىپ، ھال - ئەھۋال سوراپتۇ، بالىمۇ لايىقىدا جاۋاپ بېرىپتۇ. بۇلار ھەمسۆھبەتتە بولۇپ مېڭىپ يولنىڭ زېرىكىشلىكلىكىنى، ئۇزۇنلۇغىنى ھىس قىلماپتۇ. خېلى ئۇزۇن يول يۈرۈپتۇ، چۈشتىن كېيىن ھاۋا ئىسسىپ كېتىپتۇ. يولدا سايىدىغىدەك بىرەر جايمۇ يوق ئىكەن. بۇلارنىڭ گېلى قۇرۇپ، كالپۇكلىرى گەز باغلاپ بولالماي قاپتۇ. شۇنداقتىمۇ سەرتان ئىسسىقتا يولنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن ئالدىدا يوغان بىر تۈپ دەرەخ كۆرۈنۈپتۇ.

ئاقساقال:

مۇرات ـ مەقسەدىڭلارغا يېتىسىلەر، ئەگەر قىز كۆنمىسە، ياخشى-
سى، قىزنىڭ كويىغا چۈشمە. — دەپتۇ.
بالا دەرھال قىزنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن خۇ-
پىيانە كۆرۈشۈپتۇ ۋە شەرتىنى قويۇپتۇ. قىز باش سىلكىتىپ را-
زىلىق بىلدۈرۈپتۇ. بالا دەرھال ئەنجاملارنى تەخلەپ مىس داس-
نى قىزىتىپتۇ، قىزنى داسنىڭ ئۇدۇلىدىكى چاپىغا ئولتۇرغۇزۇپتۇ.
داس راسا قىزىپ قىزارغاندا بالا خالتىسىدىكى ھېلىقى چار يى-
لاننىڭ بېشىنى ئېلىپ داسقا تاشلاپتۇ. شۇ ھامان داستىن ۋاژىل-
داپ ئىس چىقىپتۇ ـ دە، قىز نەپەس ئالغاندا ئىچىگە كىرىپ
كېتىپتۇ. ھايال ئۆتمەي قىزنى بىر قۇرۇق قەي تۇتۇپتۇ. قەي-
دىن كېيىنلا بىلەكتەك توملۇقتىكى، غۇلاچتەك ئۇزۇنلۇقتىكى بىر
چار يىلان قىزنىڭ ئىچىدىن چىقىپ ئۇدۇل مىس داسقا چۈشۈپ
پۇچۇلۇنۇپ ئۆلۈپتۇ. قىز بولسا بالىنىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى تاشلاپ-
تۇ ـ دە، زۇۋانغا كېلىپ:
— ھەي مەرھەمەتلىك ياخشى يىگىت، سېنىڭ كارامىتىڭ-
دىن مەن تىلسىمدىن قۇتۇلدۇم. ئەمدى پۈتۈن ۋەسلىمنى، مال ـ
دۇنيالىرىمنى ساڭا ئاتايمەن. ئاگاھ ۋە دانا بولغىنىڭكى، ئاكام ئەتە
سېنى مېھمان قىلىش بانىسى بىلەن كۈن چىقىش تەرەپتىكى
ئۆيگە باشلايدۇ. بۇ ئۆينىڭ تېگىدە ناھايىتى چوڭقۇر قۇدۇق
بار. ھەرقانداق كىشى ئۆيگە كىرسىلا قۇدۇققا چۈشۈپ ھالاك
بولىدۇ. شۇڭا ئاكام ئۆيگە باشلىغاندا، قولىدىن تۇتۇۋال، شۇ
چاغدا ئامان قالىسەن، — دەپتۇ.
دىگەندەك، ئەتىسى سودىگەر بالىنى مېھمانخانىغا باشلاپتۇ.
بالا قىزنىڭ ئۈگەتكىنى بويىچە سودىگەرنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ
زادى قويۇپ بەرمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سودىگەر بۇ ھىلىسىنى
ئاقتۇرالماي سىڭلىسىنىڭ تويىنى قىپتۇ. شۇنداق كاتتا توي بو-
لۇپتۇكى، پۈتۈن شەھەر خەلقى كېلىپ قاتنىشىپتۇ. جامائەت يى-

بالا ئاقساقالنىڭ تاپشۇرۇغى بويىچە يىلاننى پارچىلاپ بېشىنى خالتىغا سېلىپ، يولغا راۋان بوپتۇ. بۇلار بىرنەچچە كۈن يۈرگەندىن كېيىن سودىگەرنىڭ شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. سودىگەر بوۋاينىڭ ئوغلىنى تونۇپ، ئىززەت - ئىكرام بىلەن قارشى ئاپتۇ، تۇرلۇك زىياپەت، سەيلە ئۇيۇشتۇرۇپ ئوبدان كۈتۈپتۇ.

بۇ سودىگەرنىڭ ئاي دىسە ئاي ئەمەس، كۈن دىسە كۈن ئەمەس چىرايلىق بىر سىڭلىسى بار ئىكەن. بۇ شەھەرگە كەلگەن ھەرقانداق سودىگەر بۇ قىزنى بىر كۆرۈش بىلەن ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ، ئۇنىڭغا ئاشىق بىقارار بولىدىكەن ۋە ناھايىتى ھەشەمەتلىك، كاتتا توي قىلىپ قىزغا ئۆيلىنىدىكەنۇ، بىرىنچى ئاخشامدىلا قىزنىڭ قۇچىقىدا جان ئۈزىدىكەن، ئۇ سودىگەرنىڭ پۇل - ماللىرى قىزنىڭ سودىگەر ئاكىسىغا قالىدىكەن. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن سودىگەر بۇ بالىنىمۇ مەقسەتلىك ھالدا سىڭلىسى بىلەن كۆرۈشتۈرۈپتۇ.

قىز بالىنى كۆرۈش بىلەنلا كۆزىنى ئۈزەلمەي، بالىغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. ئەمما قىز گاچا بولۇپ، سۆزلىيەلمىگەچكە، ھىسسىياتىنى پەقەت كۆزى ئارقىلىقلا ئىپادىلەپتۇ.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتە - ئۆتمەيلا سودىگەر بالىغا كىشى قويۇپتۇ. بالىنىڭمۇ كۆڭلى ئېرىپ قالغان ئىكەن، بالا دادىسىنىڭ نەسىھىتىنى ئەسلەپ، بولغان ئەھۋالنى ئاقساقالغا مەلۇم قىلىپتۇ. ئاقساقال بالىغا:

— ئۇنداق بولسا، سودىگەرگە ئېيتىپ، قىز بىلەن خاس ئۇچراشقىن، ئەمما ئۇنىڭغا يېقىنلاشما، يوغان بىر مىس داس تېپىپ ئۇنىڭ تېگىگە ئوت قالا، قىز ئىگىزرەك جايغا چىقىپ داسنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرسۇن، داس راسا قىزىغاندا خالتاڭدىكى ھېلىقى يىلان بېشىنى ئېلىپ داسقا تاشلىغىن، شۇنداق ئەھۋالدىمۇ قىز قاچمىسۇن، ئەگەر ئۇ بۇ شەرتكە كۆنسە، ئىككىڭلار

# سىرلىق چىراق

بۇرۇنقى زاماندا، مەلۇم بىر شەھەردە ھەسەن ئىسمىلىك بىر كەمبەغەل تىكىمچى بولۇپ، ئۇنىڭ خوتۇنى ۋە ئالاھىددىن ئاتلىق بىرلا ئوغلى بار ئىكەن. ئالاھىددىن ئون ياشقا كىر-گەندە دادىسى «بالامۇ ماڭا ئوخشاش تىكىمچى بولسۇن» دەپ ئويلاپتۇ - دە، ئالاھىددىنغا كىيىم تىكىشنى ئۆگىتىشكە باشلاپ-تۇ. لېكىن ئالاھىددىننىڭ بۇ ھۈنەرنى ئۆگەنگۈسى كەلمەپتۇ. دا-دىسى دۇكاندىن چىقىشى بىلەنلا ئالاھىددىن كوچىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ باللار بىلەن ئوينايدىكەن. دادىسى ئالاھىددىنغا نەسىھەت قىلىپمۇ كۆرۈپتۇ، تىللاپمۇ، جازالاپمۇ بېقىپتۇ. لېكىن ئالاھىددىن ئويۇنچىلىقىدىن قالماپتۇ. ئاز ۋاقىت ئۆتمەيلا ھەسەن تىكىمچى دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئايالى يىپ ئىگىرىپ سېتىپ بالىسى بىلەن ئىككىسى كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ. شۇ ئەھۋالدا ئاردىن بەش يىل ئۆتۈپتۇ. ئالاھىددىن ئون بەش ياشقا كىرىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئالاھىددىن كوچىدا باللار بىلەن ئوي-ناپ يۈرگەن ۋاقىتتا، بۇلارنىڭ يېنىغا ئۈستىگە يىپەكتىن چاپان كىيگەن، بېشىغا سۈتتەك ئاق سەللە ئورىغان بىر ئادەم كەپتۇ. ئۇ ئادەم ئالاھىددىنغا كۆزىنىڭ قىرىنى سېلىپ «مېنىڭ ئىزلەپ يۈرگىنىم دەل مۇشۇ بالا ئىكەن، ئاخىرى تېپىۋالدىم» دەپ-تۇ ئىچىدە.

بۇ مەغرىپتە تۇرىدىغان كىشى ئىكەن، ئۇ ئالاھىددىننىڭ

غىلغان سورۇندا قىز ئوتتۇرىغا چىقىپ يىگىتنىڭ قانداق قىلىپ ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋالغانلىقىنى، ئاكىسىنىڭ قانداق قىلىپ دۇنيا يە-غىپ، باي بولۇش كويىدا كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولغانلى-قىنى كۆپچىلىككە ئاشكارىلاپتۇ. سودىگەر پۈتۈن ھىلە - مىكىرىسى-نىڭ خەلقى - ئالەمگە ئاشكارىلانغانلىقىدىن ھەسرەت چېكىپ، ئۆ-زىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ. پۈتۈن شەھەر خەلقىنىڭ گۇۋالىقى بىلەن قىز بارلىق مال - مۈلكىنى يىگىتكە ھەدىيە قىپتۇ. قىز - يىگىت بىرلىكتە ئاقساقالنى دادا ئورنىدا كۆرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تازىم قىلىپتۇ. شۇ چاغدا ئاقساقال:

— ئوغلۇم، دۇنيادا پەزىلەتتىن ئارتۇق بايلىق يوق، سەن كاتتا باينىڭ ئوغلى بولساڭمۇ، مەندەك بىر ئاددى بوۋاينىڭ سۆزىدىن چىقمىدىڭ، داداڭنى ۋە مېنى قالتىس ھۆرمەتلىدىڭ، بۇنىڭ ھىساۋىغا بىرىنچى، يولدىكى ئىلان بالاسىدىن؛ ئىككىنچى، قىزنىڭ ئىچىدىكى ئىلان بالاسىدىن؛ ئۈچىنچى، سودىگەرنىڭ ھى-لە - مىكىرىسىدىن ئامان قالدىڭ، بۇ پەزىلەتنى مەڭگۈ تاشلى-ما. — دەپتۇ - دە، كۆزدىن غايىپ بولۇپتۇ. يىگىت بىلەن قىز بۇ شەھەردىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ يىگىتنىڭ يۇرتىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلار يۇرتىغا بارغاندىن كېيىن دادىسىنىڭ ئالدىدا بەختىيار ياشاپ، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈپتىكەن.

ئالاھىددىن بولسا ئەتىگەندىن – كەچكىچە ئۆيدىن چىقماي تىناغىسىنى كۈتۈپتۇ. كەچقۇرۇنلۇغى بىرسى كېلىپ ئىشىكنى قېقىپتۇ. ئالاھىددىن يۈگۈرۈپ بېرىپ دەرۋازىنى ئېچىپتۇ. ئالدىدا مەغرىپتىن كەلگەن كىشى، ئۇنىڭ كەينىدە ھەر تۈرلۈك تاتلىق، تەملىك يېمەكلىكلەرنى كۆتىرىۋالغان مالىيى تۇرغىدەك.

مەغرىپتىن كەلگەن كىشى ئۆيگە كىرىپ، ئالاھىددىننىڭ ئانىسى بىلەن تېچلىق سورىشىپتۇ. ئاندىن:

— ئاكامنىڭ تاماق يەيدىغان ۋاقتىدا ئولتۇرىدىغان جايىنى كۆرستىپ بېرىشلىرىنى سورايمەن، — دەپتۇ.

— مانا، مۇشۇ يەر ئىدى، — دەپتۇ ئالاھىددىننىڭ ئاپىسى.

مەغرىپلىق كىشى ھۆكۈرەپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. لېكىن بىر ئازدىن كېيىن توختاپ، ئالاھىددىننىڭ ئانىسىغا:

— سەن ئىلگىرى كۆرمىگەن ئادەمغۇ بۇ، دەپ ئەجەپلەنمىگىن. مەن بۇ يەردىن بۇرۇندىن قىرىق يىل ئىلگىرى چىقىپ كەتكەن ئىدىم. ھىندىستاندا، ئەرەپ ئەللىرىدە بولدۇم. ئاخىرىدا تۇغۇلغان يېرىمگە قايتىپ كېلىپ ئۆز – ئۆزەمگە: «سېنىڭمۇ ئاكاڭ بار، بەلكىم كەمبەغەلدۇر. سەن شۇ كۈنگىچە ئۇنىڭغا ياردەم قىلامىدىڭ، ئۇنداق قىلما، ئاكاڭنىڭ قېشىغا بار، ئۇنىڭ ھال – ئوقىتى قانداقراقكىن، ھالىدىن خەۋەر ئالغىن، ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرگىن» دىدىم. شۇنداق قىلىپ مەن كېچە – كۈندۈزلەپ ئۇزاق يول مېڭىپ، ئاخىرى سىلەرنى تاپتىم. ئاكام ئۆلگىنى بىلەن ئونىڭ ئىزىنى باسىدىغان چوپ – چوڭ ئوغلىنى كۆرۈپ ئولتۇرۇپتىمەن، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا خويمۇ ياخشى بوپتىغۇ، — دەپتۇ ئالاھىددىننىڭ ئانىسى، — بۇ ئەخمەق بالىدەك ئىش ياقماس ھورۇننى مەن ئۆمرۈمدە كۆرمىگەن. سەن ھېچبولمىسا بالىنى ئانىغا يار – يۆلەك بولۇشقا كۈندۈرۈپ بەرسەڭ بولاتتى.

قىشقا كېلىپ:

— سەن تىككۈچى ھەسەننىڭ ئوغلى ئەمەسمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەئە مەن، لېكىن دادام ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتتى، — دەپتۇ ئالاھىددىن.

مەغرىپتىن كەلگەن ئادەم بۇ سۆزنى ئاڭلاش بىلەنلا ئالاھىددىننى قۇچاقلاپ ھۆكۈرەپ يىغلاپتۇ.

— مەن سېنىڭ داداڭنىڭ ئىنىسى بولىمەن، — دەپتۇ ئۇ، — مەن نۇرغۇن يىللاردىن بېرى چەتئەللەردە بولۇپ ھەسەن ئاكامنى كۆرگىنىم يوق. سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا ئاكامنى كۆرگىلى كەلگەن ئىدىم. بىراق، ئۇ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. سېنى بىر كۆرۈپلا تونۇپ قالدىم. چۈنكى، سەن داداڭغا قويۇپ قويغاندەكلا ئوخشايدىكەنسەن.

شۇ گەپتىن كېيىن مەغرىپتىن كەلگەن ئادەم ئالاھىددىننىڭ قولىغا ئىككى ئالتۇن تەڭگە تۇتقۇزۇپتۇ - دە:

— مۇنۇ پۇلنى ئاناڭغا بەر. «دادامنىڭ ئىنىسى كەپتۇ، ئەتە كەچتە بىزنىڭ ئۆيگە مېھمان بولغىلى كېلىدۇ» دېگىن، — دەپتۇ.

ئالاھىددىن يۈگۈرگىنىچە ئۆيگە كېلىپ ئانىسىغا ئاڭلىغان - بىلگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— سەن نىمانداق مېنى گالۋاڭ قىلىسەن؟ — دەپتۇ ئانىسى، — داداڭنىڭ ھېچقانداق ئىنىسى يوق ئىدىغۇ؟ بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ساڭا ئۇنداق تاغا نەدىن پەيدا بولۇپ قاپتۇ؟

— سەن ماڭا «تاغاڭ يوق» دەۋاتامسەن؟ — دەپتۇ ئالاھىددىن ۋاقىراپ، — مانا، ئۇ ماڭا ئىككى ئالتۇن تەڭگە بەردى. ئەتە كەچتە بىزنىڭ ئۆيگە مېھمان بولغىلى كېلىدۇ!

ئالاھىددىننىڭ ئانىسى ئەتىسى ياخشى تاماق تەييارلاپتۇ.

...دىن، — بۇ ئەتراپتا ھېچبىر دۇكان يوق. سەنمۇ شەھەردىن
...چىنەرسە ئېلىپ چىقماپسەن، قولۇڭدا قۇرۇق قاپتىن باشقا ھېچ
...رسە كۆرۈنمەيدىغۇ؟
— سەن ئالدىمىزدىكى ئاۋۇ ئېگىز تاغنى كۆرۈۋاتامسەن؟ —
...پتۇ مەغرىپتىن كەلگەن كىشى، — مېنىڭ شۇ تاغنىڭ ئېتىكى...
...ە بارغاندا دەم ئېلىپ، تاماق يېگۈم كېلىۋىدى. لېكىن سېنىڭ
...سۇغۇڭ بەك ئاچقان بولسا، مۇشۇ يەردە يەۋالساقمۇ بولىدۇ.
ئالاھىددىن بۇ سۆزگە ئەجەپلىنىپ:
— سەن ئۇ تاماقنى نەدىن ئالسەن؟ — دەپتۇ.
— بۇنى ھازىرلا كۆرىسەن، — دەپتۇ مەغرىپتىن
...ەلگەن كىشى.
بۇلار بۇك - باراقسان ئېگىز بىر دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئولتۇ-
...ۇپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مەغرىپتىن كەلگەن كىشى ئالاھىددىنغا:
— ھازىر سېنىڭ قانداق تاماق يېگۈڭ كېلىدۇ؟ — دەپ
...ورا پتۇ. ئالاھىددىننىڭ ئانىسى ھەر كۈنى چۈشتە كەندىر يېغى
...ىلەن پۇرچاق پىشۇرۇپ بېرىدىكەن. قوسىغى تازا ئاچقان ئالاھىد-
...دىن ئويلاپ تۇرماستىنلا:
— ماڭا ياغدا پىشۇرغان پۇرچاق بەرگىن، — دەپتۇ.
— خوش! سېنىڭ قورۇغان چۆجە گۆشى يېگۈڭ كەلمەم-
...دۇ؟ — دەپتۇ مەغرىپلىق.
— يېگۈم كېلىدۇ، — دەپتۇ ئالاھىددىن تاقەتسىزلىنىپ.
— پولو يېگۈڭ كەلمەمدۇ؟ — دەپتۇ مەغرىپتىن كەل-
...گەن كىشى.
— پاھ! كەلمەمدىغان، قانداق؟ — دەپتۇ ئالاھىددىن ۋا-
...قىراپ، — بارلىغىنى يېگۈم كېلىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھەممى-
...نى نەدىن ئالسەن تاغا؟
— دەل مۇشۇ قاپنىڭ ئىچىدىن، — دەپتۇ مەغرىپلىق كى-

— غەم قىلماڭ، — دەپتۇ مەغرىپتىن كەلگەن كىشى، — ئەتە بىز ئالاھىددىن بىلەن ئىككىمىز بازارغا بارىمىز. ئۇنىڭغا مەن چىرايلىق چاپان ئېلىپ بېرىمەن - دە، بىرەر سودىگەرگە شاگىرتلىققا بېرىمەن. سودا ئىشىنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭغا دۇكان ئېچىپ بېرىمەن. ئۇ بېيىپ كېتىدۇ. ئالاھىددىن، سودىگەر بولغۇڭ كېلەمدۇ؟

ئالاھىددىن قىن - قىنىغا پاتماي سەكرەپتۇ. يۈزلىرى خۇشاللىقتا چۆمۈپتۇ، «ماقۇل» ئىشارىتىنى بىلدۈرۈپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپتۇ.

مەغرىپتىن كەلگەن كىشى قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئالاھىددىن تاڭنىڭ چاپسانراق يورۇشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. تاڭ سۈزۈلگەندە، ئۇ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ تاغىسىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن دەرۋازا ئالدىغا يۈگۈرۈپتۇ. مەغرىپتىن كەلگەن كىشىمۇ ھايال قىلماي يېتىپ كەپتۇ. ئۇ ئالاھىددىننى مونچىغا ئاپىرىپ ئوبدان يۇيۇندۇرۇپ چېچىنى ئالدۇرۇپتۇ. ئاندىن قەن سالغان يەمىش سۈيىنى ئىچكۈزۈپ، ئۇسسۇزلۇغىنى قاندۇرۇپتۇ.

مەغرىپتىن كەلگەن كىشى ئالاھىددىننى ئەگەشتۈرۈپ بىر دۇكانغا كىرىپتۇ. ئۇ يەردىن ئالاھىددىنغا ئەڭ چىرايلىق، قىممەت باھالىق كىيىملەرنى — سېرىق، يېشىل يوللۇق بەقەسەم چاپان، قىزىل دوپپا ۋە پاشنىلىق ئۆتۈك تاللاپ ئېلىپ بېرىپتۇ. مەغرىپتىن كەلگەن كىشى ئالاھىددىننى ئەگەشتۈرۈپ، شەھەرنىڭ سىرتىدىكى قېلىن جاڭگالغا قاراپ مېڭىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا چۈش مەزگىلى بولۇپ قالغان ئىكەن. ئالاھىددىننىڭ قوسىغى ئېچىپ، ماغدۇرى ئۈزۈلۈپ قاپتۇ. لېكىن ئۇ بۇنى ئېيتىشقا ئىزا تارتىپ ھېچ نىمە دىمەستىن مېڭىۋېرىپتۇ، ئاخىرى چىدىيالماي:

— تاغا، بىز قاچان تاماق يەيمىز؟ — دەپ سوراپتۇ تاغىس-

كەپتۇ. ئالاھىددىندا ماغدۇر، دىگەن نەرسە قالماپتۇ.

— چاۋار تېرىپ كەلگىن، — دەپتۇ ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دىگەندەك مەغرىپلىق كىشى، — ئوت يېقىپ ساڭا بىر كارامەت كۆرسىتىمەن.

ئالاھىددىن كارامەتنى كۆرۈشكە ئالدىراپتۇ. ئۇ ھارغانلىغىنى-مۇ ئۇنتۇپ چاۋار تېرىشكە باشلاپتۇ. مەغرىپلىق كىشى ئوت ياق-قاندىن كېيىن قوينىدىن بىر قۇتا ياپىلاق ياغاچ ئاپتۇ.

— هوي ئالاھىددىن، — دەپتۇ ئۇ، — مەن سېنى باي-لىققا كۆمۈۋېتىمەن، شۇڭا مېنىڭ ئېيتقانلىرىمنىڭ ھەممى-سىنى ئورۇنلا.

ئۇ، ئۇۋاق بىرنىمىنى قۇتىدىن ئېلىپ ئوتقا ساپتۇ. يالقۇن ئاسمانغا كۆتىرىلىپتۇ. ئاندىن:

— ئالاھىددىن تىڭشاپ تۇرغىن، مەن ئوتقا قاراپ دەم سالىمەن. دەمنى تۈگىتىشىم بىلەنلا يەر يېرىلىدۇ، شۇ چاغدا مىس قۇلاقلىق بىر تاش كۆرۈنىدۇ. سەن قۇلىغىدىن تۇتۇۋېلىپ، تاشنى كۆتىرىسەن، تاش ئاستىدىن پەلەمپەي كۆرۈنىدۇ. شۇ پە-لەمپەي بىلەن تۆۋەنگە چۈش. بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن، بىر ئى-شىك كۆرۈنىدۇ. ئىشىكنى ئېچىپ مېڭىۋەرسەڭ قورقۇنچلۇق ياۋا-يى ھايۋانلارغا ئۇچرايسەن، ئۇلاردىن قورقماي، قولۇڭنىڭ ئۇچى-نى تەككۈزۈپ قويساڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ. ئۇندىن كېيىن ئۈچ ئۆيدىن ئۆتىسەن، تۆتىنچى ئۆيگە كىرگەندە بىر مايمۇن بار. ئۇ ساڭا سىلىق سۆز قىلىپ سېنى قۇچاقلىماقچى بولىدۇ. ئۇنى ھەر-گىزمۇ ئۆزەڭگە يېقىن يولاتما، ئەگەر سەن ئۇنىڭغا سۇۋۇشۇپلا كەتسەڭ، قارا تاشقا ئايلىنىپ قالىسەن. تۆتىنچى ئۆينىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر چوڭ باغنى كۆرىسەن، باغدىن ئۆتكەندە بىر يوغان ئىشىك كۆرۈنىدۇ. ئىشىكنى ئېچىپ ئۆي ئىچىگە كىرسەڭ ئىسىل، قىممەتلىك تاشلار كۆزۈڭنى چاقىدۇ. ئۇنىڭدىن خالىغانچە ئېلىپ،

شى قاپنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ. ئالاھىددىن ھەيران بولۇپ قاپنىڭ ئىچىگە ئىڭىشىپ قاراپتۇ. بىراق، ئۇنىڭ ئىچىدە ھېچ نەرسە كۆرمەپتۇ.

— ھېلىقى قورۇغان چۆجە گۆشى نەدە؟ — دەپتۇ.

— مانا، — دەپتۇ مەغرىپلىق كىشى قاپنىڭ ئىچىگە قولىنى سېلىپ، بىر تاۋاق چۆجە گۆشىنىڭ قوردىغىنى ئاپتۇ. مۇنۇ پولو، مۇنۇ پۇرچاق، مانا ماۋۇ ئۈزۈم، مانا ئانار، مانا ئالما...

مەغرىپلىق كىشى قاپتىن خىلمۇ - خىل تائاملارنى چىقىرىپتۇ. ئالاھىددىننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، سېھىرلىك قاپقا تىكىلىپ قاراپلا قاپتۇ.

— يە، — دەپتۇ مەغرىپتىن كەلگەن كىشى ئالاھىددىنغا، — بۇ قاپتا ھەممە تائاملار بار، ئۇنىڭغا قولۇڭنى تەككۈزۈپ، نېمىنى خالىساڭ شۇنى يېگۈم بار دېسەڭ، شۇ تەييار بولىدۇ.

— بۇ نېمە دېگەن كارامەت، — دەپتۇ ئالاھىددىن، — مېنىڭ ئانامدىمۇ مۇشۇنداق قاپ بولسا نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى!

— ئەگەر مېنىڭ ئېيتقىنىمنى قىلىدىغان بولساڭ، — دەپتۇ مەغرىپلىق كىشى، — ساڭا بىرقانچە تۈرلۈك قىممەتلىك نەرسىلەرنى سوغا قىلىمەن. ھازىر بۇ ئانار سۈيىنى ئىچىپ ئۇسسۇزلۇغۇڭنى قاندۇرۇۋال. ئاندىن ئالدىمىزغا قاراپ ماڭايلى.

— نەگە بارىمىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئالاھىددىن، — ھېرىپ قالدىم، كەچمۇ كىرىپ قالدى، ئۆيگە قايتساق.

— ياق دەپتۇ، — مەغرىپلىق كىشى، — بىز بۈگۈن ئاۋۇ كۆرۈنگەن تاققا بارىمىز. يېتىپ بېرىپلا مەن ساڭا بۇ خاسىيەتلىك قاپنى سوغا قىلىمەن.

ئالاھىددىننىڭ ماڭغۇسى كەلمەپتۇ. لېكىن مەغرىپلىق كىشى چىڭ تۇرۇۋالغانلىقتىن، ئىلاجسىز تاققا قاراپ قەدەم تاشلاپتۇ.

كۈن ئولتۇرۇپ گۇگۇم چۈشكەندە ئۇلار تاغ باغرىغا يېتىپ

ىشكنى ئىچىشى بىلەن ئۇنىڭ قولىغا ئاجايىپ بىقىلىق بىر
ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. شۇنداق قارىسا، ناخشا ئېيتىپ ئىككى ئەجدىھار
يالىسى كېلىۋاتقىدەك. ئالاھىددىن ئۇلارنىمۇ سىلاپتىكەن،
تۇ يەردىلا جان بېرىپتۇ.

ئالاھىددىن تۆتىنچى ئىشىككە كېلىپ، ئىشىكنى ئاستا ئې
چىپ قارىسا، بېشىغا يېپىنچا ئارتىۋالغان بىر مايمۇن تۇرغىدەك.
تۇ ئالاھىددىننى كۆرۈپلا:

— جېنىم بالام، ئالاھىددىن، ئاخىرى يېتىپ كەپسەن. سې
نى مەن بىرقانچە يىلدىن بۇيان كۈتكەن ئەمەسمۇ! — دەپتۇ.
مايمۇن ئالاھىددىننىڭ كۆزىگە خۇددى ئۆز ئانىسىدەكلا كۆرۈنۈپ
تۇ. ئۇ «ئانىسى» نى قۇچاقلىماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا غايىپتىن:
«ئۇنى قۇچاقلىساڭ قارا تاشقا ئايلىنىپ قالىسەن» دىگەن ئاۋاز
ئاڭلىنىپتۇ. ئالاھىددىن كەينىگە داجىپتۇ. ئۇ بۇ ئۆيدىن ئۆتۈپ
بەشىنچى ئىشىكنى ئېچىپ قاراپتىكەن، چىرايلىق گۈللەر ئۆسكەن
باغ ئۇنىڭ كۆزىنىڭ يېغىنى يەپتۇ. باغدىكى قۇشلار مەھلىيا قىپ
تۇ. ئالاھىددىن زوقىغا قانغاندىن كېيىن، ئىسىل تاشلارنى تېرىش
كە باشلاپتۇ. چۈنكى ئۇ باللار بىلەن تاش ئېتىشىپ ئويناشنى
ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇ يانچۇغىغا لىق تاش تولدۇرۇپ، مىس
چىراقنى ئېلىپ كەلگەن يېرى بىلەن مېڭىپ يېرىلغان يەردىن
يەر ئۈستىگە چىقىش ئۈچۈن مەغرىپلىق كىشىنى چاقىرىپ
تۇ - دە، ئۇنىڭغا:

— قولۇمنى تارتىۋال، — دەپ مۇراجەت قىپتۇ. مەغرىپ
لىق كىشى ئالدى بىلەن چىراقنى قولىغا ئېلىپ ئاندىن ئالاھىد
دىننى قولىدىن تارتىۋالماقچى بوپتۇ. ئۇنىڭ يامان نىيىتىنى
سەزگەن ئالاھىددىن چىراقنى بەرمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەغرىپلىق
كىشى ئۇنى «يەر يۇتتى» قىلىۋېتىش ئۈچۈن ئوتقا سېھىرلىك
تالقاننى چېچىپ دەم سالغان ئىكەن، يەر جۇپلىشىپ ئالاھىددىن

ماڭا ئۆينىڭ سول بۇلۇڭىدىكى تامغا ئېسىقلىق تۇرغان مىس چىراقنى ئالغاچ چىق. چىققاندىن كېيىن مەن ساڭا بۇ خاسىيەتلىك قاپنى بېرىمەن. مۇنۇ ئۈزۈكنى چىمچىلىغىڭغا سېلىۋال، ئۇ سېنى ھەر بالادىن ساقلايدۇ، — دەپ ئالاھىددىننىڭ قولىغا كىچىككىنە بىر تال ئۈزۈكنى سېلىپ قويۇپتۇ.

— ھەي تاغا، — دەپتۇ ئالاھىددىن، — ئۇ يەرگە نېمىشقا ئۆزەڭ چۈشمەيسەن؟

— يەر ئاستىدىكى ئۇ دۇنيالار، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ مەغرىپلىق كىشى، — پەقەت ھەسەن سەيپۇڭنىڭ ئالاھىددىن ئاتلىق ئوغلىغىلا مەنسۇپ بولۇپ پەيدا بولغان. شۇڭا ھېچكىم ئۇنىڭغا قول تەككۈزۈشكە ھەقلىق ئەمەس. كىمدە-كىم ئۇنىڭغا قول تەككۈزىدىكەن، ئۇنىڭغا ياخشى ئاقىۋەت يوق.

ئالاھىددىن ماقۇل بوپتۇ. مەغرىپلىق كىشى ئوتقا دەم سېپتۇ. ئاسمانغا يالقۇنمۇ كۆتىرىلىپتۇ. دىگەندەك يەر يېرىلىپتۇ. ئالاھىددىن كۆرۈنگەن تاشنىڭ مىس قۇلىغىدىن تۇتۇپ كۆتەرگەن ئىكەن، پەلەمپەي كۆرۈنۈپتۇ. ئالاھىددىن بىر قورقۇپ، بىر قورقماي پەلەمپەيدىن تۆۋەنگە قاراپ ئىلگىرىلەپتۇ. ئۇ پەلەمپەيدىن چۈشۈپ ئالدىغا ماڭاي دەپ تۇرسا، ئالدىنى يوغان بىر قارا ئىشىك توساپتۇ. ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىرىشى بىلەن بىر يولۋاس ئەركىلەپ كەپتۇ. ئالاھىددىن ئۇنىڭغا قولىنى تەككۈزگەن ئىكەن، يولۋاس شۇ ھامان جان بېرىپتۇ.

ئالاھىددىن قورقۇپ كېتىپتۇ. لېكىن غەيرەت قىلىپ مېڭىۋېرىپتۇ. ئىككىنچى ئىشىكنى ئېچىشى بىلەن يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتىشكە تاسلا قاپتۇ. شۇنداق قارىسا، ئالدىدا ئاغزىنى ئېچىپ يوغان بىر قاپلان تۇرغىدەك. ئۇ مەغرىپلىق كىشىنىڭ سۆزىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۆپكىسىنى بېسىۋېلىپ، قاپلاننى بىر سىلىغان ئىكەن، ئۇمۇ ئۆلۈپتۇ. ئالاھىددىن ئۈچىنچى ئىشىككە بېرىپتۇ.

يۇرەك - باغرى ئېزىلىپتۇ. ئانىسىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئانىسى كۆزىنى ئېچىپلا:

— تاغاڭ قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇ مېنىڭ تاغام ئەمەسكەن، جادىگەر ئىكەن، — دەپتۇ ئالاھىددىن ۋە ئانىسىغا كۆرگەن كەچمىشىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئالاھىددىن قويىنىدىن چىراقنى ئېلىپ ئانىسىغا بېرىپ يېگىدەك بىرەرنەرسە تېپىپ كېلىش ئۈچۈن ئۆزى سىرتقا مېڭىپتۇ. ئانىسى چىراقنى تازىلاپ، سۈرتۈپ سېتىپ پۇلغا نان ئېلىش خىيالىدا ئۇنىڭغا مازنى تەككۈزگەن ئىكەن، يەر-جاھان گۈلدۈرلەپ، ئۆيگە سۈرلۈك بىر جىن پەيدا بولۇپتۇ. موماي قورقىنىدىن ھوشىدىن كېتىپتۇ.

ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى باينىڭ ئېتىزىدىن دان تېرىۋاتقان ئالاھىددىن ئانىسىنىڭ ۋاقىرىغىنىنى ئاڭلاش بىلەن ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرسە، ئانىسى يەردە بىھوش ياتقان. ئۇنىڭ يېنىدا كۆمتۈرۈلگەن چىراق يېتىپتۇ. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېگىزلىكىدىن بېشىنى كۆرگىلى بولمايدىغان، ھەتتا كۈنىمۇ توسۇۋېلىپ كۆرگىلى قويمايدىغان ناھايىتى يوغان بىر جىن تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئالاھىددىن چىراقنى يەردىن ئېلىشى بىلەن جىن گۈلدۈرمامىدەك ئاۋازى بىلەن:

— ھەي، چىراق ئىگىسى، مەن ساڭا خىزمەت قىلىشقا تەييارمەن، تەلۋىڭنى ئېيت، نېمىگە ھاجەت بولساڭ شۇنى بېرىمەن، — دەپتۇ.

ئالاھىددىن «جىن» دېگەن نېمىنى كۆپ كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنچىۋالا قورقۇپ كەتمەپتۇ. ئۇ بېشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، جىن ئاڭلىغىدەك قىلىپ، كۈچىنىڭ بېرىچە تۇۋلاپ:

— ھەي جىن، سەن ئۆزەڭ كىمسەن؟ قولۇڭدىن نېمە ئىش كېلىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن شەمھۇرنىڭ مايمۇنى بولىمەن، مەن چىراقنىڭ

يەر ئاستىدا قاپتۇ.

بۇ مەغرىپلىق كىشى ئالاھىددىننىڭ تاغىسى بولماستىن،
بىر ھىلىگەر جادۇگەر ئىكەن. ئۇ كۆمۈكلۈك غەزىنىنىڭ بارلىقىنى،
ئۇنى ئېچىش پەقەت ئالاھىددىن ئىسىملىك بىر بالىنىڭلا قولى-
دىن كېلىدىغانلىقىنى دەم سېلىپ بىلىۋالغان ئىكەن. غەزىنىدىكى
ئەڭ قىممەتلىك بايلىق مىس چىراق بولۇپ، بۇ چىراقنى قولغا
چۈشۈرگەن كىشىنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى، بايلىقى تەڭداشسىز ئىكەن-
لىكىنى جادۇگەر ئوبدان بىلىدىكەن.

شۇنداق قىلىپ، جادۇگەر چىراقنى قولغا چۈشۈرەي دېگەن-
دە، ئەقىللىق ئالاھىددىنمۇ بوش كەلمەپتۇ. مەغرىپلىق كىشى مۇد-
دىئاسىغا يېتەلمەي، ئالاھىددىننى يەر ئاستىدا قالدۇرۇپ كېتىپتۇ.
ئالاھىددىن زار - زار يىغلاپتۇ. ھېچكىم ئۇنىڭ نالە - پەرياد-
ىنى ئاڭلىماپتۇ. ئۇ يەر ئاستىدىن چىقىشنىڭ ئامالىنى قىلىش ئۈ-
چۈن تولا ئويلاپ بېشى ئاغرىپتۇ. ئالاھىددىن ئاغرىقنى بېسىش
ئۈچۈن بېشىنى تۇتقان ئىكەن، چىمچىلىقىدىكى ئۈزۈك بېشىغا تې-
گىشى بىلەن يەر تىترەپ، ئالدىدا بىر جىن پەيدا بولۇپتۇ.
ئۇنىڭ بېشى گۈمبەزدەك، قولى سۇۋادان تىرەكتەك، پۇتى
تاغدەك، ئاغزى ئۆڭكۈردەك، ئىككى كۆزى دوزاقتەك. ماڭلىيىدا
قىرىق گەز قىلىچتەك بىر مۆڭگۈزى بار ئىكەن.

— نېمە تەلىپىڭ بار ئىدى؟ — دەپتۇ جىن ئالاھىددىنغا سۈر-
لۈك ۋاقىراپ. — نېمە تىلىسەڭ شۇنى تەييار قىلىمەن، جىنلار-
نىڭ كاتتىسى دەمنەش بولىمەن. لېكىن، مەن ئۈزۈكنىڭ ۋە
ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ قۇلىمەن.

— مېنى يەر ئۈستىگە چىقىرىپ قوي، — دەپتۇ ئالاھىددىن
ۋە ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. بىر چاغدا ئويغانسا يەر ئۈستىدە تۇرغىدەك.
ئۇ خوشال بولۇپ ئۆيىگە تەرەپكە يۈگۈرۈپتۇ. ئالاھىددىن ئىشىك-
تىن كىرىپ ئاچلىقتا ھالىدىن كەتكەن ئانىسىنى كۆرۈپ

باغدىن يىغىۋالغان تاشلارنىڭ باھاسى يەر يۈزىدە بار بولغان ھەرقانداق تاشلارنىڭ باھاسىدىن يۇقىرى تۇرىدىغانلىقىنى ھەم بىلىۋاپتۇ.

بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئالاھىددىن بازاردا يۈرسە، سۇلتاننىڭ خەۋەرچىسى مەيدانغا كېلىپ:

— ھەممىڭ دۇكانلىرىڭنى يېپىش! ئۆيلىرىڭگە كېتىش! دەرىزىدىن ياكى ئىشىكتىن مارىغۇچى بولمىسۇن. سۇلتاننىڭ قىزى بۇدىرە خېنىم ھامامغا بارىدۇ، — دەپ ۋاقىراپتۇ.

سودىگەرلەر ئالمان - تالمان دۇكانلىرىنى يېپىشقا، قالغانلار بولسا بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ، بازاردىن تارقىلىشقا باشلاپتۇ.

ئالاھىددىن سۇلتاننىڭ قىزىنى كۆرۈشكە قاتتىق خۇمار بوپتۇ. چۈنكى، شەھەر ئەھلى «پۈتۈن دۇنيادا پادىشانىڭ قىزىدەك چىرايلىق قىز يوق» دېيىشىدىكەن. ئالاھىددىن قۇيۇندەك بېرىپ ھامامنىڭ ئىشىگى ئارقىسىغا مۆكۈۋاپتۇ. ئۇنى ھېچكىم سەزمەپتۇ.

بىر ۋاقىتتا، ئالتۇن ئېگەر توقۇلغان كۆك خېچىرغا مىنگەن بىر توپ قىزلار كۆرۈنۈپتۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدىن باشقا قىزلارغا قارىغاندا چىرايلىق ياسانغان بىر ئاي كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ سۇلتاننىڭ قىزى بۇدىرە خېنىم ئىكەن. ئۇ خېچىردىن چۈشۈپ ئالاھىددىننىڭ يېنىدىن ئىككى چامدام كەلگىدەك يەردىن ئۆتۈپ، ھامامغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئالاھىددىن بىر ئۇلۇق - كىچىك تىنىپتۇ - دە، قايتىپتۇ. قىزنىڭ ھۆسنى - جامالى كۆز ئالدىدىن كەتمەي ئۇنى بەك بىئارام قىپتۇ.

— دۇنيادىكى قىزلارنىڭ پىرىكەن. مەن ئۇنىڭغا ئۆيلەنمىسەم، ئۆلگىنىم ياخشى، — دەپتۇ ئۆز - ئۆزىگە ئالاھىددىن.

ئۆيگە كېلىپ ئالاھىددىن كۆرپە ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ

ۋە چىراق ئىگىسىنىڭ قۇلىمەن، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ جىن، — سەن نېمە خالىساڭ مەندىن شۇنى سورا. بۇ شەھەرنى خانىۋەيران قىلىشنى، يا بولمىسا ئوردا سېلىپ بېرىشىمنى بۇيرۇق قىلساڭمۇ ئەمرىڭنى ئورۇنلايمەن.

جىن سۆزلىگەن ۋاقىتتا ئالاھىددىنىنىڭ ئانىسى ھوشىغا كېلىپ قاپتۇ. لېكىن جىننى كۆرۈش بىلەنلا جان - يېنى چىقىپ ۋاقىراپتۇ. ئالاھىددىن قولىنى ئاغزىغا كانايچە تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ماڭا قورۇلغان ئىككى توخۇ گۆشى بىلەن يەنە باشقا ياخشىراق تائاملاردىن بىرنەچچە قاچا تەييارلاپ بېرىپ بۇ يەردىن چاپسانراق يوقال، بولمىسا ئانامنىڭ قورقۇپ جېنى چىقىپ كېتىدۇ، — دەپ توۋلاپتۇ.

جىن كۆزدىن غايىپ بوپتۇ - دە، ھايال ئۆتمەي ئۈستىگە چىرايلىق داستىخان يېيىلغان جوزىنى كۆتىرىپ يېتىپ كەپتۇ. جوزا ئۈستىدە ئىككى ئالتۇن تاۋاق. تاۋاقلاردا لىقمۇ - لىق لەززەتلىك تائاملار، ئىككى چۆگۈن سۈت بار ئىكەن. ئالاھىددىن ئانىسى بىلەن تويغىچە تائام يەپتۇ.

— ھەي ئانا، — دەپتۇ ئالاھىددىن تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن، — مۇنۇ چىراقنى ھېچكىمگە كۆرسەتمەي ساقلاش كېرەك. چۈنكى ئۇ بىزنى بەخت - سائادەتكە، دۆلەتكە ئىگە قىلىدۇ.

— نېمە قىلساڭ شۇنى قىل بالام، ئەمما مەن ئىككىنچى ئاۋۇ تەرى سوغاق جىننى كۆرمەي، — دەپتۇ ئانىسى.

بىرنەچچە كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. ئالاھىددىن بىلەن ئانىسىنىڭ يەيدىغىنى تۈگەپتۇ. ئالاھىددىن ھېلىقى ئالتۇن تاۋاقتىن بىرنى بازارغا ئاپىرىپ يۈز تىللاغا سېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئىسىل نەرسىلەرنىڭ باھاسىنىمۇ بىلىۋاپتۇ. ھېلىقى يەر تېگىدىكى

كۈنى ئوردىغا بېرىپتۇ. بىر كۈنى سۇلتان موماينى كۆرۈپ ۋەزىرىگە:

— ئاۋۇ قېرى كىم؟ نېمە ئۈچۈن كۈندە كېلىدۇ؟ سوراپ باق. ئۇنىڭ تىلىگىنى ئىجاۋەت قىلىپ، ساۋاپ ئالاي. — دەپتۇ.

ۋەزىر مومايىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ھەي موماي، تىلىگىڭ بولسا، سۇلتانغا دېگىن، سۇلتان ئىجازەت بەردى، — دەپتۇ.

موماي سۇلتانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تازىم قىلىپ مىڭ تەسلىكتە:

— ھۆرمەتلىك سۇلتان، ئوغلۇم سىزگە بۇ سوغاتلارنى ئەۋەتتى. ئۇنىڭ تىلىگى سىزگە كۆيوغۇل بولۇش. — دەپ سوغىنى سۇلتانىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.

سۇلتان ئېسىل تاشلارنى ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇ مومايىنىڭ ئېلىپ كەلگەن تاشلىرىنى قولىغا ئېلىپ ھەۋەس بىلەن كۆرۈۋېتىپ ۋەزىرىدىن:

— مۇنداق ئېسىل تاشلىرى بار ئادەم چوقۇم كاتتا باي، ئۇ قىزىمنىڭ خېلى بولۇشقا مۇناسىپ. سەن بۇنىڭغا قانداق قارايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ۋەزىرنىڭ ئىچى ئۆرتىنىپتۇ، چۈنكى، ئۇنىڭمۇ بىر ئوغلى بار بولۇپ، سۇلتانغا قۇدا چۈشۈش تاماسىدا يۈرگەن ئىكەن.

— ئەقىللىق سۇلتان، — دەپتۇ ئۇ سۇلتانىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، — بۇ تاشلارنى كۆرۈپلا، تونۇمايدىغان بىرسىگە مەلىكىنى بەرسەك بولماس. راست بايمۇ، گادايمۇ سىناپ كۆرسەك. ئۇ قىرىق ئالتۇن تاۋاققا مۇشۇنداق ئېسىل تاشلارنى تولدۇرۇپ، قىرىق كېنىزەككە كۆتەرتىپ، ئۇلارغا قىرىق قۇلنى ياندىتىپ كەلتۈرسۇن، ئاندىن بىرنېمە دېسەك.

سۇلتان ئالاھىدىنىنىڭ ئانىسىغا ۋەزىر ئېيتقان شەرتلەرنى

تۇ - دە، يىرىم كۈنچە دۇم يېتىپ ھەسرەتكە غەرق بوپتۇ. ئانىسى ئۇنىڭ نىمە بولغانلىقىنى سوراپتۇ. ئالاھىددىن:

— جىنىم ئانا، مەن سۇلتاننىڭ قىزىغا ئاشىق بولۇپ قالدىم. سەن سۇلتاننىڭ ئۆيىگە بىرىپ قىزغا ئېغىز ئېچىپ باقساڭ، — دەپتۇ.

— ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ، بالام، — دەپتۇ موماي ھەيران بولغان ھالدا، — ماشىنچىنىڭ ئوغلىغا سۇلتان قىز بېرىپتۇ، دىگەننى ئاڭلىغانمىدىڭ بۇ دۇنيادا!! خام خىيالنى قىلماي، قوسىقىڭنى تويغۇزۇپ ئۇخلا.

— تاماق يىگۈم كەلمەيدۇ، قىز بالا دىگەن بىر كۆۋرۈك. ئۇنىڭدىن ئاتلىقمۇ، پىيادىمۇ ئۆتىدۇ، جىنىم ئانا، سۇلتاننىڭ ئۆيىگە بىرىپ كۆر، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ ئالاھىددىن. ئانا ئىلاجىسىز بىرىشقا كۆنۈپتۇ.

— بارسام باراي، — دەپتۇ موماي، — لىكىن قۇرۇق قول بىرىشقا بولمايدۇ. خۇشاللىقىنى يۈرىكىگە سىغدۇرالمىغان ئالاھىددىن ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ:

— ھېلىقى ئالتۇن تاۋاقتا مەن يەر ئاستىدىكى باغدىن ئېلىپ كەلگەن ئىسىل تاشلاردىن تولدۇر. بۇلار سۇلتاننىڭ غەزىنىسىدە يوق، بەلكىم، — دەپتۇ.

ئالاھىددىننىڭ ئانىسى ئوغلىنىڭ دىگىنى بويىچە سوغاتنى راسلاپ، سۇلتاننىڭ ئوردىسىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

موماي ئوردىغا بېرىپتۇ ھەمدە بىر بۇلۇڭدا كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا سۇلتان چىقىپ، تەختىگە ئولتۇرۇپ قولىدىكى ياغلىقىنى كۆتىرىپ بىر سىلكىپ قويۇپتۇ. بۇنىڭ مەنىسى — ئىش توگىدى دىگىنى ئىكەن. ئالاھىددىننىڭ ئانىسى سۇلتانغا بىر ئېغىز سۆز قىلالماي ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. ئەتىسى ئوردىغا بىرىپ يەنە شۇنداق قايتىپ كەپتۇ. ئۇ بالىسىنىڭ زورى بىلەن ھەر

ئالاھىددىن ئۇنىڭغا:
— ماڭا ئايدەك قۇل بىلەن قىرىق سەككىز كىنىزەك يەتكۈز. ئۇلارنىڭ يىگىرمە تۆتى ئالدىمدا، يىگىرمە تۆتى كەينىمدە ماڭسۇن. يەنە مىڭ تىللا، بىر تۇلپار كەلتۈر، — دەپتۇ.
جىن ئۇنىڭ دېگىنىنى قىپتۇ. ئالاھىددىن ئاتقا مىنىپ، كىنىزەكلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا مېڭىپ بازارغا كەپتۇ. ئادەم كۆپ توپلانغان بىر جايدا توختاپ توپقا تىللا چېچىپتۇ. خەلقنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ ئوردىغا كەپتۇ. ئۇنىڭ يولىدا تىللا چاچقانلىغىنى ئاڭلاپ ۋەزىرنىڭ قوسىغىغا جىن كىرگەن ئىكەن. ئۇ ئالاھىددىننى يەنە بىر سىناپ مات قىلىش مەقسىدىدە سۇلتانغا ئالاھىددىن بىر ساراي سالدۇرغاندىن كېيىن توي قىلىش تەلىۋىنى قويۇش مەسلىھەتىنى بەرگەن ئىكەن، سۇلتان ئالاھىددىن بىلەن كۆرۈشۈپ شۇ تەلەپنى قويۇپتۇ. ئالاھىددىن بۇنىڭغىمۇ ماقۇل بوپتۇ. ئۇ ئۆيگە قايتىپ كېلىپلا چىراقنى بىر پۇۋلىگەن ئىكەن، جىن پەيدا بوپتۇ. ئۇ جىنغا:
— ماڭا بىر ساراي سېلىپ بەر، ئۇ شۇنداق ساراي بولسۇنكى، يەر يۈزىدە جۈپى بولمىسۇن، ھەممە كىشى كۆرۈپ ھەيران قالسۇن، — دەپتۇ.
ئالاھىددىن ئەتىسى سەھەردە قارىسا تۈزلەڭدە شۇنداق كاتتا بىر ساراي تۇرغىدەك. ئۇ سارايىنى ئايلىنىپ چىقىپ جىنغا:
— سارايىنىڭ بىر تۈۋرۈكىنى ئېلىۋەتكىنىكى، سۇلتان «ئۇنتۇپ قاپتۇ» دېگەن ھېسسىياتقا كېلىپ، ئۇنى ئۆزى قويۇش قارارىغا كەلسۇن، لېكىن قويۇش قولىدىن كەلمىسۇن. بۇ ئارقىلىق مېنىڭ سۇلتاندىن كۈچلۈك ۋە باي ئىكەنلىكىم نامايەن قىلىنسۇن، — دەپتۇ.
— ماقۇل، — دەپتۇ جىن. ئۇ قولىنى بىر سىلكىگەن ئىكەن، تۈۋرۈك شۇ زامات عايىپ بوپتۇ ۋە ئىلگىرى بۇ ئارىدا

دەپتۇ. موماي غەمگە چۆككەن پېتى ئۆيىگە كەپتۇ. ئانىسىنىڭ قولىدا سوغىنىڭ يوقلۇغىنى كۆرگەن ئالاھىددىن:

— ئانا، مېنىڭ بايقىشىمچە سۇلتان بىلەن سۆزلەشكەن ئوخشايسەن. تېزراق سۆزلىسەڭچۇ! — دەپتۇ.

موماي سۇلتاننىڭ ئېيتقانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئالاھىددىننىڭ خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلىغىغا يېتىپتۇ. ھېلىقى چىراقنى قولىغا ئېلىپ ئۇۋۇلاپتۇ. ئانىسى جىننى كۆرگۈسى كەلمەي باشقا ئۆيگە چىقىپ كېتىپتۇ. جىنمۇ ھايال بولماي يېتىپ كەپتۇ. ئالاھىددىن ئۇنىڭغا ئىسىل تاشلار بىلەن تولغان قىرىق ئالتۇن تاۋاق، ئۇنى كۆتىرىدىغان قىرىق كېنىزەك، كېنىزەكلەرنى قوغداپ ماڭىدىغان قىرىق قول تەييارلاپ بېرىشىنى ئېيتىپتۇ. جىن غايىپ بوپتۇ. بىردەمدىن كېيىن ئالاھىددىننىڭ تەلەپ قىلغىنى تەل بوپتۇ. ئالاھىددىننىڭ ئانىسى بەك خۇشال بوپتۇ. شۇ زامات كېنىزەكلەرنى باشلاپ ئوردىغا مېڭىپتۇ.

بۇ تەنتەننى كۆرۈشكە شەھەر ئەھلىنىڭ ھەممىسى يىغىلىپتۇ. كېنىزەكلەر قاتار تىزىلىپ كېلىپ سۇلتاننىڭ ئالدىغا ئالتۇن تاۋاقلارنى قويۇپتۇ.

— ھەي ۋەزىر، — دەپتۇ سۇلتان ھاڭ-تاڭ بولۇپ قېتىپ قالغاندەك مىدىرلىماي تۇرغان ۋەزىرگە، — يەنە نىمە مەسلىھەتىڭ بار؟

— خۇدا جاناپلىرىنى ياخشى كۈيوغۇلغا يەتكۈزۈپتۇ. قۇتلۇق بولسۇن، — دەپتۇ ۋەزىر. لېكىن، ئۇنىڭ يۈرىگى لازا قويغاندەك ئېچىشىپتۇ.

— بېرىپ بالاڭغا ئېيت، — دەپتۇ سۇلتان ئالاھىددىننىڭ ئانىسىغا، — قىزىمنى ئوغلۇڭغا بېرىمەن. ئۇ سالامغا كەلسۇن.

موماي ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ ئەھۋالنى ئوغلىغا ئۇقتۇرۇپتۇ. ئالاھىددىن چىراقنى بىر ئۇۋۇلىغان ئىكەن، جىن ھازىر بوپتۇ.

ئىسسىل تاشلىرىنى بېرىپتۇ، ئەمما، ئۇ تاشلار يەتمەپتۇ. سۇلتان بۇنى ئاڭلاپ تېرىكىپتۇ:

— ئۇلۇغ غەزىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىڭلار، قول ئاستىڭلاردىكى خەلقنىڭ بارلىق ئىسسىل تاشلىرىنى يىغىپ كەلتۈرۈڭلار، مېنىڭ بايلىق دۇنيارىم راستى بىلەن بىر تۈۋرۈكنى ياساشقا يەتمەمدۇ؟ — دەپ چىچاڭشىپتۇ. بىراق، بەرىبىر تۈۋرۈكنى قويالماپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئالاھىددىن سۇلتاننىڭ قېشىغا كېلىپ:

— غەم قىلماڭ سۇلتان، تۈۋرۈك ئورنىغا قويۇلدى. مەن ئىسسىل تاشلارنىڭ بارلىغىنى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بەردىم، — دەپتۇ. شۇ كۈنى كەچتە ئالاھىددىن بىلەن بۇدىرە خېنىمنىڭ توي مەرىكىسى بوپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئالاھىددىن ئايالى بىلەن يېڭى سارايدا ئۆز كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ.

ئەمدى ھىلىقى مەغرىپتىن كەلگەن كىشى — ئۆز يۇرتىغا كېلىپ، قايغۇ - ئەلەمگە چۆكۈپ ئولتۇرغان جادىگەردىن گەپ ئاڭلايلى:

ئۇ، نۇرغۇن ۋاقىتلىرىنى غەم بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇ: «ئالاھىددىن يەر ئاستىدا ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، چىراقمۇ شۇ يەردە تۇرىدىغاندۇر، بەلكىم ئۇنى مەن ئالاھىددىنسىزلا قولغا چۈشۈرۈپ ئالالارمەن» دەپ ئويلايدىكەن. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ، بىر كۈنى شۇ چىراقنىڭ يەر ئاستىدا بار - يوقلۇغىنى بىلىپ باققۇسى كەپتۇ. ئۇ، قۇم ئۈستىدە ئولتۇرۇپ رەم ئېچىپ چىراقنىڭ يەر ئاستىدا يوق ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ - دە، ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ. ئۇ يەنە رەم ئېچىپتۇ ۋە ئالاھىددىننىڭ يەر ئاستىدىن ئامان - ئېسەن قايتىپ چىققىنىنى، ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان شەھىرىدە ئىكەنلىكىنى بىلىپ، دەرھال يولغا راۋان بوپتۇ. بىرنەچچە دېڭىزلاردىن، ئېگىز تاغلاردىن، دەشت - باياۋانلاردىن، سەھرا -

ھىچنەرسە بولمىغاندەك تەپ ـ تەكشى بولۇپ قاپتۇ.
— ئەمدى مەن بېرىپ سۇلتاننى مۇشۇ يەرگە ئەگەشتۈرۈپ كېلىمەن، — دەپتۇ ئالاھىددىن.
سۇلتان ئەتىگەنلىكى دەرىزىدىن قارىسا، ئۇدۇلىدا يالت ـ يۇلت قىلىپ بىر ساراي تۇرغىدەك. سۇلتان ۋەزىرنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا سارايىنى كۆرسىتىپتۇ:
— خوش ۋەزىر، ئەمدى نىمە دەيسەن؟ — دەپتۇ سۇلتان، — بىر كېچىنىڭ ئىچىدە شۇنداق سارايىنى سالغان ئادەم ماڭا كۈيوغۇل بولۇشقا لايىقتۇ؟!
— ۋاي سۇلتانىم، سىز بۇ ئالاھىددىننىڭ جادىگەر ئىكەنلىكىنى تېخىچىلا بايقىيالمايۋاتىسىز، — دەپ ھىلىگەرلىك قىپتۇ ۋەزىر.
شۇ ۋاقىتتا ئالاھىددىن كىرىپ سۇلتانغا سالام بېرىپ، ئۇنىڭدىن سارايىنى كۆرۈپ بېقىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ۋەزىر بىلەن سۇلتان سارايىنى تولۇق ئايلىنىپ چىقىپتۇ.
سۇلتان سارايىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىشتىن زېرىكمەپتۇ، مېھمانخانىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، بىر تۈۋرۈكنىڭ كەملىگىنى ۋەزىر بايقاپ قاپتۇ.
— ۋاي، ساراي تېخى پۈتمەپتۇ، مۇنۇ يەردە بىر تۈۋرۈك كەم ئىكەنغۇ تېخى، — دەپتۇ ۋەزىر.
— ھېچۋەقەسى يوق، بۇ تۈۋرۈكنى مەن ئۆزەم قويغۇزۇپ بېرىمەن، قۇرۇلۇش باشلىغىنى چاقىر، — دەپتۇ سۇلتان ئەتراپىدىكىلەرگە مەغرۇرلۇق بىلەن قاراپ مەيدىسىنى كېرىپ، — مۇنداق بىر تۈۋرۈكنى سېلىپ چىقىش مېنىڭ قولۇمدىن نىمىشقا كەلمىسۇن؟
سۇلتان شەھەردە «مەن تاشچى» دىگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى جەم بولۇشقا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. بۇلارغا ئۆزىنىڭ قولىدىكى

ئۇۋغا چىقىپ كېتىپ، ئۆيدە بۇدىرە خېنىم يالغۇز قالغان ئىكەن. ئۇ مەغرىپلىقنىڭ سۆزىگە قىزىقىپ:

— ئۇ راست ئېيتامدۇ - يالغانمۇ؟ بۇنى بىر سىناق قىلىپ باقساق بولاتتى. ئەمما سارايدا كونا چىراق يوق. — دەپتۇ خىزمەتچىسىگە.

— بار، — دەپتۇ خىزمەتچى ئايال، — ئالاھىددىن بابنىڭ ھوجرىسىدا بىر كونا چىراق كۆرگەنمەن.

خىزمەتچى ئايال بۇدىرە خېنىمنىڭ بۇيرۇغى بىلەن ھوجرىدىكى كونا مىس چىراقنى ئېلىپ چىقىپتۇ ھەم ئۇنى مەغرىپلىق كىشىگە بېرىپ، يېڭى بىر چىراقنى ئۆيگە ئېلىپ كەپتۇ.

مەغرىپلىق بولسا ناھايىتى خوشال بولۇپ، چىراقنى قوينىغا سېلىپ قارارگاھىغا يول ئاپتۇ. ئۇ شەھەردىن چىقىپ پىنھان يەرگە كېلىپ، چىراقنى ئۇۋۇلىغان ئىكەن، مايمۇن جىن يېتىپ كەپتۇ.

مەغرىپلىق كىشى ئۇنىڭغا:

— ئالاھىددىننىڭ سارىيىنى يۇرتۇمغا كۆچۈرۈپ قوي، — دەپتۇ. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە ساراي مەغرىپلىق كىشىنىڭ يۇرتىدا قەد كۆتىرىپتۇ.

مەغرىپلىقنىڭ كەچۈرمىشىنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ، سۇلتانغا كېلەيلى:

سۇلتان ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، ئوردا دەرىزىسىدىن قارىسا، ساراي كۆرۈنمىگىدەك. سۇلتان ئۆزىنى باسالماي ھۆكۈرەپ يىغلاپتۇ. ۋەزىر ئۇنىڭ ھالىنى سورىغان ئىكەن، ئۇ:

— ساراي قېنى؟ قىزىم قېنى؟ — دەپ ئۆزىنى كاچاتلاپتۇ.

ئەرۋاھى ئۇچقان ۋەزىر:

— ئالاھىددىن سېھرىگەر ئادەم، ھەممە ئىشنى قىلغان شۇ. ئۇنىڭ خەۋپلىك ئىكەنلىگىنى ئاللىقاچان ئېيتقان ئىدىم،

شەھەرلەردىن ئۆتۈپ، ئاخىرى ئالاھىددىن تۇرغان شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. مەغرىپلىق ئادەم بازارغا چىقىپ، خەلقنىڭ گەپ-سۆزلىرىنى تىڭشاشقا باشلاپتۇ. بازاردىكى گەپ-سۆزلەر ئالاھىددىن بىلەن ئۇنىڭ سارىيى توغرىسىدا ئىكەن. مەغرىپتىن كەلگەن ئادەم ئايلىنىپ يۈرۈپ بۇنى ئۇقۇپتۇ-دە، سۇچىنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— ئالاھىددىن دېگەن كىم؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سېنىڭ بۇ يەرلىك ئەمەسلىكىڭ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بولمىسا، سەن ئالاھىددىننىڭ كىملىكىنى بىلەر ئىدىڭ. ئۇ بەكمۇ باي ئادەم. ئۇنىڭ سارىيىنى كۆرسەڭ ھەيران قالىسەن، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ سۇچى. مەغرىپتىن كەلگەن كىشى سۇچىغا بىر تەڭگە بېرىپ:

— مۇنۇ تەڭگىنى ئال، ماڭا بىر خىزمەت قىل، راست، مەن بۇ شەھەرنىڭ ئادىمى ئەمەس، شۇڭا ئالاھىددىننىڭ سارىيىنى كۆرگۈم بار. مېنى شۇ سارايغا ئاپىرىپ قوي، — دەپتۇ.

سۇچى مەغرىپلىق كىشىنى سارايىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ قويۇپتۇ. مەغرىپلىق كىشى سارايىنى ئايلىنىپ چىقىپتۇ. «مۇنداق سارايىنى سېلىش چىراقنىڭ قۇلى مايمۇن جىننىڭ قولىدىنلا كېلىدۇ. چىراق مۇشۇ ئۆيدە بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ چىراقنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ يولىنى ئويلاپتۇ. مىسكەرنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ماڭا ئون دانە مىس چىراق ياساپ بەر، — دەپتۇ.

كەچقۇرۇن كېلىپ تەييار بولغان مىس چىراقلارنى ئېلىپ كېتىپتۇ.

تاڭ ئېتىشى بىلەن ئۇ شەھەرنى ئايلىنىپ «كونا چىراقنى يېڭى چىراققا تېگىشىپ بېرىمەن» دەپ ۋاقىراپتۇ. كەچتە سارايىنىڭ ئالدىغا كېلىپ يەنە شۇنداق دەپ ۋاقىراپتۇ. ئالاھىددىن

لاپتۇ. شۇ ھامان دەھنەش جىن پەيدا بولۇپتۇ. ئالاھىددىن ئۇنىڭغا:

— سارىيىمنى بۇرۇنقى ئورنىغا ئەكىلىپ قوي، — دەپتۇ.

ئۈزۈكنىڭ قۇلى جىن:

— بۇ ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ. باشقا تەلىۋىڭ بولسا ئېيت، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، مېنى سارىيىم بار جايغا يەتكۈزۈپ قوي، — دەپتۇ ئالاھىددىن.

— ئەمىسە كۆزۈڭنى يۇم - دە، تېز ئاچ، — دەپتۇ جىن. شۇنداق قىلىپ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە ئالاھىددىن سارايىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ ئۆيگە كىرسە، بۇدىرە خېنىم يىغلاپ ئولتۇرغىدەك. ئۇ ئالاھىددىننى كۆرۈپ، ئۆزىنى ئېرىنىڭ باغرىغا ئېتىپتۇ. كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپتۇ، مەغرىپلىق ئادەمنىڭ ئۆزىنى خوتۇنلۇققا قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىغانلىقىنى، لېكىن بۇنى رەت قىلغانلىغىنىمۇ يوشۇرماپتۇ. ئالاھىددىن ئۇنىڭدىن مەغرىپلىق ئادەمنىڭ چىراقنى قەيەرگە تىقىپ قويغانلىغىنى سوراپتۇ.

— ئۇ چىراقنى يېنىدىن ئايرىمايدۇ، — دەپتۇ بۇدىرە خېنىم.

— سۆزۈمگە قۇلاق سال، ئى ۋاپادارىم، — دەپتۇ ئالاھىددىن، — مەغرىپلىق ئادەم كەلگەندە ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ بىللە تاماق يېيىشنى ئۆتۈنگىن. ئۇ تاماق يېيىشكە باشلىغاندا مۇنۇ ئۇيقۇ دورىسىنى چاندۇرماي قاچىسىغا سېلىۋەت. ئۇ ئۇيقۇغا چۆككەندە مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن.

بۇدىرە خېنىم ئالاھىددىننى قازناققا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. بىر چاغدا مەغرىپلىق كەپتۇ. بۇدىرە خېنىم ئالاھىددىننىڭ دىگىنى بويىچە ئۇنى جايلاپتۇ. ئۇنىڭ خورەك تارتقىنىنى ئاڭلىغان ئالاھىددىن قازناقتىن چىقىپ، يۈرىگىگە پىچاق ساپتۇ. چىراقنى

سىز ئىشەنمىگەن، ھېلىمۇ كىچىككىمە يېتىمىسىز، ئەمدى نىمە چارە قوللىنىش كېرەكلىكىنى قارار قىلىڭ. — دەپتۇ.

— ئالاھىددىننى كەلتۈرۈڭلار، كاللىسىنى ئالىمەن، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ سۇلتان جاللاتلىرىغا.

شۇ چاغدا ئالاھىددىن شىكاردىن قايتىپ كېلىۋاتقان ئىكەن. يولدا جاللاتلارغا ئۇچراپتۇ. جاللاتلار سۇلتاننىڭ بۇيرۇغىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ، پۇت - قولىغا كىشەن - كويزا سېلىپ ئوردىغا ھەيدەپ مېڭىپتۇ. شەھەر خەلقى ئالاھىددىننى بەك ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇلار سۇلتاننىڭ ئالاھىددىننىڭ كاللىسىنى ئالدىغانلىغىنى ئاڭلاپ، ئوردىغا سەلدەك ئېقىپتۇ. سۇلتان ئالاھىددىندىن:

— سارايى بىلەن قىزىم قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن نەدىن بىلەي، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئالاھىددىن ھەم ئۆزىنىڭ گۇناسىزلىغىنى قەيت قىپتۇ. لېكىن سۇلتان ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىش نىيىتىدىن يانماپتۇ. ئالاھىددىننى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن جازا مەيدانىغا ئېلىپ كېتىۋاتقان جاللاتلارنى كۆرگەن شەھەر خەلقى يولنى توساپ، ئوردىغا ۋەكىل ئەۋەتىپ، ئالاھىددىننى قويۇپ بەرمىسە ئوردىنى كۆيدۈرۈپ، كۆلىنى كۆككە سورۇيدىغانلىقلىرىنى ئېيتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان سۇلتان قورقۇپ كېتىپتۇ ھەمدە ئالاھىددىننى ئۆلتۈرمەسلىككە ۋەدە قىپتۇ. لېكىن قىزنى تېپىپ بېرىشكە ئون كۈنلۈك مۆھلەت بېرىپ ئالاھىددىننى قويۇپ بېرىپتۇ.

ئالاھىددىن بىر ئېرىق بويىدا نىمە قىلىشىنى ئويلاپ ئولتۇرۇپ قولىنى ئېرىقتىكى سۇغا تىققان ئىكەن. چىمچىلاق قولىدىكى يادىدىن چىقىپ كەتكەن ئۈزۈك سۇغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۈزۈكنى سۇدىن مىڭ تەسلىكتە تېپىپ چىقىپتۇ - دە. ئۇۋۇ-

# پالچى

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن. بۆرە باقاۋۇل ئىكەن، تۈلكە ياساۋۇل ئىكەن، قاغا قېقىمچى ئىكەن. قۇشقاچ چېقىمچى ئىكەن. ئۆتكەن زاماندا بىر شەھەردە بىر ھورۇن بار ئىكەن. ئىش دىسە بېشى ئاغرىيدىكەن، ھەمىشە ئېغىناپ ياتىدىكەن. غىزانىمۇ ياتقان يېرىدە خوتۇنى يىگۈزۈپ قويىدىكەن. ئايلار - يىللار ئۆتۈپتۇ. ئۇ، ئەمگەك قىلماي بىكار يېتىپ يەۋەرگەچكە، ئاتا - ئانىسىدىن قالغان دۇنيا تۈگەپ، ئاخىرى ئۆلكىدە ھېچنەرسە قالماپتۇ. ئەر - خوتۇن ئىككىسى كىچىككىنە بىر ھوجرىدا قاپتۇ. بىر كۈنى خوتۇنى:

— قەدىمقىلەر «يېتىپ يىسە، تاغمۇ توشمايدۇ» دەپ راست ئېيتىپتىكەن. خەجلەيدىغانغا پۇل، يەيدىغانغا ئاش قالمىدى، ئەمدى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، بىرەر ھەركەت قىلمىسىلا مېنىڭ ئىلاجىم يوق، — دەپتۇ. ئەمما، ھورۇن ھېچنىمە ئاڭلىمىغاندەك يېتىۋېرىپتۇ. بىر كۈن، ئىككى كۈن ئۆتۈپتۇ. خوتۇنى يىگۈدەك بىرەرنەرسە بېرەلمىگەندىن كېيىن، ئاچلىققا چىدىماي ئاخىرى ئورنىدىن تۇرۇشقا مەجبۇر بوپتۇ. لېكىن دەسمايە ئۈچۈن پۇل قەرز ئېلىپ ئوقەت قىلاي دىسە، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ پۇل بېرىپ تۇرىدىغان كىشى چىقماپتۇ، ھېچقانداق ھۈنىرىمۇ بولمىغانلىقتىن نائىلاج قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن خوتۇنى ئۇنىڭ قولىغا بىر پالاز، بىر جەينىماز ۋە بىر قىسىم ئۇششاق تاش سېلىنغان كىچىك بىر

ئېلىپ بىر ئۇۋۇلىغان ئىكەن، جىن پەيدا بوپتۇ. ئاللاھىددىن ئۇنىڭغا:

— مۇشۇ سارايىنى بۇرۇنقى جايىغا كۆچۈر، — دەپ بۇيرۇق قىلغان ئىكەن. جىن ئۇنىڭ دېگىنىنى بويىچە بەجا كەلتۈرۈپتۇ. قىزىنى ئويلاپ دەرىزە ئالدىدا يىغلاپ ئولتۇرغان سۇلتان سارايىنى كۆرۈپ ئۇچقاندەك يېتىپ كەپتۇ. قىزى ۋە كۈيئوغلى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. ئاللاھىددىنىنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن، دېگىنىگە پۇشايمان قىپتۇ ۋە ئاللاھىددىندىن ئەپۇ سوراپتۇ.

ئاللاھىددىن بۇدۇرە خېنىم بىلەن مۇشۇ سارايدا ئۇزاق يىللار ئۆمۈر كۆرۈپتۇ.

سىمۇ، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى گۆھەرنى تاپالمىغانلىقى توغرىسىدىكى گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلاپ قاپتۇ - دە، پادىشانىڭ ئىنئامى ۋە مەرھەمىتىگە سازاۋەر بولۇش مەقسىتىدە ئوردىغا بېرىپ:

— پادىشاھى ئالەم، ئۆزلىرى جۈمە نامىزى ئوقۇيدىغان چوڭ جامەنىڭ مۇنارى تۈۋىدە ئولتۇرىدىغان بىر پالچى بار. گۆھەرنى تېپىشنىڭ ھۆددىسىدىن شۇ كىشى چىقسا ئەجەپ ئەمەس، — دەپتۇ.

ئۇنىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن پادىشا ھورۇننى ئوردىغا چاقىرتىپ كەپتۇ ۋە ئۇنىڭغا گۆھەرنى تېپىپ بېرىشنى، تاپالمىسا كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىدىغانلىقىنى جاكالاپتۇ. ھورۇن كۆڭلىدە «مەن بەرىبىر گۆھەرنى تاپالمايمەن، پادىشا گۆھەرنى تاپالمىدىڭ، دەپ مېنى ئۇ ئالەمگە يولغا سالىدۇ. جاللاتنىڭ قولىدا جان ئۈزگەندىن كۆرە، ئۆزەم ئۆلۈۋالاي» دەپ ئويلاپ، پادىشاغا:

— پادىشاھى ئالەم، مېنىڭ گۆھەرنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن بىرلا تۈڭلۈكى بار، تۈڭلۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ياغاچقا پىششىق ئاغامچا باغلىنىپ ئۇچىغا ساڭگىلىتىپ قويۇلغان بىر ئېغىز ئالاھىدە ئۆي كۆرسىتىپ بېرىشلىرىنى ئىلتىجا قىلىمەن. يەنە شۇمۇ ئەستىن نېرى كەتمىگەيكى، مەن ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، ئىشىك سىرتىدىن قولۇپلاپ قويۇلسۇن، ئۆينىڭ ئەتراپىدا بولماسلىقى شەرت، — دەپتۇ.

پادىشا پالچىنىڭ دېگىنىنى تەييارلاپ بېرىپتۇ. ھورۇن ئىشىكنى ئىچىدىن دەم بىلەن مەھكەم تاقاپ، ئۆلۈۋېلىش ئۈچۈن ئاغامچىنى بويىنىغا سېلىپ ئېسىلىپتۇ. بىراق، جېنى چىقماي بەك قىينىلىپ كېتىپتۇ - دە:

— جان چىق، جان چىق! — دېگىلى تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا ئۆگزىدە تۇيۇقسىز بىر شەپە پەيدا بولۇپ، تۈڭلۈكتىن بىر ئايالنىڭ بېشى كۆرۈنۈپتۇ. ئايال كۆز ياشلىرىنى يامغۇردەك تۆ-

خالتىنى تۇتقۇزۇپتۇ - دە:

— شەھىرىمىزدىكى چوڭ جامە مۇنارىسىنىڭ تۆۋىگە بۇ پا-
لازنى سېلىپ، ئۈستىگە جەينىمازنى يېيىپ، بۇ تاشلارنى جەينى-
مازنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئولتۇرسىلا. كىمىكى «ماڭا پال ئېچىپ
بەر» دەپ كەلسە، پالنى مەن ئۆگەتكەندەك قىلىپ سېلىپ، ئاغزى-
لىرىغا كەلگەننى دەۋەرسىلە، — دەپتۇ. ھورۇن خوتۇنىنىڭ دېگى-
نىدەك جامە مۇنارىسىنىڭ تۆۋىدە ئولتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا بىر ئا-
دەم ناھايىتى ساراسىمگە چۈشكەن ھالدا كېلىپ:

— مېنىڭ بىر سېغىن كالام يوقىلىپ كەتتى، پال ئېچىپ
باقسىلا، — دەپتۇ. ھورۇن پال سېلىپ:

— بىرئاز سانا ئېلىپ، چاي دەملەپ ئىچىڭ، — دەپتۇ.
پال سالدۇرغۇچى كىشى كۆڭلىدە «ئەجەپ ئىش، مەن باغدىن
گەپ قىلسام، بۇ پالچى تاغدىن گەپ قىلىۋاتىدىغۇ» دەپ تەئەج-
جۈپلىنىپتۇ، ئاچچىغى كەپتۇ. لېكىن «پالچىمۇ ئورۇنسىز بىرنىمە
دېمىگەندۇ، ئۇنىڭ ئېيتقىنىنى قىلىپ كۆرەي» دەپ، پالچىنىڭ
ئالدىغا بىر تەڭگە قويۇپتۇ - دە، سانا سېتىۋېلىپ، ئۆيىگە بې-
رىپلا چاي دەملەپ ئىچىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي سانا ئۇنىڭ ئىچىنى
غۇلدۇرلىتىشقا باشلاپتۇ - دە، تاھارىتى قىستاپ ئارقىدىكى بېغىغا
چىقىپ تام تۆۋىگە ئولتۇرۇپتۇ. بۇ تام ئۆز بېغى بىلەن خوشنى-
سىنىڭ بېغى ئوتتۇرىسىدىكى پاسىل تام ئىكەن. ئۇ، تاھارەت
قىلىۋېتىپ خوشنىسىنىڭ بېغىدا بىر نەرسىنىڭ پۇشۇلداۋاتقانلى-
غىنى ئاڭلاپتۇ. بۇ كىشى تامدىن ئارتىلىپ قارىغىدەك بولسا، كا-
لىسى نېرىراقتا ئۆزىگە قاراپ تۇرغىدەك. ئۇ، ئىچ - ئىچىدىن
خوشال بولۇپ، پالچىغا غايىبانە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپتۇ.

بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، كالىسى تېپىلغان كىشى
پادىشانىڭ بىر گۆھىرى يۈتۈپ كەتكەنلىكىنى، پادىشا نۇرغۇن
داڭلىق پالچىلارنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ پال سالدۇرغان بول-

كور غاز يۇتۇۋاپتۇ، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشا:

— ئەي پالچى، بۇ بىر جۈپ غاز ئاتا - بوۋامدىن تەۋەرۈك قالغان، هازىر سېنىڭ دېگىنىڭگە بىنائەن توكۇر غازنى سويدۇرىمەن. ئەگەر گۆھەر چىقماي قالسا، ئالدىنقى شەرتىم بويىچە گۆھەرنى تاپالمىغانلىقىڭ ئۈچۈن سېنى، غازنىڭ ئىنتىقامى ئۈچۈن ئايالىڭنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيمەن، — دەپتۇ - دە، غازنى سويغۇزۇپتۇ. غازنىڭ قارنىنى يېرىش بىلەن تەڭ «يالت» قىلىپ گۆھەر كۆرۈنۈپتۇ. پادىشا پالچىغا ئىنئام بېرىپ، ئۇنى سول قول ۋەزىرلىككە تەيىنلەپتۇ.

بىر كۈنى پادىشا بىر زەرگەرگە ئالتۇن ۋە گۆھەر بېرىپ، ئۈزۈك ياساپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. زەرگەر ئۈزۈكنىڭ هالقىسىنى پۈتكۈزۈپ، گۆھەرنى قويۇۋاتقاندا، گۆھەر چاچراپ كېتىپتۇ - دە، بىر نەرسىگە ئۇرۇلۇپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىپتۇ. زەرگەر گۆھەرنىڭ بىر پارچىسىنى تېپىپ، يەنە بىر پارچىسىنى تاپالماپتۇ. ئۇ پادىشانىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلالماپتۇ. زەرگەر يېرىم گۆھەر ئۈچۈن تۆهمەتكە قېلىپ، كاللىسىنىڭ كېتىشىدىن خەۋپسىرەپ، بېشى قېتىپ كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. كالا يوقاتقان كىشى زەرگەرگە سۈت يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇرىدىكەن، ئۇ كىشى ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، زەرگەرگە:

— بۇرادەر، قايغۇرماڭ، پادىشانىڭ بىر پالچى ۋەزىرى بار، ئىلاج قىلىپ كۆرۈشۈپ، هالىڭىزنى مەلۇم قىلىڭ، بەلكىم تەڭلىكتىن قۇتۇلۇشىڭىزغا شۇ زاتى شەرىپىنىڭ ياردىمى تېگىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. زەرگەر پالچى ۋەزىر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا ۋەقەنى بايان قىپتۇ. ئۇنىڭدىن ياردەم سوراپتۇ. پالچى ۋەزىر:

— كۆجە ئاش ئەتكۈزۈپ، قېتىق ئارىلاشتۇرۇپ، كېكىرتكىڭىزگە كەلگىچە ئىچىڭ، — دەپتۇ. زەرگەر ۋەزىرنىڭ ئېيتقىنى

كۈپ تۇرۇپ:

— جېنىم پالچى، جان چىق دىگەن مەن بولىمەن، گۆھەر-نى راستلا مەن ئوغرىلىغان، مەن پادىشانىڭ خانىش كىنىزىگى، ئەگەر پادىشا بۇنى بىلىپ قالسا. تېرەمنى نەتۈر سويىدۇ. ماڭا رەھىم قىلسىلا، بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەي. — دەپ قاتتىق يالۋۇرۇپتۇ. پالچى دەرھال يانچۇغىدىن قەلەمتۇراچنى ئېلىپ، ئل غامچىنى كېسىپتۇ ـ دە، يەرگە چۈشۈپتۇ ۋە جان چىققا قاراپ:

— جان چىق، ئۇنداق بولسا. ساڭا بىر يول كۆرسىتەي. مەن دىگەندەك قىلساڭ ئامان قالىسەن، — دەپتۇ. جان چىق:

— خوش تەخسىرىم. نىمە قىلىشىم كېرەك، تېز ئېيتىپ بەرسىلە، ھايالسىز بەجا قىلىمەن. — دەپتۇ. پالچى:

— ئوردىدا ئۆدەك، غاز ياكى توخۇ بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئىككى دانە قېرى غاز بار، — دەپتۇ جان چىق.

— بەلگىسى قانداق؟

— بىرى ساق، بىرى توكۇر.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ پالچى، — گۆھەرنى توكۇر غازغا يۇتقۇزۇۋېتىپ ماڭا خەۋەر قىل.

— ئوبدان، ھازىرلا، — دەپتۇ جان چىق ۋە قايتىپ بېرىپ گۆھەرنى خېمىر بىلەن يۆگەپ توكۇر غازغا يۇتقۇزۇۋېتىپ پالچىغا خەۋەر قىپتۇ. پالچى جان چىقنى كەتكۈزۈۋېتىپ، «ئىشىكنى ئېچىڭ-لار!» دەپ ۋاقىراپتۇ. پالچى پادىشاغا يەر سۆيۈپ قۇللۇق بىلدۈ-رۈپتۇ، ئاندىن:

— ئۇلۇغ شاھىم، ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن، دۆلەتلىرى زىيادە بولسۇن، دۈشمەنلىرى غالىپ قىلىچلىرى ئاستىدا يەر چىشلىسۇن، ھەرەم-خانا ئەھلىنىڭ بارچىسى ئۆزلىرىگە سادىق ئىكەن، قولى پاك ئىكەن. گۆھەر مەسىلىسىگە كەلسەك، شاھ ئالىلىرىنىڭ ئوردىسىدا بىرى ساق، بىرى توكۇر بىر جۈپ غاز بار ئىكەن، گۆھەرنى تو-

— ئۇلۇغ، كەرەملىك شاھىم، دۆلەت كەمىرىنى بېلىمىزگە
چىڭ باغلىغان بىز ۋەزىرلەر دۆلىتىمىزنىڭ قۇدرەت تېپىشىنى، شان - شەۋكەتلىرىنىڭ پەلەككە يېتىشىنى، سەلتەنەت تەختلىرىنىڭ مۇستەھكەم بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمىزكى، ھاكىمىيەت ئىشلىرىمىزنىڭ قارا قوساقلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇلۇشىغا ھەرگىزمۇ رازى ئەمەسمىز...

ۋەزىرنىڭ سۆزى شۇ يەرگە يەتكەندە پادىشا تاقەتسىزلىك بىلەن:

— نېمە دېمەكچىسەن؟ — دەپ ۋاقىراپتۇ. ۋەزىر ئەزەم ئەدەپ - ھۆرمەت بىلەن قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپ:

— خوش، پادىشاھى ئالەم. ئۆزلىرىگە ئايەت، دۆلىتىمىزگە ئاۋاتلىق، خەلقىمىزگە پاراۋانلىق تىلىمەكچىمەن. ئازراق سەۋرى - تاقەت قىلىپ، سۆزۈمنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈشۈمگە ئىجازەت قىلىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن، — دەپتۇ. پادىشا:

— سۆزلە! — دەپتۇ. ۋەزىر ئەزەم:

— بىلىمسىز، نادان ئادەم تەختكە چىققان كۈندىن باشلاپ قىيامەتنى كۈت، دېگەن گەپ بار. ئەگەر ھاكىمىيەت مۇشۇنداق كىشىلەرگە تۇتقۇزۇلسا، بەخت تاجلىرىغا قۇزغۇن قونىدۇ، دۆلەت خاراپلىشىدۇ. خەلق ئازاپ دېڭىزىغا غەرق بولىدۇ. ئۆزلىرى دائىم «ۋەزىر — پادىشانىڭ ئەقلىدىشى، ئوردا خىزمىتىنىڭ كېڭەشچىسى، دۆلەت بىناسىنىڭ تۈۋرۈكى، مېنىڭ ھەربىر ۋەزىرىمدە قابىلىيەت، ئىدرەك، بەركامال بولسۇن» دەيتتىلە. ھالبۇكى، بىزنىڭ كۆرگىنىمىز بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ قالدى. شاھىمىز ئۇچۇن قەدىرلىك بولغان پالچى ۋەزىرنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆزلىرى ئېيتقان لاياقەتنى ھېچقانداق ئىزنا كۆرۈنمەيدۇ. ئۇ، ئېگەللىگەن مۇنداق كاتتا ئورۇن كۆپ قېتىم سىناقتىن ئۆتكەن، ئۆز ساھەسىنىڭ بىلىمىگە كامىل كىشىلەرگىلا مەنسۇپ بولۇشى لازىم. مېنىڭ

نى قىپتۇ. لېكىن ئۆزىنى تۇتۇپ ئۇلتۇرالماي، ئۇگدىسىغا يېتىپ كۆزى تورۇسقا قادىلىپ قاپتۇ. قارىسا، تورۇستا بىر نىمە يالتىراپ تۇرغىدەك، زەرگەر دەرھال خوتۇنىنى چاقىرىپ:

— خوتۇن، خوتۇن، تورۇسقا قاراڭلار، بىرنىمە يالتىراۋاتىدۇ، — دەپتۇ. خوتۇنى تورۇسقا قاراپ:

— راستىنلا بىرنىمە پارقىراۋاتىدۇ، — دەپتۇ ـ دە، زەرگەرنىڭ قىسقۇچ ئەسۋاۋىنى ئېلىپ، جۇلالىنىپ تۇرغان ھېلىقى نەرسىنى ئاۋايلاپ قىسىپ ئاپتۇ. بۇ، دەل يۇتۇپ كەتكەن يېرىم پارچە گۆھەر ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن زەرگەر ئىككى دانە ئۈزۈك ياساپ، پادىشا ھوزۇرىغا بېرىپ، ئۈزۈكنى پادىشاغا سۇنۇپتۇ. پادىشا:

— مەن بىر دانە ئۈزۈك بۇيرۇغان ئەمەسمىدىم، — دەپتۇ. زەرگەر پادىشاغا ۋەقەنى بايان قىلىپ يوقالغان يېرىم پارچە گۆھەرنى پالچى ۋەزىرنىڭ كارامەت كۆزى بىلەن تاپقانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشا خوش بولۇپ، زەرگەرنى رازى قىپتۇ. پالچىنى بولسا، ئوڭ قول ۋەزىرلىككە كۆتىرىپتۇ. بۇ چاغدا باشقا ۋەزىرلەر ئوتتۇرىسىدا پادىشانىڭ پالچى ۋەزىرگە كۆرسىتىۋاتقان مۇنداق ھەددىدىن زىيادە ئىلتىپاتىغا قارىتا غۇلغۇلا پەيدا بولۇپتۇ. بەزىلىرى كۆرەلمەسلىكتىن رەشىك قىلسا، بەزىلىرى ھەقلىق ھالدا نارازى ئىكەن، چۈنكى پالچى ۋەزىرنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشى جەھەتتە مەيلى ئىلىم ـ بىلىم بولسۇن، مەيلى ئەقىل ـ پاراسەت، مەيلى ئىقتىدار ـ ئىستىداتتا بولسۇن، ھېچقانداق سالاھىيىتى يوق ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋەزىرلەر مەسلىھەتلىشىپ، بىر كۈنى ۋەزىر ئەزەمنى پادىشانىڭ خاس ھەرەمخانىسىغا كىرگۈزۈپتۇ. ۋەزىر ئەزەم پادىشاغا ھۆرمەت سالامىنى بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ كېلىشىدىكى سەۋەپنى ئىزھار قىلىپ، مۇنداق دەپتۇ:

دەپ بىلىدىكەن ھەم «كوزا كۈندە سۇنمايدۇ. كۈندە سۇنىدۇ، دىگەندەك، بەلكى بىر كۈنى سۇنىمەن. ئۇ چاغدا پادىشاھ ماڭا قىلچە رەھىم ـ شەپقەت قىلمايدۇ. شۇڭا مۇنداق كۈنگە قېلىش-تىن بۇرۇن بۇ ئۆيدىن كەتكىنىم ياخشى» دەپ ئويلاپ يۈرىدى-كەن. بىر كۈنى كەچتە ئۇ ھاممامغا چۈشۈپ، پۈتۈن بەدىنىنى سو-يۇنلاۋاتقىنىدا، داستىكى سۇ ئىچىدىن ئۆزىنىڭ شۇ تۇرقىدىكى كۆرۈنۈشى ئاجايىپ بەتبەشىرە، قورقۇنچلۇق بولۇپ كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ مۇشۇ تۇرقى بىلەن يۈگۈرگەنچە بېرىپ پادىشانى كېكىرتىكىدىن سىقىپ تالاغا ئېلىپ چىقىپ تاشلىۋەتسەم، پادىشا بىر قىلمىشىم-دىن غەزەپلىنىپ، مېنى سارالڭ بولۇپ قاپتۇ، دەپ ھەيدىۋەتسە، يەلكەمدىن بېسىپ تۇرغان خىجىلچىلىق تېغىدىن خالاس بولى-مەنغۇ، دەپ ئويلاپ ھاممامدىن يۈگۈرۈپ چىققىنىچە پادىشانىڭ ياتاقخانىسىغا بېرىپ، پادىشانى كېكىرتىكىدىن سىقىپ تارتقىنىچە تاشقىرىغا سۆرەپ چىقىپتۇ. دەل شۇ چاغدا يەر تەۋرەپ كېتىپتۇ. پادىشا ھودۇقۇپ ئالاقزادە بولۇپ كەتكەنلىكىدىن يەر تەۋرىگەن-لىكىنىمۇ سەزمەپتۇ. تېڭىرقاپ قالغان پادىشا بىر ھازادىن كېيىن، سەل ـ پەل ھوشىنى يىغىپ، توپىلىنىپ تۇرغان كىشىلەرگە يېقىن-دىكى قىپ ـ يالىڭاچ ئاجايىپ مەخلۇقنى كۆرسىتىپ:

— بۇ كىم؟ بۇ نىمە ئالامەت؟ — دەپتۇ. يەر تەۋرەش پالچىغا باھانە بوپتۇ ـ دە، پادىشاغا تازىم قىلىپ:

—. كېرەملىك شاھىم، مەن پالچى ۋەزىرلىرى بولىمەن، مەن ھاممامدا يۇيۇنىۋاتاتتىم، پۈتۈن بەدىنىمنى سوپۇنلاپ بولغان چې-غىمدا، ماڭا يەر تەۋرەپ ئۆزلىرىنى ئۆي بېسىپ ئالىدىغاندەك بىر خەۋپ سېزىلگەندەك قىلدى ـ دە، كېيىمىمنى كىيىشكە ئۈلگۈ-رەلمەي، مۇشۇ پېتى يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۆزلىرىنى تارتىپ چىقتىم، مۇنداق قىلمىغان بولسام، ئۆزلىرى باقى ئالەمگە سەپەر قىلىپ، ئېلىمىز ماتەم تونىنى كىيگەن بولاتتى، مېنىڭ بۇ ئەدەپسىزلىكىم-

ئەرزىم ئەنە شۇ، — دەپتۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان پادىشا: «بۇ — رەشىك، ھەسەت ئوتىدا كاۋاپ بولۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ شىكايىتى» دىگەن خۇلاسىغا كەپتۇ - دە:

— سىلەرنىڭ كۆزۈڭلار كىچىك، ئىچىڭلار تار! — دەپلا ۋەزىر ئەزەمنى چىقىرىۋېتىپتۇ. پادىشا پالچى ۋەزىرنىڭ قۇدرەت-كامالىغا چەكسىز ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ كارامىتىنى بۇ بەتنىيەت ۋەزىرلەرنىڭ ئالدىدا بىر نامايىش قىلىپ قويۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويۇپتۇ. ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، پادىشا ھويلىسىدا سەكرەپ كېتىۋاتقان بىر چېكەتكىنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، ئۇنى تۇتۇۋېلىپ سىقىمدىغىنىچە سارايغا كىرىپتۇ. بارلىق ۋەزىر - ئەمىرلەرنىڭ ئالدىدا پالچى ۋەزىرگە قاراپ:

— قولۇمدىكى نىمە؟ تېپىڭ! — دەپ ئەمىر قىپتۇ. پالچى ئەمدى ئوردا ئەھلىنىڭ ئالدىدا شەرمەندە بولۇپ ئۆلىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ئۆز - ئۆزىگە:

— ھەي، چېكەتكە موللا، ئۆيۈڭدە ئولتۇرماي كوچىغا چىقتىڭ، پادىشا كۆردى، پادىشانىڭ قولىغا چۈشتۈڭ. ئەمدى ئۆلىسەن، — دەپتۇ. پادىشا ئالقىنىنى ئاچقان ئىكەن، بىر چېكەتكە سەكرەپ چۈشۈپتۇ. پادىشا: «كۆردۈڭلارمۇ، مەن قانداق ئادەمگە ۋەزىرلىكنى بېرىپتىمەن» دىگەندەك قىلىپ، غالىبانە قىياپەتتە باشقا ۋەزىرلەرگە سوغ نەزەر تاشلاپتۇ.

پالچى ۋەزىر ئۆزىنىڭ مۇنداق ئىشلاردا تۇيۇقسىز ئامىتى كېلىپ قالغان بىلەن مەملىكەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا ھېچقانداق بىلىمى يوقلۇغى، پەقەت پۈتۈكچىسىگە تايىنىپلا كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى پادىشادىن سىر تۇتۇپ كەلگەن ئىكەن. شۇڭا ئۇ، باشقا ۋەزىرلەرنىڭ ئۆزى ھەققىدە پادىشاغا پىكىر بېرىشىنى ھەقلىق،

## ۋاپا گۈلى

بۇرۇنقى زاماندا ئەسەت دېگەن بىر ياش يىگىت ئۆتكەن ئىكەن. بۇ يىگىتنىڭ قەمەر ئىسىملىك زىرەك ۋە ئەقىللىق ئايالى بار ئىكەن. ئەسەت خوتۇنىنىڭ مۇھەببىتىدىن مەس بولۇپ كېچە - كۈندۈز ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلمايدىكەن. قەمەرنىڭمۇ ئۆز ئېرىغا ساداقەت سۆيگۈسى چەكسىز ئىكەن.

ئەسەت ھېچقانداق كەسىپ بىلەن شۇغۇللانمىغاچقا يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاتا - ئانىسىدىن مىراس قالغان مال دۇنياسى تۈگەپ، كۈندىلىك تىرىكچىلىكى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپتۇ.

قەمەر تەدبىرلىك ۋە پاراسەتلىك ئايال ئىكەن، بىر كۈنى ئۇ ئېرىغا:

— ئەزىزىم، بەختلىك ياكى بەختسىز بولۇش — ئادەمنىڭ ئۆزىگە باغلىق، ھەركىم ئۆز بەختىنى ئەجرە قىلىش ۋە ئەقىل - پاراسەت ئىشلىتىش بىلەنلا تاپالايدۇ. كۆپ كىشىلەر مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق پاراغەتلىك ھايات كەچۈرمەكتە، سەنمۇ بىر چاغلاردا ھەددى ھېسابسىز مال - دۇنيانىڭ ئىگىسى ئىدىڭ، بۈگۈنكى كۈندە كۈنىمىز ئاران ئۆتىدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى، شۇڭا «ئۇۋۇمە پىش، ئاغزىمغا چۈش!» دەپ ياتماي، بىرەر ئىش بىلەن شۇغۇللانساڭ ياخشى بولاتتى، — دەپتۇ.

خوتۇنىدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئەسەت سەل ئويلىنىۋېلىپ:

نى ئەپۇ قىلغايلا، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشا چەكسىز خوش بولۇپ، ئۇنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدىغان پايانسىز بىر ئۆلكىنىڭ سۇلتانلىقىغا تەيىنلەپتۇ. پالچىنىڭ بۇ ئوردىدىن كېتىش ئۈمىدىمۇ شۇ يول بىلەن ئەمەلگە ئېشىپتۇ.

لېكىن ئۇنىڭ دەۋرانى ئۇزۇنغا بارماپتۇ. چۈنكى ئۇ ھەقىقەتەن قارا تۇرۇك كىشى بولغاچقا ھاكىمىيەتنى قول ئاستىدىكىلەرگە تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى ئىلگىرىكىدەك ھورۇنلۇق ياستۇقىغا باش قويۇپ، كەيپ - ساپا كۆرپىسىدە يېتىۋاپتۇ. بۇ زېمىندىكى زالىملارنىڭ خەلق بېشىدا ئوينىتىۋاتقان قانلىق قامچىلىرى، ئەمەلدارلارنىڭ خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق، بۇزۇقچىلىقلىرى، ئوغرى - قاتىللارنىڭ بۇلاڭ - تالاڭلىرى ھەددىدىن ئېشىپتۇ. ئاچ - زارلىقتا ياشاۋاتقان نامراتلارنىڭ نالە - زارى بىلەن ئۇنىڭ قىلچىمۇ كارى بولماپتۇ. نەتىجىدە مەزمۇت چىنار دەرىخىدەك ياشناپ كەلگەن بۇ ماكان ھەش - پەش دېگۈچە ۋابا قۇرۇتى چۈشكەن دەرەختەك ئىچ - ئىچىدىن زەخىملىنىپ، چىرىشكە باشلاپتۇ، ۋەيرانچىلىق ۋە زۇلۇم دەستىدىن جاق تويغان خەلق ئاخىرى ئىسيان بايرىقىنى كۆتىرىپ چىقىپ، ئادالەت تەختىنى تىكلەش غازاتىنى باشلاپ، پالچىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئۆزى بىلەن قوشۇپ شۇ ئۇلۇغ يالقۇن ئىچىدە كۆل قىلىۋېتىپتۇ ۋە بىرگە بۇ بالايى - ئاپەتنى كەلتۈرگەن سەن، دەپ پادىشاغىمۇ تەھدىت سېلىشىپتۇ. پادىشا شۇ چاغدىلا ۋەزىر ئەزەمنىڭ: «دۆلەت مىسلى بىر دۇلدۇل، ئۇنىڭ تىزگىنىنى تون قاراڭغۇسىدەك جاھالەت تونىغا ئورالغان كۆڭلى قارىلارنىڭ قولىغا ئەمەس، مەرىپەت نۇرى بىلەن چۆكەلگەن تەرەققىيپەرۋەرلەرگە تۇتقۇزغاندىلا، ئاندىن بىز دۇلدۇل پەرۋاز قىلالايدۇ...» دېگەن سۆزنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى تەستىقلاپتۇ.

(بۇ چۆچەكنىڭ «موللا تاپقاق ئاخۇنۇم»، «ئامەتلىك بايۋەچچە» دېگەن ۋارىيانتلىرىمۇ بار)

شۇ شاھزادىنىڭ خىزمىتىگە ئورۇنلىشىپتۇ.
ئەسەتنىڭ ئەقىل - پاراستى، ئىشچانلىغى ۋە تىرىشچانلىغى
شاھزادىگە يېقىپ قاپتۇ. شۇ سەۋەپتىن شاھزادە ئەسەتنىڭ
خىزمەت دەرىجىسىنى، مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرۈپتۇ. بۇنىڭ بىلەن
ئەسەتنىڭ ئابرويى ئۆسۈپ، پات - پات شاھزادىنىڭ زىياپەت-
لىرىدە ۋە سۆھبەتلىرىدە بىللە بولىدىغان، ئۇنىڭدىن ئايرىلماي-
دىغان ھالەتكە كەپتۇ.
ئەسەت «ۋاپا گۈلى» نى قولىدىن زادىلا چۈشۈرمەي
كۆتىرىپ يۈرىدىكەن. بۇنى كۆرگەن شاھزادە: «بۇ يىگىت ھەر
كۈنى باغچىدىن يېڭى ئېچىلغان گۈل ئۈزۈپ ئالىدىغان ئوخشايدۇ»
دەپ ئويلايدىكەن. ئەمما ياز پەسلى ئۆتۈپ، كۈزنىڭ ئاچچىق
سوغاقلىرى باشلانغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەسەت «ۋاپا گۈلى»
نى كۆتىرىپ، شاھزادىنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ كەپتۇ. شاھزادە
گۈل ئېچىلىش مەۋسۈمى ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى
خىيالىغا كەلتۈرۈپ:
— سەن بۇ گۈلنى قايسى باغچىدىن ئۈزۈۋالدىڭ؟ —
دەپ سوراپتۇ.
ئەسەت يالغان سۆزلەپ ئادەتلەنمىگەچكە، راستىنى ئېيتىشقا
مەجبۇر بولۇپتۇ:
— بۇ خوتۇنۇم بەرگەن گۈل، ئەگەر بۇ گۈل يېڭى ئېچىل-
غان ھالەتتە تۇرسا، ئايالىمنىڭ پاكلىغىدىن بىشارەتتۇر. سولغان
ياكى توزۇغان قىياپەتكە كىرسە، ۋاپاسىزلىق يولىغا كىرىپ
كەتكەنلىكىدىن بىشارەت بېرىدۇ. مۇشۇ گۈلگە قاراپ، ئايالىم-
نىڭ قانداق يۈرۈۋاتقانلىغىنى بىلىپ تۇرىمەن، — دەپتۇ.
ئەسەتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان شاھزادە قاقاھلاپ
كۈلۈپ كېتىپ:
— ئەي يىگىت، مەن سېنى خېلى ئەقىللىق دەپ ئويلايت-

— سۆيۈملۈگۈم، مەن سېنىڭ مۇھەببىتىڭدىن جۇدا بولۇپ، بىر كۈنمۇ ھايات يۈرەلمەيمەنغۇ؟ — دەپتۇ.

— دۇرۇس، — دەپتۇ قەمەر، — بۇنى ياخشى بىلىمەن، لېكىن ئاچلىق ۋە نامراتلىق بىزنى قىينىماقتا. سېنىڭ كۆڭلۈڭگە «مېنىڭ يوقلۇغۇمدىن پايدىلىنىپ، نامەھرەملەر بىلەن غەيرى مۇناسىۋەتتە بولۇپ قالارمىكىن» دىگەن خىيال كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنى بىلگىنكى، ئەخلاقسىز ئايال ئېرى يوق ۋاقىتلاردىلا ئەمەس، ھەتتا ئېرى يېنىدا بولغان ھالەتتىمۇ، ئۆزىنى نومۇسلۇق ئىشلاردىن تارتىپ قالمايدۇ. ۋىجدانىم بىلەن قەسەم بېرىمەنكى، مەن ھازىرغىچە نامۇناسىپ خىياللارغا مايىل بولمۇدۇم. مېنىڭ پاك ئەخلاقىم مېنى ئىنسانىيەت ئالىمىدە قارا يۈز قىلماس دەپ ئىشىنىمەن. كىشىنىڭ پاك ۋە ناپاك بولماقلىغى ھەركىمنىڭ ئۆزىگە باغلىق. ئەرنىڭ چىڭ تۇتۇشىلا ئايالنى غەيرى ئەخلاق - ھەۋەسلەردىن ساقلايدۇ، دىيىش بىمەنىلىكتۇر. بەس، ئەزىزىم، توغرا ئىش، ھالال كەسىپ بىلەن شۇغۇللان، ئۆزەڭنى خار قىلما! ئەگەر بۇ شەھەردە ئىشلەشنى خالىمىساڭ، باشقا يۇرتقا بېرىپ ئىشلە!... مېنىڭ قانداق تۇرۇۋاتقانلىغىمنى بىلىشنى خالىساڭ، مەن ساڭا بىر گۈل بېرىمەن. ئۇ ۋاپا گۈلىدۇر. بۇ گۈلنى ھەرگىز يېنىڭدىن ئايرىما. ئەنە شۇ گۈلنى سۇلغان ياكى توزىغان ھالەتتە كۆرسەڭ، مېنىڭ ۋاپاسىزلىق يولىغا كىرگەنلىگىمدىن بىشارەتتۇر. ئەگەر گۈل سۇلىمىغان، توزىمىغان ۋە يېڭى ئېچىلغان ھالەتتە تۇرسا، مېنىڭ پاكلىغىمدىن بىشارەتتۇر. بۈگۈندىن باشلاپ مەندىن خاتىرجەم بولۇپ، سائادەت يولىغا ماڭغىن، ساڭا بەخت تىلەيمەن، — دەپتۇ.

ئەسەت خوتۇنىنىڭ مەسلىھىتىنى ماقۇل كۆرۈپ، شۇ كۈنىلا باشقا بىر شەھەرگە ئىش ئىزلەپ كېتىپتۇ.

بۇ شەھەرنىڭ بىر شاھزادىسى بار ئىكەن، ئەسەت ئەنە

قەمەرگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ چەكسىزلىكىنى ئېيتىپ، پەقەت مىرلا كۆن ئىشرەت شارابى ئىچىشكە يار قىلسىلا نۇرغۇن ئالتۇن بېرىشنى ۋەدە قىلىپتۇ.

مومای قەمەرنى ئىزلەپ بېرىپتۇ - دە، ئىنتايىن يېقىملىق سۆزلەر بىلەن ئۆزىنىڭ كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئىزهار قىلىپ، قەمەرنى كەيپى - ساپا يولىغا ئۈندەپتۇ.

— ئەي ئىشتىياق بوستانىنىڭ گۈلى، مۇھەببەت بېغىنىڭ بۇلبۇلى، سەندەك ياش، ساھىپجامال ئاياللارنىڭ ئەرسىز ۋە يارسىز ئولتۇرۇشى بىر ئازاپقۇ؟! ئاڭلا، ياش بىر يىگىت سېنىڭ ۋىسالىڭغا يېتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. مۇنداق قاۋۇل، سۇمباتلىق يىگىتنى مەنمۇ ئۆمرۈمدە كۆرمىگەنمەن! ئۇ سېنىڭ جاۋابىڭغا ئىنتىزار، بۇنىڭغا نىمە دەيسەن؟ شېنى بىلگىنىكى، پۇرسەتنى قولدىن بەرگەن كىشى ئۆمرىنى پۇشايمان بىلەن ئۆتكۈزىدۇ، — دەپتۇ.

قەمەر كۈلۈپ قويۇپتۇ ۋە:

— موما، ماختىغان شۇ يىگىتنى مەن بىر كۆرەي، ئەگەر كۆڭلۈمگە مۇناسىپ كەلسە، ئەلۋەتتە رازىمەن. ئەگەر ماڭا ياقمىسا، قوبۇل قىلمايمەن، — دەپتۇ.

مومای خوشال هالدا ھەسەننىڭ ئالدىغا كەپتۇ - دە:

— سۆيۈنچى بەر يىگىت، — دەپتۇ ھەجىيىپ، — مەشۇقنى ماقۇلغا كەلتۈردۈم، لېكىن ئۇ سېنى بىر قېتىم كۆرۈشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ.

ھەسەن موماىغا ۋەدە قىلغان ئالتۇننى بېرىپ، قەمەرنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەپتۇ، قەمەر ھەسەنگە تەبەسسۇم قىلىپ:

— ئەي يۈرىكىمنىڭ پارىسى، ئىككى كۆزۈمنىڭ قارىسى، سېنىڭ ئىشقىڭ كۆڭلۈمنى مۇھەببەت قارمىقىغا ئىلىۋالدى، ھازىر غىنچە غەيرى ئادەم بىلەن مۇھەببەت مەيدانىدا ئۇچراشمىغان

تىم، ئەمما سەن بىر ئەخمەق ئىكەنسەن. خوتۇنۇڭنىڭ ھىلە - مىكرىگە ئىشىنىپ، تۇزاققا چۈشۈپسەن... ئەي نادان، سېنىڭ خوتۇنۇڭ ئۇچىغا چىققان مەككار، ئالدامچى ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ سېھىر - جادۇلىرى بىلەن بۇ گۈلنى ياساپ چىقىپ سېنى ئالداپتۇ. ئۇ ھازىر ئۆزى خالىغانچە ئەيشى - ئىشرەت قىلىۋاتسا كېرەك، — دەپ ئەسەتنى ھاقارەتلەپتۇ.

ئەسەت شاھزادىگە قارشى سۆزلەشكە پېتىنالماي قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، شاھزادە قەمەرنى سىناپ كۆرۈپ، ئۆز سۆزىنى راستقا چىقىرىشنىڭ ئامالىنى ئىزلەپتۇ.

شاھزادىنىڭ ھوزۇرىدا ھەسەن، ھۈسەن دېگەن ناھايىتى چىرايلىق ۋە قاۋۇل ئاكا - ئۇكا بولۇپ، شاھزادىنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىكەن. شاھزادە بىر كۈنى كەچتە بۇ ئاكا - ئۇكىلارنى چاقىرىپ، كۆڭلىگە پۈككەنلىرىنى بىلدۈرۈپ، مەسلىھەت سوراپتۇ. شاھزادىنىڭ مەقسىدىنى چۈشەنگەن ھەسەن:

— شاھزادەم، بۇ ئىشنى ماڭا تاپشۇرسىلا. مەن بېرىپ، ئۇ خوتۇننى ئىندەككە كەلتۈرۈشكە ھەركەت قىلىپ كۆرەي، — دەپتۇ - دە، ئۇنبەش كۈنلۈك مۆھلەت ئېلىپ شۇ كۈنىلا يولغا چىقىپ كېتىپتۇ.

ھەسەن قەمەر بار شەھەرگە كېلىپ بىر سارايغا ئورۇنلىشىپتۇ ۋە ئەتىسى چايخانىدا بىرقانچە يىگىتلەر بىلەن ئۇلپەتلىشىپ تونۇشۇپتۇ. قىزغىن سۆھبەتكە بېرىلىپ كەتكەن يىگىتلەرنىڭ بىرى:

— شەھىرىمىزدە قولىدىن تەسۋىنى چۈشۈرمەي، دائىم تائەت - ئىبادەت قىلىدىغان بىر موماي بار. بۇ جادىگەر نەچچە ئۇنلىغان ئائىلىنى يولدىن چىقاردى. ئۇ مۇشۇنداق ئىشتا تەڭداشسىز ماھارەت ئىگىسى، ھىلە - مىكرىنىڭ پېشىۋاسىدۇر، — دەپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى ھەسەن ھىلىقى مومايىنى ئىزلەپ تېپىپ،

قەمەر ھەسەننى بىر ئىغداغا كىرگۈزۈپ، ئىشىكنى قۇلۇپلاپ مەھكەم بېكىتىپتۇ.

ھەسەن زەي چىلىگە مىلىنىپ، ئىنىك خىل غەم بىلەن ئاران تاڭ ئاتقۇزۇپتۇ.

تاڭ ئاتقاندا قەمەر ئىغىل ئىشىگى ئالدىغا كېلىپ:

— ھەي، ھاۋايى — ھەۋەسىنىڭ قۇلى، ئەگەر بۇ زىندان دىن تېزرەك قۇتۇلۇشنى خالىساڭ، راستىڭنى ئېيت! بۇ يەرگە قايسى شەھەردىن، نىمە ئۈچۈن كەلدىڭ؟ توغرا سۆزلىسەڭلا، ئازات قىلىمەن، يالغان سۆزلەپ، ئالداش يولىغا يۈزلەنسەڭ، ئالەم رەسۋاسىغا ئايلاندۇرىمەنكى، سېنىڭ بۇ شەرمەندىچىلىگىڭ دىن پۈتۈن ئالەم ئىبرەت ئالىدىغان بولىدۇ، — دەپتۇ.

ھەسەن رەسۋايى جاھان بولۇشتىن قورقۇپ شاھزادە تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنلىگىنى تولۇق سۆزلەپ بېرىپتۇ.

قەمەر شاھزادىنىڭ بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمايدىغان لىغىنى سېزىپ:

— ئازات بولۇشقا ئالدىرىما، سەۋرى قىل، بۇ ئىشنىڭ ئاخىرىنى كۈتەيلى، — دەپتۇ.

ھەسەن تىرىك مۇردا بولۇپ تۇتقۇنلۇقتا يېتىپتۇ.

ئەمدى گەپنى شاھزادىدىن ئاڭلايلى:

شاھزادە ھەسەننى بىر ئايدىن ئارتۇق كۈتۈپتۇ. لېكىن ئۇ قايتىپ كەلمىگەنلىكتىن، ئەھۋالنى ھۆسەنگە ئايان قىلىپتۇ. ھۆسەن:

— شاھزادەم، ئىجازەت قىلسىڭىز، مەن بېرىپ، ئاكام ھەسەننىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ ھەم ئەسەتىنىڭ خوتۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ قايتىپ كەلسەم، — دەپتۇ ۋە شاھزادىدىن ئوتتۇز كۈنلۈك مۆھلەت ئېلىپ، شۇ كۈنىلا يولغا چىقىپتۇ. بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ ئەسەتىنىڭ يۇرتىغا يېتىپ كەپتۇ.

ئىدىم. شۇڭا ئىككىمىزنىڭ مۇھەببىتىنى ھېچكىم بىلمىسۇن، ھېلىقى مومايمۇ بىزنىڭ ئىشلىرىمىزدىن خەۋەر تاپمىسۇن، سەن ھازىرلا قايتىپ بېرىپ، مومايىنى تاپقىن ۋە «ئۇ ئايال كۆڭلۈمگە ياقمىدى. ئۇنى بىكاردىن ماختاشقان ئىكەن، ئۇنداق ئاياللارغا ئۆزەمنى يەم قىلىپ بەرمەيمەن، ئەتە شەھەرىمگە قايتىپ كېتىمەن!» دېگىن، ئاندىن كېيىن، قاش قارايغاندا نەرسە - كېرەكلىرىڭنى ئېلىپ مۇبارەك قەدىمىڭ بىلەن بۇ يەرگە كەلگىن! — دەپتۇ.

ھەسەن قەمەرنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە ھەممە ئىشنى بېجىرىپ، قەمەرنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. قەمەر ئۇنى زىياپەت بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. ھەسەننىڭ ئالدىغا خىلمۇ - خىل تائام كەلتۈرگەندىن كېيىن، سىرتقا چىقىپ ئۆي خىزمەتكارىغا:

— بىز غىزالىنىپ بولۇپ قولىمىزنى يۇيۇۋاتقاندا، دەرۋازىغا چىقىپ، ئىشىكنى قاققىن ۋە يۈگۈرۈپ كىرىپ: «ئايىم، ئاكىلىرى كەلدى، ئاچقۇچنى بەرسىلە!» دېگىن. قالغىنىنى ئۆزەم بىلىمەن، — دەپ ئۆگىتىپ قويۇپتۇ.

ھەسەن بىلەن قەمەر تاماقلىرىنى يەپ قوللىرىنى يۇيۇۋاتقاندا، بىرسى دەرۋازىنى قاتتىق ئۇرۇپتۇ. ئارقىدىنلا خىزمەتكار ئايال كىرىپ: «ئايىم، ئاكىلىرى كەلدى!» دەپ خەۋەر بېرىپتۇ. قەمەر دەرھال ھەسەننىڭ يېنىغا كېلىپ، نېمە قىلىشنى بىلمىگەندەك، ئالدىراپ تۇرۇپ قاپتۇ. ھەسەننىڭمۇ رەڭگى ئۆڭۈپ:

— مەن... قەيەرگە يوشۇرۇناي؟ — دەپتۇ.

— قىممەتلىكىم، غەم يېمە! — دەپتۇ قەمەر، — مېنىڭ ئاكام ئاندا - ساندا كېلىپ، مەن بىلەن بىر - ئىككى كۈن تۇرۇپ قايتىدۇ، مەن سېنى ئۆيگە يوشۇرۇپ، سىرتىدىن قۇلۇپلاپ قوياي، تاڭلا ئاخشىمى مېنىڭ ۋىسالىمغا يېتىسەن.

قەمەر سەل ئويلىنىۋېلىپ:

— بولىدۇ، ئانا، ئۇ يىگىت بىر قېتىم كەلسۇن، كۆرەي، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

موماي دەرھال قايتىپ كېلىپ، ھۇسەنگە خوشخەۋەر يەتكۈزۈپ نۇرغۇن ئىنئام ئاپتۇ.

قەمەر خۇددى ھەسەنگە قوللانغان تەدبىر بويىچە ھۇسەننىمۇ تۇتقۇنغا ئاپتۇ...

ھەسەن بىلەن ھۇسەن ئىچىدە بىر - بىرى بىلەن كۆرۇشۇپ ھەيران قېلىشىپتۇ ۋە بېشىدىن كەچۈرگەن كەچمىشلىرىنى سۆزلىشىپ يىغلىشىپتۇ.

شاھزادە ھۇسەننى بىر ئاي كۈتۇپتۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن خەۋەر ئالالماي، قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئاخىرى ئۆزى بارماقچى ۋە قەمەرنى قولغا كەلتۇرۇپ، ئەسەتنى لەت قىلماقچى بولۇپتۇ - دە، ئەسەتنى چاقىرىپ:

— سېنىڭ يۇرتۇڭغا بېرىپ كېلىشنى مەقسەت قىلىۋاتىمەن، سەن نىمە دەيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بېرىڭ شاھزادەم، پېقىرنىڭ كۈلبىسىنىمۇ زىيارەت قىلىپ كېلىڭ، — دەپتۇ ئەسەت.

شاھزادە بىلەن ئەسەت يول ھازىرلىقىنى پۈتكۈزۈپ يولغا چىقىپتۇ.

ئەسەت بىر كۈن ئىلگىرى ئۆز يۇرتىغا كېلىپ قەمەرگە شاھزادىنىڭ مېھمان بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان قەمەر شاھزادىنىڭ ئىككى يىگىتنى ئەۋەتكەنلىكىنى، ئۇنى تۇتقۇن قىلغانلىقىنى ئەسەتكە سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە كۆڭلىگە بىر تەدبىر پۈكۈپ ئۇنى ئەسەتنىڭ شاھزادىگە ئېيتماسلىقىنى جېكىلەپتۇ.

ئەتىسى پېشىن ۋاقتى بىلەن شاھزادە يېتىپ كەپتۇ. قەمەر

هەسەنگە ئوخشاشلا چايخانىدا يىگىتلەر بىلەن ئۇلپەتلىشىپ تونۇشۇپ، ھېلىقى موماينىڭ داڭقىنى ئاڭلاپتۇ - دە، مومايني ئىزلەپ تېپىپ، ئۆز ئارزۇسىنى ئېيتىپتۇ ۋە نۇرغۇن ئالتۇن ۋەدە قىلىپتۇ. موماي بۇنى ئاڭلاپ:

— ھەي ئوغلۇم، سەندىن ئىلگىرى بىر يىگىت مۇشۇ مەقسەت بىلەن كەلگەن ئىدى. ئەمما ئۇ يىگىت قەمەرنى كۆرۈشى بىلەنلا، ياراتماي تاشلاپ كەتتى. ئۇ ئايالنىڭ قايسى پەزىلىتى سېنى شەيدا قىلدىكىن؟ ھەر ھالدا خىزمىتىڭگە تەييارمەن! — دەپتۇ ۋە قەمەرنىڭ ئالدىغا مېڭىپتۇ.

قەمەر مومايني ئوچۇق چىراي كۈتۈۋاپتۇ. موماي ھەسەننىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ:

— قىزىم سېنىڭ ئىشقىڭدا كۆيگەن يەنە بىر پەرۋانە سېنى ئىزلەپ كەپتۇ. ئۇ سەن بىلەن ئۇچرىشىشنى ۋە سېنىڭ مۇھەببىتىڭگە ئېرىشىشنى ئىزلەيدۇ، قانداق قىلىسەن؟ — دەپتۇ.

— ئانا، — دەپتۇ قەمەر كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۆزەڭگە مەلۇمكى، ئىلگىرىمۇ بىر گۈزەل، سۇمباتلىق يىگىتنى ماڭا ئەۋەتكەن ئىدىڭ. ئۇنى بىر كۆرۈشۈم بىلەن ئەقلى - ھوشۇمنى يوقىتىپ مۇھەببەت مەجنۇنى بولۇپ قالغان ئىدىم. ئۇ يىگىت بىر سەۋەپ بىلەن چىقىپ كېتىپ كۆزۈمگە ئىككىنچى كۆرۈنمىدى. كونىلار «چىرايلىقتا ۋاپا يوق» دەپ بىكار ئېيتمىغان ئىكەن. بولدى، ئاۋالقى يىگىتنىڭ ئىشقى بالاسىغا مۇپتىلا بولۇپ كۆيگىنىممۇ يېتەر. بۇ يېڭى ئوتقا مېنى تاشلاپ ئاجىز تېنىمنى كۆيدۈرمە!

قەمەرنىڭ ھەسرەت ۋە رەنجىش بىلەن ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلىغان موماي:

— قىزىم، ئادەم ئوخشاش بولمايدۇ، ھەرھالدا ئادەم ئەتكەنگە تازىم ئەت. بۇ يىگىت سېنىڭ مۇھەببىتىڭگە ئېرىشىشنى تەلەپ قىلدى، سۆيگۈ لەززەتلىرىنى ئۇنىڭدىن ئايىما! — دەپتۇ.

تەللالىرىنى قەمەرگە ھەدىيە قىلىپتۇ ۋە ئەسەتنى ئۆزىنىڭ سودا-سېتىق ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، مەرتىۋىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، قەمەر بىلەن ئەسەت ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ساپ مۇھەببەت بىلەن ياشاپتۇ. «ۋاپا گۈلى»مۇ يىگىمدىن ئېچىلغاندەك تاۋلىنىپ خۇشپۇراق چېچىپ تۇرۇپتۇ.

ئۇنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئالاھىدە تەييارلىق كۆرۈپتۇ. ئاندىن ھەسەن، ھۈسەننىڭ يېنىغا كىرىپ:

— بۈگۈن مېنىڭ دۆلەتلىك، ئابرويلۇق بىر مېھمىنىم بار، ئۇنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئايال خىزمەتكارلارغا مۇھتاجمەن. ئەگەر بۇ زىنداندىن قۇتۇلۇشنى خالىساڭلار، ھەر ئىككىڭلارنى ئايالچە ياساپ، ئايال خىزمەتكار قاتارىدا خىزمەتكە سالىمەن. مېھمان ئالدىدا ئەرلىكىڭلارنى بىلدۈرمەي، چىن كۆڭۈلدىن خىزمەت قىلساڭلار، سىلەرنى ئازات قىلىمەن. سىلەر بۇنىڭغا رازىمۇ؟ — دەپتۇ.

ھەسەن بىلەن ھۈسەن قەمەرنىڭ قولىدىن تېزرەك قۇتۇلۇپ كېتىشنى ئويلاپ رازى بولۇشۇپتۇ ۋە ئاياللار كىيىمىنى كىيىشىپ، زىبۇ - زىننەتلەرنى تاقاپ مېھماننى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن شاھزا- دىنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. زىياپەتكە ھېلىقى دەللە مومايمۇ چاقى- رىلغان ئىكەن. ھەسەن بىلەن ھۈسەن مېھمانخانىغا كىرىپ، شاھ- زادىنى، ئەسەتنى ۋە دەللە مومايىنى كۆرۈپ داڭ قېتىپ قاپتۇ.

ئۆز خىزمەتكارلىرىنى ئايال قىياپىتىدە كۆرگەن شاھزادىمۇ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي ئەجەپلىنىپتۇ ۋە ئۇلارنى يېنىغا چاقىرىپ، ھال - ئەھۋال سوراپتۇ. ھەسەن بىلەن ھۈسەن باشتىن ئۆتكەن قىسمەتلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ...

شاھزادە، موماي، ھەسەن، ھۈسەنلەر ئۆزلىرىنىڭ سەۋەن- لىكلىرى ئۈچۈن قەمەردىن كەچۈرۈم سوراپ، قىلمىشلىرىغا مىڭ بىر پۇشايمان قىلىشىپتۇ. قەمەرنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە ۋە ئار - نومۇسىنى ساقلاشتىكى شىجائىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ.

قەمەر ئۇلاردىن يەنە مۇشۇنداق ھىيلە - مىكىر، سۇيىقەست- لىككە قەدەم قويماسلىققا ۋەدە ئېلىپ ئاندىن زىياپەتنى بېرىپتۇ.

شاھزادە ئۆزىنىڭ ئېلىپ كەلگەن مال - مۈلۈك، تەڭگە -

— كۆزۈمگە ئىس كىرىپ كەتتى، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئۇ.

— ھە، — دەپتۇ - دە، ئۆگەي ئانىسى پەرۋا قىلماپتۇ.

ئۆگەي ئانا گۆش پىشقاندا چوڭ قىزىنى چىقىرىۋېتىپ، بولۇشىغا يەپ سېزىكلىكىنى قاندۇرۇپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى پاختا ئىچىدىكى چەمچىلاق بىر قۇشقاچ بوپتۇ - دە، پۇررىدە ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۇچۇپ كېتىۋاتسا بىر توپ ئاياللار باراڭلىقتا يىپ ئىگىرىشىپ ئولتۇرغىدەك. قۇشقاچ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قونۇپتۇ - دە:

— ۋىچىر - ۋىچىر - ۋىچ، ئۆز ئاتام سويۇپ بەرگەن، ئۆگەي ئانام يەپ بەرگەن، جېنىمغىنا قېرىندىشىم مېنىڭ جېنىمنى ساقلاپ قالغان! — دەپتۇ.

— ۋايەي، مۇنۇ قۇچقاچ نېمە دەپ سايراۋاتىدۇ! يەنە بىر سايراپ بەرسەكەن! — دەپتۇ ئاياللاردىن بىرى.

— قولىڭىزدىكى ئىگىرگەن يىپىڭىزنى بەرسىڭىز، سايراپ بېرىمەن، — دەپتۇ قۇشقاچ.

— سېنىڭدىن يىپ ئايلىنىسۇن، — دەپ ئايال بىر يىپ بەرگەن ئىكەن، قۇشقاچ يەنە بىر قېتىم سايراپ بېرىپتۇ.

قۇشقاچ سايراپ بېرىپ تاپقان يىپىنى ئاچىسىغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ. قۇشقاچ شۇنداق سايراپ يۈرۈپ، ئاچىسىغا دوپپا، ياغلىق، ئاياق تېپىپ بېرىپ ئۇنىڭ ياخشىلىقىغا ياخشىلىق قايتۇرۇشقا تىرىشىپتۇ.

قۇشقاچ بىر كۈنى پادىشانىڭ بېغىغا قونۇپ:

— ئۆز ئاتام سويۇپ بەرگەن، ئۆگەي ئانام يەپ بەرگەن، جېنىمغىنا قېرىندىشىم بۇ جېنىمنى قۇتۇلدۇرغان. پادىشانىڭ شەھىرىدە ئادالەت يوق ئىكەن ، — دەپ سايراپتۇ. پادىشا:

— ئاشۇ قۇشقاچ ئەقىللىق ئىكەن، ئۇنى يەسەم مەنمۇ

## چەمچىلاق

بىر كىشىنىڭ ئىككى قىزى بار ئىكەن. ئۇ كىشىنىڭ ئايالى ئۆلۈپ كېتىپ قايتا ئۆيلىنىپتۇ. قىزلارنىڭ ئۆگەي ئانىسى چوڭ قىزىنى ئۆي ئىشىغا ساپتۇ، كىچىك قىزىنى بولسا بېقىشتىن زېرىكىپتۇ. كۈنلەر كەينىدىن كۈنلەر ئۆتۈپ، بۇ خوتۇن ھامىلدار بولۇپ، ئادەم گۆشىگە سېزىك بوپتۇ. قىزلارنىڭ ئاتىسى بۇ خوتۇنىنىڭ جېنجىغىدىن چىقالمايدىكەن. خوتۇن بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئېرىغا: «كىچىك قىزىڭنى سويۇپ بەر» دەپ تەلەپ قويۇپتۇ. قىزلارنىڭ دادىسى ئۇرغۇن يالۋۇرغان بولسىمۇ خوتۇنىنى كۆندۈرەلمەپتۇ ۋە ئاخىر كىچىك قىزىنى ئۆلتۈرۈپ بېرىشكە رازى بولۇپتۇ. ئۇ چوڭ قىزىنى «ئويناپ كەل» دەپ تالاغا چىقىرىۋېتىپ، كىچىك قىزىنى سويۇپ گۆشىنى قازانغا ساپتۇ. چوڭ قىزى ئۆيگە كىرگەندە، ئۇنىڭغا:

— قازاننىڭ ئاغزىنى ئاچماي، ئوچاققا ئوت قالا، — دەپ بۇيرۇپتۇ. بۇ قىز ئوچاققا ئوت قالاپ ئولتۇرۇپ ئىچى پۇشۇپتۇ-دە، قازاندا نېمە باركىن، دەپ تۇۋاقنى ئېچىپتۇ. قارىسا پارچىلانغان سىڭلىسى قازاندا قايناۋاتقان. ئۇ دەررۇ بىر چەمچىلىغىنى ئېلىپ پاختىغا ئوراپتۇ-دە، ئىشىكنىڭ بېشىغا قىستۇرۇپ قويۇپ، يىغلاپ ئولتۇرۇپ، ئوچاققا ئوت قالاۋېرىپتۇ. ئۆگەي ئانىسى كىرىپ چوڭ قىزىنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— ھوي، نېمە يىغلايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

ۆتىرىپ، قۇشقاچنى بىر ئۇرغان ئىكەن، ئۇ ئۇچۇپ بېرىپ شاخقا
ونۇۋاپتۇ. تاياق ئۆگەي ئانىنىڭ بېشىغا تېگىپ شۇ هامان
ۆلۈپ قاپتۇ.

قۇشقاچ شاخقا قونۇپ سايراپ قالدى. مەن بۇ
ياققا كەتتىم.

ئەقىللىق بولىمەن، — دەپ پۇقرالارنى قۇشقاچنى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ.

«پادىشانىڭ ئەمرى ۋاجىپ» دەپ پۈتۈن پۇخرا قۇشقاچنى قوغلاپ يۈرۈپ، ئاخىرى ئۇنى پادىشاغا تۇتۇپ بېرىپتۇ. پادىشا قۇشقاچنى ئۆلتۈرۈپ يەپتۇ. قۇشقاچ پادىشانىڭ قوسىقىدا پادىشانى ئەيىپلەپ سايراۋېرىپتۇ. بۇنىڭغا ھېچ ئىلاج قىلالمىغان پادىشا دورا ئىچىپ قۇسۇش ئارقىلىق قۇشقاچنى چىقارماقچى بوپتۇ. ئۇ جاللاتلىرىغا قىلىچ تۇتقۇزۇپ:

— قۇشقاچ چىقىشى بىلەنلا ئۇنى چېپىڭلار، — دەپ ئەمر قىپتۇ.

دورا ئىچكەن پادىشا كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكىدەك قىينىلىپ تۇرۇپ بىر قىسۇپتىكەن، قۇشقاچ ئۇنىڭ يوغان ئېچىلغان ئاغزىدىن پۇرلا قىلىپ ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. جاللاتلار ئۇنى چاپىمىز دەپ پادىشانىڭ بېشىنى چېپىۋېتىپتۇ. قۇشقاچ شاخقا قونۇپ تۇرۇپ:

— مېنىڭ كۆڭلۈم ئېچىلدى، پادىشانىڭ بېشى چېپىلدى، — دەپ سايراپ غايىپ بوپتۇ. قۇشقاچ شۇ يەردىن ئۇچقان پېتى ئۆيىگە بېرىپ ئۆگەي ئانىسىنىڭ بېشىغا قونۇپ تۇرۇپ:

— ۋىچىر - ۋىچىر - ۋىچ، ئۆز دادام سويۇپ بەرگەن، ئۆگەي دەيۇز يەپ بەرگەن، جېنىمغىنا قېرىنداشىم تاختىۋېشىدا ساقلىغان، — دەپ سايراپتۇ. ئۆگەي ئانا بېشىدىكى قۇشقاچنى تۇتاي دەپ قولىنى سوزسا، ئۇ ئۇچۇپ يۈرۈپ سايراپتۇ. ھېچ ئىلاج قىلالمىغان ئۆگەي ئانا قىزلارنىڭ دادىسىغا:

— مەن تىنچ تۇرۇپ بېرەي، قۇشقاچ بېشىمغا قونغاندا، سەن تاياق بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرگىن، — دەپتۇ.

قۇشقاچ ئۇچۇپ كېلىپ ئۆگەي ئانىسىنىڭ بېشىغا قونۇپ، دادىسىنىمۇ قوشۇپ قاغاپ سايراۋېرىپتۇ. دادىسى تاياقنى ئىگىز

ئالتۇن، ئېپەكنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپ خاتىرجەم، تىنچ ياشاۋېرىپتۇ. ئارىدىن كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپ، پادىشا تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە ۋەزىرىنى ئەۋەتىپتۇ. ۋەزىرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلگەن بابكا دۇكىنىغا چىقىپ رەخت توقۇغان بولۇپ ئولتۇرۇۋاپتۇ. ۋەزىر دۇكانغا كىرىپ، ھەرقانچە قاراپمۇ ھېچنېمىنى كۆرەلمەپتۇ. ئەمما پادىشاغا «ھېچنېمە كۆرمىدىم، دەپ بارسام، مېنى ئەقىلسىزلار قاتارىغا قوشۇۋېتىدۇ» دەپ قورقۇپ، پادىشاغا رەخت توقۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى بايان قىپتۇ. پادىشانىڭ باشقا ئەمەلدارلىرىمۇ ئەقىلسىز ھېساپلىنىپ قېلىشتىن قورقۇپ، يوق رەختنى ماختىشىپ كېتىپتۇ. پادىشامۇ رەختنى كۆرەلمەپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەقىلسىزلارغا كۆرۈنمەيدىغان خۇسۇسىيىتىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئالتۇن ئېپەك رەختنى ماختاپتۇ. رەختنىڭ قاچان پۈتۈشىنى سۈيالەپ، ئەمەلدارلىرىنىڭ بىرىنى ئەۋەتىپتۇ.

ئەمەلدار بابكادىن رەخت توقۇلۇپ بولدى، پادىشاغا بىر قۇر ئالتۇن ئېپەك كېيىم تىكىلىۋاتىدۇ، ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە پادىشا كېيىدۇ، دېگەن جاۋاپنى ئېلىپ كەپتۇ.

ئارىدىن ئاز كۈن ئۆتۈپ قۇربان ھېيت يېتىپ كەپتۇ. ئالتۇن بىلەن ئېپەكتىن توقۇلغان كېيىم پۈتۈپتۇ.

پادىشا كۆزى كۆرمىگەن كېيىمنى ماختاپ، بابكاغا رەھمەت ئېيتىپ، ئۆز كېيىملىرىنى يېشىپ تاشلاپ، بابكا ئۆزى توقۇپ، ئۆزى تىككەن كېيىمنى كىيىپ، ھېيت نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن جامەگە مېڭىپتۇ، يېڭى كېيىمنى كىشىلەرگە كۆز - كۆز قىلىش مەقسىدىدە كوچا ئارىلاپتۇ.

پادىشانىڭ يالىڭاچ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن خالايىق تەئەججۈپلىنىپ، ئاۋال ئاستا: «پادىشا كوچىغا يالىڭاچ چىقىپتۇ!» دەپتۇ. كېيىن «يالىڭاچ پادىشا!»، «يالىڭاچ پادىشا!»، «ئەخمەق بولغان پادىشا!»، «ئالدانغان پادىشا» دەپ زاڭلىق قىلىپ قاتتىق

# ئەقىلسىز پادىشا

بۇرۇنقى زاماندا نامەلۇم بىر شەھەردە بىر پادىشا ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ ناھايىتى ئاچكۆز بولۇپ، خەلقنى ئۇرۇپ - سوقۇپ، بار - يوقىنى تارتىپ ئالىدىكەن.

بىر كۈنى ئەل - يۇرتنى ئارىلاپ يۈرۈپ، بىر بابكانىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۇنىڭ ئىپەكلىرىنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ئالمان - تالمان تارتىۋاپتۇ. بابكانىڭ يىغلاپ - قاخشاشلىرىمۇ پادىشانىڭ تاش يۈرىكىنى ئېرىتەلمەپتۇ. ئۇ پادىشادىن سوراپتۇ:

— جانابى پادىشاھى ئالەم، بۇ ئىپەك سىزگە نېمىگە كېرەك ئىدى؟

— گەزمال توقۇتۇپ كىيىم تىكتۈرىمەن، ئالتۇندىن كەشتە تۇتىمەن، — دەپتۇ پادىشا ۋە ئىپەكنى ئېلىپ كېتىپتۇ.

بابكا پادىشانىڭ ئەدۋىنى بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ - دە، ساقىلىنى قويۇپ بېرىپتۇ. ئاي ئۆتۈپ، يىل ئۆتۈپ ئۇنىڭ ساقىلى بىر غېرىچ كېلىپ، ئەل - يۇرت تونۇماس بوپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ پادىشانىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— مەن ئالتۇن بىلەن ئىپەكتىن رەخت توقۇيمەن، ئۇنىڭدىن ئۆزەم چاپان تىكىمەن. لېكىن ئۇ رەختنى پەقەت ئەقىللىق كىشىلا كۆرەلەيدۇ، ئەقىلسىز كىشى كۆرەلمەيدۇ، — دەپتۇ.

پادىشا ئۆزىنى ئەقىللىق ھېساپلايدىكەن، شۇڭا ئۇ بابكاغا نۇرغۇن ئىپەك، ئالتۇن بېرىپ، رەخت توقۇشنى بۇيرۇپتۇ. بابكا

# يۇرت مۇھەببىتى

ئۇزاق ئۆتمۈش زاماندا ياشىغان سۇلايمان پادىشا قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلىدىكەن. ئۇ پات - پاتلا تاغ ۋە ئورمانلارغا بېرىپ، قۇشلارنىڭ چۇرۇقلىشىپ سۆزلىشىشلىرىنى ئاڭلاپ، كۆڭۈل ئاچىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى پادىشانىڭ مەلىكىسى:

— پادىشاھى ئالەم، قۇشلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلايمەن دەپ تاغ - ئورمانلارغا بېرىپ ئاۋارە بولغاندىن كۆرە، مۇشۇ يەرگە چوڭ بىر باغ بىنا قىلدۇرۇپ، دۇنيادىكى بارلىق قۇشلارنى يىغىپ باقتۇرسىلا بولمامدۇ؟ بۇنداق بولغاندا، قۇشلارنىڭ پاراڭلىرىنى خالىغان چاغدا ئاڭلاپ كۆڭۈل ئاچقىلى بولىدۇ، قۇشلارمۇ يىمەكلىك ئىزلەپ ئاۋارە بولمايدۇ، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.

سۇلايمان پادىشا بۇ مەسلىھەتكە قوشۇلۇپتۇ ۋە مىڭلىغان ئادەملەرنى ئىشقا سېلىپ باغ ياسىتىشقا كىرىشىپتۇ. باغ بىرنەچچە يىلدا پۈتۈپتۇ. سۇلايمان پادىشا قۇشلارنىڭ پادىشاسى بۈركۈتنى چاقىرتىپ، يەر يۈزىدىكى بارلىق قۇشلارنى باققا سولاشقا بۇيرۇق بېرىپتۇ. بىرنەچچە يۈز قۇلنى قۇشلارنى بېقىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ھەممە ئىش پۈتكەندىن كېيىن، ۋەزىرلەر پادىشاغا: «ئەمدى باققا كىرىپ سەيلە - تاماشا قىلسىلا بولىدۇ» دەپ خەۋەر قىلىپتۇ. سۇلايمان پادىشا بۈركۈتنى چاقىرىپ:

— قۇشلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ بولدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ۋاقىراپتۇ. پادىشا ئۆزىنىڭ ئالدىنىپ رەسۋا بولغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئىقرار قىلغۇسى كەلمەي كېتىۋېرىپتۇ. خالايىقنىڭ ئارىسىدىكى باپكا ئۆچىيى ئۆزۈلگىچە كۈلۈپتۇ ۋە «خالايىقنىڭ ئۆچىنى ئالدىم» دەپ خوشال بوپتۇ. جامائەت ئارىسىدا «ئەخمەق ئادەم پادىشا بولالمايدۇ» دەپ غۇلغۇلا چىقىپتۇ ۋە پادىشانى ئاغدۇرۇۋېتىپ، ئەقىللىق باتكانى پادىشا قىپتۇ. باپكا ئەلنى ئادىل سوراپتۇ. پۇقرا غەم - قايغۇسىز ياشاپتۇ.

بۇ چۆچەك ئاندىرسوننىڭ «پادىشانىڭ يېڭى كىيىمى» دېگەن چۆچەكىگە ئوخشايدۇ. ئەمما، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۇرۇندىن بولسا كېرەك. بۇ چۆچەك 1962 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا بېسىلغان چۆچەكلەر توپلىمىدىمۇ بار

پادىشا بۇ جاۋاپنى ئاڭلاپ خىجىل بولۇپتۇ ۋە سۈڭگۈچنى باققا چىقىرىۋېتىپتۇ.

بىرنەچچە كۈنلەردىن كېيىن سۇلايمان پادىشا قۇشلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن باققا كىرسە. قۇشلار ناھايىتى روھسىز، پەيلىرى توزىغان ھالەتتە، باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ يۈرگىدەك. پادىشا بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ تۇرغىنىدا، ھۆپۈپ پادىشانىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ھۆرمەتلىك پادىشاھى ئالەم، مەن يۇرتۇمنى بەكمۇ سېغىنىپ كەتتىم، بىر كۈنلۈك رۇخسەت بەرسىلە. يۇرتۇمنى كۆرۈپ كەلسەم، — دەپتۇ.

— سەن كەلگىلى بىر ئايمۇ بولمىدى، سېنىڭ يۇرتۇڭ قانچىلىك ياخشى جاي ئىدى؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا.

— ۋاي پادىشاھى ئالەم، مېنىڭ يۇرتۇم سۈپ - سۈزۈك سۇلار ئېقىپ تۇرغان باغۇ - بوستانلىق، ساپ ھاۋالىق جاي، — دەپتۇ ھۆپۈپ. پادىشا رۇخسەت بېرىپتۇ. ھۆپۈپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ، پادىشا دەررۇ چوغۇندەك دىگەن قۇشنى چاقىرىپ، سەن ھۆپۈپنىڭ كەينىدىن سەزدۇرمەي ئۇچۇپ بېرىپ، ئۇنىڭ يۇرتىنى كۆرۈپ كەلگىن، دەپ ئەۋەتىپتۇ. چوغۇندەك ھۆپۈپنىڭ كەينىدىن ئۇچۇپتۇ يېرىم كۈن ئۇچقاندىن كېيىن، ھۆپۈپ بىر ئەسكى تاملىققا چۈشۈپتۇ. ھەممە تامغا بىر قېتىمدىن قونۇپ «ھۆپ - ھۆپ» دەپ سايراپتۇ. تام تۈۋىدە ئېغىناپ، توپىسىنى كۆزىگە سۈرتۈپ يىغلاپتۇ، ئاخىرى، ۋاقتى توشقاندا قايتىپ كېلىپتۇ. چوغۇندەكمۇ ئەگىشىپ قايتىپتۇ ۋە پادىشانىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئۇنىڭ يۇرتىنى كۆرۈپ كەلدىم، دەپ كۆرگەنلىرىنى مەلۇم قىلىپتۇ. سۇلايمان پادىشا: «ھەركىمگە ئۆز يۇرتى، ئۆز ۋەتىنى ئەلا ئىكەن» دەپ ئويلاپ قۇشلارغا ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىشقا بۇيرۇق بېرىپتۇ.

— سۈڭگۈچتىن باشقىسى كېلىپ بولدى، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ بۈركۈت.

سۇلايمان پادىشا دەرغەزەپ بولۇپ سۈڭگۈچنى ھەيدەپ كېلىشكە لاچىننى ئەۋەتىپتۇ. سۈڭگۈچ كەلگەندىن كېيىن پادىشا ئاچچىقلاپ:

— بارلىق قۇشلار چاقىرىلغان مۇھالەت ئىچىدە كېلىپ بولدى، سەن نىمىشقا بۇيرۇققا ئىتائەت قىلمايسەن؟ — دەپ ۋاقىراپتۇ.

— تەقسىر، مەن بۇيرۇقنى ئاڭلىغان ۋاقتىمدا، دۇنيادىكى ئەر - ئاياللارنىڭ سانىنى ھىساپلاۋاتاتتىم، شۇ سەۋەپتىن بىر - ئاز كېچىكىپ قالدىم، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ سۈڭگۈچ.

— خوش. ئۇنداق بولسا ئېيتىپ باقە. ئەر - ئاياللارنىڭ سانى قانچە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا.

— ئەرلەرگە نىسبەتەن بىر ئايال ئارتۇق چىقتى، — دەپتۇ سۈڭگۈچ.

— ئۇنداقتا سەن خاتا ھىساپلاپسەن، — دەپتۇ پادىشا، — ئاللاتائالا ئەر - ئاياللارنى ئوخشاش ياراتقان تۇرسا، نىمە ئۈچۈن بىر ئايال ئارتۇق چىقىدۇ؟

— تەقسىر، مەن ئايالنىڭ گېپىگە كىرگەن ئەرنىمۇ ئاياللار ھىساۋىغا قوشۇۋەتتىم.

— كىمنى ئاياللار قاتارىغا قوشۇۋەتتىڭ؟

— تەقسىر. بۇنى دېيىشتىن قورقىمەن.

— ھەرقانداق گۇنايىڭ بولسا كەچۈردۈم، دەۋەرگىن.

— ئۆزلىرىنى ئاياللار قاتارىغا قوشۇپ قويدۇم. چۈنكى سىلى مەلىكىنىڭ گېپىگە كىرىپ، ئۆز يۇرتلىرىدا ئەركىن ياشاپ يۈرگەن قۇشلارنى بىر يەرگە يىغىپ ئالدىلا، — دەپتۇ سۈڭگۈچ.

تۆت ئەخمەق ئەخمەقلىقنى تالىشىپ يەنە ئۇرۇشۇشقا باشلاپتۇ. ئۇرۇشقاندىمۇ شۇنداق ئۇرۇشۇپتۇكى، كىيىملىرىنى يىرتىشىپ، يۈز - كۆزلىرىنى قان قىلىشىپ، ئاخىر بولماي چوڭ ئەخمەقلىقنى ئايرىپ قويۇشنى تەلەپ قىلىشىپ، قازىنىڭ ئالدىغا بېرىشىپتۇ. قازى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ قاتتىق كۈلگىسى كېلىپ، ئەخمەقلەرنى تېخىمۇ ئەخمەق قىلغۇسى كېلىپ، كىمنىڭ چوڭ ئەخمەق ئىكەنلىكىنى بىلگۈسى كېلىپ، ئۇلارغا:

— ھەرقايسىڭلار ئۆز ئەخمەقلىقىڭلارنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىڭلار! مەن ھەممىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئايرىپ قوياي، — دەپتۇ. ئەخمەقلەرمۇ بۇنىڭغا ماقۇل بولۇشۇپتۇ.

بىرىنچى ئەخمەق سۆز باشلاپتۇ:

— بىر كۈنى ئۆيىمىزدە ئوتۇن تۈگەپ قالغان ئىكەن. دەرۋازا ئالدىدىكى ئىگىز تېرەكنىڭ شېخىدىن كېسىپ ئوتۇن قىلماقچى بولۇپ، شاخنىڭ ئۇچىغا چىقىپ پەس تەرىپىنى كەسكەن ئىدىم. كېسىلگەن شاخ بىلەن ئىگىز تېرەكتىن يەرگە موللاق ئېتىپ چۈشۈپ، يامپىشىم سۇنۇپ كېتىپ، بەش يىلغىچە كېرەككە كەلمىگەن ئەخمەقمەن، — دەپتۇ.

— مەن، — دەپتۇ ئىككىنچى ئەخمەق، — خوتۇنۇم ھامىلدار ئىدى، ئۇنىڭ ئاي - كۈنى توشۇپ، بىر چاغدا تولغاق تۇتۇشقا باشلىدى. تولغاق قىستاپ بالىنىڭ دۇنياغا كېلىش ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالدى. ھاياتىمدا بالا يۈزى كۆرمىگەنلىكىم ئۈچۈن، كۆز ئالدىمدىكى سۆيۈملۈك پەرزەنتىمنى ياخشى كۆتۈۋالغۇم كەلدى - دە، بىر داسقا توشقىچە سۇ قۇيۇپ بالا چۈشىدىغان يەرگە قويدۇم. مۇنداق قىلىشىمدىكى مەقسەت بالا يەرگە قاتتىق چۈشۈپ، بەدىنىنىڭ ئاغرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىدى. شۇنداق قىلىپ بالا تۇغۇلۇپ ھېلىقى داستىكى سۇغا چۈشتى. قارىسام، شۇنداق كېلىشكەن بىر ئوغۇل دېمەمسىز! بىر

# تۆت ئەخمەق

ئۆتكەن زاماننىڭ بىرىدە تۆت ئەخمەق ئۆتكەن ئىكەن، تۆتىلىسى ئەخمەقلىقتە چېكىگە يەتكەن ئىكەن. ئۇلار ھەر كۈنى كوچا دوقمۇشىغا توپلىشىۋېلىپ، ئۆزلىرىنى ماختىشىدىكەن. ئەرزىمەس گەپنى بىر ھازاغىچە تالىشىدىكەن. بىر كۈنى ئۇلار شۇنداق قۇرۇق گەپ تالىشىپ تۇرغىنىدا، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئورۇق ئېشىكىنىڭ لىڭگىلاچىغىغا چولاق كەتمەننى قىستۇرۇۋالغان بىر يانتاقچى بوۋاي ئۇلارغا سالام قىلىپ ئۆتۈپتۇ. تۆت ئەخمەق يانتاقچى بوۋاينىڭ سالىمىنى تالىشىپ قاپتۇ. بىرسى «سالامنى ماڭا قىلدى» دېسە، يەنە بىرسى «ماڭا قىلدى» دەپ، ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ گېپىنى راست قىلىشقا تىرىشىپ تالىشىۋېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئەخمەقلىقى چېكىگە يېتىپ ئۇرۇشۇشقا باشلاپتۇ. ئاجراتقىلى ئادەم يوق. ئاغزى - بۇرنى قان بولغىچە مۇشتلىشىپتۇ. ئاخىرى بولماي بىر مەسلىھەتكە كېلىپ، يانتاقچى بوۋاينىڭ سالامنى كىمگە قىلغانلىقىنى ئۆزىدىن بىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈشۈپتۇ. ئۇلار بىر ھازا شۇنداق يۈگۈرۈشكەندىن كېيىن يانتاقچى بوۋايغا يېتىشىپتۇ ۋە بوۋايدىن:

— بوۋاي! سىز مۇبارەك سالىمىڭىزنى قايسىمىزغا قىلدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ. بوۋاي بۇ بىكار تەلەپ ئەخمەقلەرنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن، قايسىڭلار چوڭ ئەخمەق بولساڭلار سالامنى شۇنىڭغا قىلدىم، دەپتۇ - دە، ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ.

ئۈچۈن، يەتتە يىلدىن بۇيان ھەر يىلى ئىمارەت سېلىپ، ھازىرغىچە دەرۋازىنى دەمگە تۇغرىلىيالماي ئاۋارە بولۇپ يۈرگەن ئەخمەقمەن.

بۇلارنى ئاڭلىغان قازى تۆتىنچى ئەخمەقنى — ئەڭ چوڭ ئەخمەق ئىكەنسەن. يانتاقچى بوۋاينىڭ سالمى ساڭا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك دەپتۇ. تۆتىنچى ئەخمەق قازىدىن ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ — جانابى ئاللىرى. ئىنتايىن ئادالەتلىك قازى ئىكەنلا. ئۆزلىرىنىڭ ھەققانىي خىزمىتى ئۈچۈن — دەپتۇ - دە، ئۈچىسىدىكى ئىسسىل يېڭى تونىنى قازىغا يېپىپ قويۇپتۇ.

(بۇ چۆچەك «ئوچ ئەخمەق» دېگەن چۆچەككە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەمما، ئەخمەقلەرنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى ئوخشىمايدۇ)

كەلگۈسى خوجايىنىنى سۇدا بىردەم ھوزۇرلىنىپ يېتىۋالسۇن دەپ بىر ھازاغىچە قويدۇم. شۇندىن كېيىن قولۇمدا سۈزسەم بەدىنى ئاغرىپ كېتەرمىكىن دەپ ئويلاپ، ئۇستىلىق بىلەن چويلىدا سۈز-دۇم. ئاندىن نېمە بولدى، دېمەمسىز؟ قارىسام سۆيۈملۈك ئوغلۇم ئاللىقاچان سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلگەن ئىكەن. شۇندىن كېيىن بالىسىز ئۆتكەن ئەخمەقمەن.

— مەن، — دەپتۇ ئۈچىنچى ئەخمەق، — شۇنداق بىر ياخشى كالام بار ئىدى. ئۇنىڭغا ھويلامدىكى نودا ھەلەپ بەردىم. كالام ھەلەپ يەيمەن دەپ، بېشى نوغا قاپلىشىپ قاپتۇ. كالامنىڭ ئۆ-لۈپ قېلىشىدىن تولىمۇ ئەنسىرىدىم. شۇنچە ھەپىلىشىپمۇ كالامنى نودىن ئاجرىتالمىدىم. بىردىن - بىر تەۋەررۈكۈم شۇ كالا ئىدى. ئۇنىڭ نودىن ئاجرالماي ئۆلۈپ قېلىش خەۋپى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. ئاخىر بولماي كالامنى قۇتقۇزۇۋېلىش نىيىتىدە، ئۇنىڭ بويىنىدىن كېسىپ گەۋدىسىنى قۇتقۇزۇپ قالدىم. لېكىن كالىسىنى نودىن ئاجرىتالماي ئاخىرى نونى پالتا بىلەن يېرىپ، كالىنىڭ بېشىنى ئاجرىتىۋالدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ھازىرغىچە كالىسىز ئۆتكەن ئەخمەقمەن.

— مەن، — دەپتۇ تۆتىنچى ئەخمەق، — بىر يۈرۈش ياسىداق ئىمارەت سالماقچى بولۇپ، مىڭبىر مۇشەققەتتە بىر يىلدا ئاران ئىمارىتىمنى پۈتتۈردۈم. ئىمارەت پۈتكەندىن كېيىن، ئالدىن تەييارلاپ قويغان دەمنى دەرۋازىغا تەڭلەپ كۆرسەم، دەم ئۇزۇن كېلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىمارەتنى پۈتۈنلەي چۇۋۇپ، دەر-ۋازىنى كەينىگە بىرئاز تارتىپ ئىمارەتنى باشقىدىن سالدىم. بۇ قېتىم دەم قىسقا كېلىپ قالدى. دەمگە دەرۋازىنى توغرىلاش ئۈچۈن يەنە باشقىدىن سالدىم. بۇ قېتىم يەنە دەم ئۇزۇن كېلىپ قالدى. دەمنىڭ ئۇزۇن تەرىپىنى كېسىۋەتەي دېسەم، دەملىك ياغىچىم بەك بەلەن ئىدى. دەملىك ياغىچىمنى ئاياپ قېلىش

سىنى بۇيرۇساق خىزمىتىمىزدە، چاقىرساق ئالدىمىزدا ھازىر بولۇپ، نىمە دىسەك شۇنى ئاڭلايدىغان. ئىگە - چاقىسىز، يۇۋاش. ياخشى بىر يىگىتكە چىتىش ئارمىنىم بار. سەن مۇشۇ گەپلىرىمنى قولىڭدا چىڭ تۇتۇپ، باشقىلارنىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپ كەتمىگىن، — دەپ جىكىلەپتۇ.

كۈن ئۆتۈپتۇ، ئاي ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى شاپتى يېزىسىغا بىر زەرگەر پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئۇ كەسپىگە كامىل، كەمسۆز، خۇش چىراي، قاۋۇل. مۇلايىم يىگىت بولۇپ. قولى گۈل ئىكەن. ئۇنىڭ ھۈنىرىدىن خەۋەر تاپقان كىشىلەر ئۇنىڭغا كەينى - كەينىدىن رىشەت بۇيۇملىرىنى بۇيرۇتۇپتۇ. ھېزىمهاجىمۇ قىزىغا ئاتاپ بىرنەچچە جۈپ ھالقا، بىلەيزۈك، ئۈزۈك بۇيرۇتۇپتۇ. زەرگەر يىگىت بۇيرۇتمىلارنى ھەم تېز، ھەم كۆركەم قىلىپ ياساپ بېرىپتۇ. سىمكار توغرىسىدا گەپ قىلماپتۇ. «باي نەدە؟ ۋاي شۇ يەردە» دىگەندەك، ھېزىمهاجى يىگىتنىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن ناھايىتى تەسلىكتە ئاران بىر ھالقىنىڭ سىمكىرىغا توغرىلاپ پۇل چىقارماقچى بولۇپتۇ. باي ئۆزى گەپ تالىشىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، پۇلنى قىزىدىن چىقارماقچى بولۇپتۇ. شۇ چاغدا قىز ئوڭايسىزلىنىپ:

— دادا، بۇ پۇلىڭىز بەك ئاز، — دەپتۇ.

— بۇ ئارقىلىق زەرگەرنىڭ ئادىمگەرچىلىكىنى سىناپ كۆرمەمدۇق، قىزىم، — دەپتۇ دادىسى، — راستىنلا ئادىمگەرچىلىكى بولمىسا، پۇلنىڭ ئاز - كۆپلۈگى ھەققىدە سۆز ئاچىدۇ.

— ئەگەر پۇلىڭىز ئاز بولۇپ قاپتۇ، تولۇقلاپ چىقىڭ، دىسە قانداق قىلىمەن؟ — داپ سوراپتۇ قىز دادىسىدىن. باي:

— يىگىت شۇنداقلا دەيدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئادىمگەرچىلىكىنىڭ يوقلۇغى مەلۇم بولىدۇ. ئۇنداق ئادەملەرگە قانچە پۇل بەرسەڭمۇ رازى بولمايدۇ. شۇڭا سەن: «ئەجرىڭىزگە لايىق

# گاس كۆيوغۇل

ئۇرۇنىنىڭ ئۇرۇنىسىدا، يېقىنىنىڭ ئۇزۇنىسىدا، ھاپتى بەگلىگىنىڭ شاپتى يېزىسىدا ھېزىمھاجى ئىسىملىك بىر باي ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ بايلىقلىرى قاپ - قاچىسىدىن تېشىپ، ئۆز ئېھتىياجىدىن ئېشىپ تۇرىدىغان بىر دۆلەتمەن ئادەم بولسىمۇ، لېكىن «ئوتى بار يەرنىڭ سۇيى يوق، سۇيى بولسا ئوتى يوق» دىگەندەك، پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەن ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭ كېلىپ، تەڭرى ئۇنىڭغا ئۈچىنچى خوتۇنىدىن بىر قىز ئاتا قىپتۇ. بۇ ھېزىمھاجى ئۇچۇن ئاسماندىكى تولۇن ئاي ئۆز ئۆيىگە كۆچۈپ چۈشكەندەك ئىش بولۇپتۇ. شۇڭا ئۇ قىزىنىڭ ئىسمىنى ئاينۇر قويۇپتۇ. باينىڭ ئەتىۋالاپ باققىنىغا يارىشا قىزى ئاينۇر ئاي دىسە ئايدىن يورۇق. كۈن دىسە كۈندىن نۇرلۇق بىر ساھىپجامال بولۇپ يېتىلىپتۇ. قىز رېسىدە بولغاندا تەرەپ - تەرەپتىن ئەلچىلەر كېلىشكە باشلاپتۇ. باي لايىقلارنىڭ بىرىنى ئاتلىق، بىرىنى پىيادە، بىرىنى پەس، بىرىنى ئەلەس؛ بىرىنى ئورۇق، بىرىنى سېمىز كۆرۈپ، قىزىنى ياتلىق قىلىشقا كۆزى قىيماي ئەلچىلەرنى قايتۇرۇۋېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئاينۇر قىز ياتلىق بولۇش مەزگىلىدىنمۇ ئېشىپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى باي قىزىنى چاقىرىپ:

— قىزىم، سەن گۈزەل ۋە ئەقىللىق چوڭ بولدۇڭ. مەن سېنىڭ بىزدىن ئايرىلىپ كېتىشىڭنى ھەرگىز خالىمايمەن. شۇڭا

نىڭ قىزىغا ئۆيلىنىش توغرىسىدىكى ئارزۇسى ئۇرۇق - تۇققانلىرى ئارقىلىق باينىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزۈلۈپتۇ. لېكىن ھېچكىم يىگىتنىڭ گاسلىقىنى قىز تەرەپكە بىلدۈرمەپتۇ. ھېزىمھاجى قوسىقىدا ئۇرغۇن چوت سوقۇپ، ئاخىرى قىزنى بېرىشكە ماقۇل كەپتۇ. توي كۆڭۈلدىكىدەك ئۆتۈپ، قىز يىگىتنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈلۈپتۇ. ھېزىمھاجى كىشىلەرنىڭ سۆز - چۆچەك قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، قىزنىڭ يىگىتنىڭ ئۆيىدە بىر مەھەل تۇرۇشىغا ماقۇل كەلگەن ئىكەن.

ئەمدى قىز بىلەن يىگىتكە كەلسەك، يېڭى ئۆيىدە قىز تارتىنىشتىن سۆزلىمەيدىكەن، يىگىت گاسلىقى بىلىنىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ سۆزلىمەيدىكەن. قىز بۇنى «ھودۇققانلىقتىن بولغان ئىش» دەپ ئويلاپ يىگىتنى ئوبدان كۈتۈپتۇ. يىگىتمۇ قىزنىڭ كۆڭلىنى ئاپتۇ. ئىككىيلەن بىر - بىرىگە ئۆگىنىشىپ قاپتۇ. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن يىگىتنىڭ گاسلىقى قىزغا مەلۇم بولۇپ قاپتۇ. قىز يىگىتنىڭ گاسلىقتىن باشقا ھېچقانداق ئەيىبىنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ ئېرىگە ئىچ ئاغرىتىپتۇ ھەم ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ بۇ ئىشنى بىلىندۈرمەپتۇ. لېكىن بۇنى ئاتا - ئانىسىنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ھېزىمھاجى ئېغىر بىتاپ بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. قىز ئېرىنىڭ گاسلىقىنى ئاتا - ئانىسىنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ ئۆزىلا بېرىش قارارىغا كەپتۇ. بۇنىڭغا ئېرىمۇ ماقۇل بولۇپتۇ. قىز دادىسىنىڭ يېنىدا بىر مەھەل تۇرۇپتۇ. بىر كۈنى ھېزىمھاجى قىزىدىن نېمە ئۈچۈن كۈيئوغلىنىڭ ئۆزنى يوقلاپ كەلمىگەنلىكىنى سوراپ قاپتۇ. قىز ئېرىنىڭ ئوقەت قىلىمەن دەپ سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ دادىسىنى گوللاپتۇ. دادىسى سوراۋەرگەندىن كېيىن، قىز نائىلاج ئېرىنى باشلاپ كېلىش ئۈچۈن ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ ۋە بولغان گەپ - سۆزلەرنى ئېرىغا ئىما - ئىشارەتلەر بىلەن ئۇقتۇرۇپتۇ. ئېرى:

بەردۇق» دەپلا ئالدى – كەيىنكىگە قارىماي قايتىپ كېلىۋەر، – دەپتۇ.

– ئەگەر پۇلنى ئېلىپلا بىرنېمە دېمىسە قانداق قىلىمەن؟ – قىز يەنە سوراپتۇ.

– ئۆزەڭ بىلىپ بىرنېمە قىلارسەن، – دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ دادىسى.

قىز دادىسىنىڭ بەرگىنىنى ئېلىپ چىقىپ زەرگەر يىگىتكە تەگلەپتۇ. يىگىت قىزنىڭ گۈزەل سىياقىغا مەھلىيا بولغىنىدىن تىلى گەپكە كەلمەي قاپتۇ. ئۇ، پۇلنى قولىغا ئېلىپلا يۈز - كۆزىگە سۈركەپتۇ ۋە ئۈن - تىنسىزلا تۇرۇپ قاپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن قىز: «دادام ئارزۇ قىلغان كۈيوغۇل ئېھتىمال مۇشۇ بولسا كېرەك، – دەپ ئويلاپتۇ كۆڭلىدە، – رەھمەتتىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن تۇرىدىغان ھۆرمەت - ئېھتىرامىنى ئىپادىلەپ پۇلنى يۈزىگە سۈرتتى، بۇنىڭدىن ئادىمىگەرچىلىكى ئايان. يىگىتنىڭ قايتماي تۇرغىنىدىن قارىغاندا، مېنى ياقتۇرۇپ قالغاندەك قىلىدۇ. مەن دادام ئېيتقاندەك لايىغىدا مۇئامىلە قىلاي» قىزنىڭ خىيالى شۇ يەرگە كەلگەندە، ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ، بولغۇسى كۈيەسىگە ئاتاپ تىككەن بىر تاماكا خالتىسىنى ئېلىپ چىقىپ يىگىتكە تەقدىم قىلىپتۇ. يىگىت خۇشاللىقىدىن بېشى ئەرشى - ئەلاغا يەتكەندەك بولۇپتۇ - دە، قىزغا يېنىشلاپ تازىم قىلىپ، يولغا راۋان بولۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى ياشنىڭ قەلبى مۇھەببەت رىشتىسى بىلەن باغلىنىپتۇ.

زەرگەر يىگىت ئەسلىدە بىر يېتىم ئوغۇل بولۇپ، ئاتا - ئانىسىدىن قالغان مال - بىساتلىرىمۇ خېلى بار ئىكەن، لېكىن گاس ئىكەن. ئۆزى زېرەك بولغىنى ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى ئىما - ئىشارەت ئارقىلىق بىلىپ بىجا كەلتۈرىدىكەن. شۇڭا كىشىلەر ئۇ يىگىتكە ئامراق ئىكەن. گاس يىگىتنىڭ ھېزىمھاج-

— ئەھۋالىم قانداق بولاتتى، ئۆلەي دەپ قالدىم. ھالىغا يەتمىگەن نائەھلىگە دەيدىغان گېپىم يوق، — دەپتۇ.

قېيناتىسىنىڭ ساقلىق لىكىلداپ، ئاغزى مىدىرلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن كۆيىئوغۇل: قېيناتام «ئەھۋالىم يامان ئەمەس، خۇداغا شۈكرى، ياخشىلىنىپ قېلىۋاتىمەن» دىگەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ:

— ئىنشائاللا، ئىنشائاللا، ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ھېزىمھاجى ئاۋال قولاقلىرىغا ئىشەنمەپتۇ. كېيىن غەزىۋى تېخىمۇ ئۆرلەپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ:

— يوقال كۆزۈمدىن! — دەپ ۋاقىراپتۇ.

ھېچنىمىنى ئاڭلىمىغان كۆيئوغۇل بىر پەس ئۆتكەندىن كېيىن:

— قايسى تېۋىپقا كۆرۈنۈۋاتىلا؟ — دەپ سوراپتۇ. ئاچچىغى بېسىلمىغان باي:

— قايسى تېۋىپقا كۆرۈنەتتىم، ئەزرائىلغا كۆرۈنۈۋاتىمەن! — دەپتۇ.

ھېچنەرسىنى سەزمىگەن كۆيئوغۇل ئىسكەتنى بۇزماي ئولتۇرۇپ «قېيناتام تېۋىپ - ئەمچىلەرنىڭ ئىسمىنى، يىگەن دورىسىنى ئېيتتى بولغاي» دەپ پەرەز قىلىپ، خوتۇنىنىڭ ئۆگىتىپ قويغىنى بويىچە تەسەللى ئېيتىمەن، دىگەن ئوي بىلەن:

— ھەببەللى، ئەجەپ ياخشى قىلىپلا، ئەنە شۇلا ئەڭ تەجرىبىلىك تېۋىپ، ئۆزلىرىدەك ئېغىر كېسەلنى ئۇنىڭدىن بۆلەك ھېچكىم داۋالىيالمايدۇ، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلاپ ھېزىمھاجىنىڭ بېشىدىن تۈتۈن چىقىپ، دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. كۆيئوغۇل بولسا سوراشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

— قېيناتا، نىمە تاماق يەۋاتىلا؟ پەرھىز تۇتىلىمۇ؟

— ھوي بەتبەخ، يوقال كۆزۈمدىن! سوراۋەرگىنىنى قارا

— مېنىڭ قۇلىغىم ئېغىر تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىچى قېيناتام بىلەن كۆرۈشمىگەن تۇرسام، گېپىنى ئاڭلىماي قېلىپ، گېپىگە گەپ ياندۇرالماي، كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويارمەنمۇ؟ — دەپتۇ ۋە ئاۋال قېيناتىسىغا ئۆزىنىڭ قۇلىقى ئاغرىپ قېلىپ ئاڭلىماس بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇشىنى، ئاندىن بېرىشنى مەسلىھەت قىپتۇ. خوتۇنىسى ماقۇل دەپتۇ، لېكىن دادىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ھازىر ئوغرى - يالغان كۆپىيىپ قالدى، ھەر ئىككىمىز ئۆينى تاشلاپ كەتسەك بولمايدىكەن. شۇ كۈيوغلىڭىز ئۆي ساقلىمىسا بولمىغىدەك، — دەپتۇ.

ھېزىمھاجىنىڭ جان - پېنى چىقىپ، دەرغەزەپكە كەپتۇ-دە، «مەن بىر تىنىقتا جان قايغۇسىدا ياتسام، ئۇ مال .. دۇلۇك غېمىدا قاپتىمۇ؟» دەپ ئاچچىقلاپتۇ ۋە قىزىنى ئېرىدىن ئاجرىشىشقا بۇيرۇپتۇ. قىز ئاجرىشىپ كېتەي دىسە ئېرىنىگە چىدىمايدىكەن، ئاجراشماي، دىسە دادىسىنىڭ ئاچچىقى يامان ئىكەن. قىز ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى بىر ئەقىل تېپىپتۇ ۋە ئېرىنىڭ دادىسىنىڭ ئالدىغا بارغاندا قانداق قىلىشى، قانداق ھال - ئەھۋال سورىشى توغرىسىدا ئېرىغا ئىما-ئىشارەت بىلەن بىر - بىرلەپ ئۆگىتىپتۇ.

قىز بىلەن يىگىت ئەتىسى سوغا - سالاملارنى ئېلىپ، ھېزىمھاجىنىڭ كېسىلىنى كۆرگىلى كەپتۇ. كۈيوغلىنى كۆرگەن باينىڭ سەپراسى ئۆرلەپ، كايىشقا باشلاپتۇ.

يىگىت خوتۇنىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە قېيناتىسىغا تازىم بىجا كەلتۈرۈپتۇ. ئاندىن:

— قېيناتا، قانداق ئەھۋاللىرى، خېلى ياخشىلىنىپ قېلىۋاتامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ھېزىمھاجى ۋاقتىدا يوقلاپ كەلمىگەن بۇ كۈيوغلىغا دوق قىلىپ؛

## دانىشمەننىڭ جاۋابى

ئەقىل - پاراسىتنىڭ ئۆتكۈرلۈگى، قىلغان ھۆكۈمىنىڭ توغرىلىغى بىلەن شۆھرەت تېپىپ، دانىشمەن نامىنى ئالغان بىر كىشى ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ دانىشمەنلىگى ھەرقانداق ئىشتا ئەمەلىي ئەھۋالنى نەزەردە تۇتقانلىغىدىن ھاسىل بولغان ئىكەن.

ئۇنىڭ داڭقى شەھەرنىڭ پادىشاسىغا يېتىپتۇ. پادىشا ئۆزىنى دانا ھىساپلايدىكەن، شۇڭا ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى شەۋكىتىنىڭ خىرەلىشىپ قالماسلىغى ئۈچۈن ھېلىقى كىشىنىڭ دانىشمەنلىگىنى يالغانغا چىقىرىپ، ئۇنى لەت قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ - دە، دانىشمەنى ھوزۇرىغا چاقىرتىپتۇ.

پۈتكۈل ساراي ئەھلى جەم بولغاندا ئالتۇن تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان پادىشا:

— سەندىن بىرلا سوئال سوراپ دانىشمەنلىگىڭنى سىناپ باقماقچىمەن، — دەپتۇ دانىشمەنگە ۋەزىر - سىپاھىلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىۋالغىنىنى بويىچە، — توغرا جاۋاپ بەرسەڭ ئىنئام ئالىسەن، خاتا جاۋاپ بەرسەڭ جازاغا تارتىلىسەن، بۇنىڭغا نىمە دەيسەن؟

— بولىدۇ، تەقسىر، قېنى سوئاللىرىنى سورىسىلا، — دەپتۇ دانىشمەن.

— قېنى، جاۋاپ بەر، ھازىر مېنىڭ كۆڭلۈمدە نىمە

بۇنىڭ، — دەپتۇ باي جان ئاچچىغىدا، — نىمە تاماق يەيتتىم، سەكرات يەۋاتىمەن، سەكرات!

گاس كۆيۈغۇل «قىيناتام يەۋاتقان تاماقلىرىنى تونۇشتۇردى بولغاي» دەپ ئويلاپ:

— ھەببەللى، مانا مۇشۇلارلا سىڭىشلىق تاماق، كۆپرەك يەپ بەرسلە، ئۆزلىرىگە بۇنىڭدىن باشقىسى بىكار، — دەپتۇ.

ھېزىمھاجى غەزەپلىنىپ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپتۇ - دە، قوشۇق - تاۋاق، لىگەن، ياستۇق... ئىشقىلىپ قولىغا چىققان نەرسىلەرنى ئېتىپ، كۆيۈغلىنى قوغلاپتۇ، دات - پەريات سېلىپ ئۆينى بېشىغا كىيىپتۇ، بۇنىڭ بىلەن كېسىلى تېخىمۇ قوزغىلىپ كېتىپ، بولالماي نەپسى ئۈزۈلۈپتۇ. ئېرىقى ئۆيدە تاماققا تۇتۇش قىلىۋاتقان قىز ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ چىقىپ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن، نىمە قىلىشنى بىلمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ. قىزنىڭ ئانىسى بولسا ھېچبىر يۈز - خاتىرە قىلماستىن:

— مۇرەببەمنى تۆلە! — دەپ كۆيۈغلىنىڭ ياقىسىدىن ئاپتۇ ۋە قازىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ قىزىنى ئاجراشتۇرۇۋاپتۇ.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن قىز راست گەپ قىلىش لازىملىقىنى ھىس قىلىپ، ئانىسىنىڭ پۇتىغا يىقىلىپ، ئېرىنىڭ گاسلىقىنى يوشۇرغانلىق گۇناھىنىڭ ئۆزىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئەپۇ سوراپتۇ. لېكىن ئانا كۆنمەپتۇ. شۇنداق قىلىپ قىز مېھرىۋان دادىسىدىن، كۆيۈمچان ئېرىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ.

رىۋايەتلەردىكى «ئاغرىقنى يوشۇرساڭ ئۆلۈم ئاشكارا» دىگەن ماقال شۇنىڭدىن قالغانمىش.

# ئوتۇنچىنىڭ قىزى

بۇرۇنقى زاماندا ھىسار شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى جاڭگال
لىقتا بىر كەمبەغەل ئوتۇنچى بوۋاي ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ
تاھايىتى ئەقىللىق بىر قىزى بولۇپ، بۇ قىز دادىسىنىڭ ئاش-
تامىقىنى ئېتىپ، كىر-قاتلىرىنى يۇيۇپ، ئۆي ئىشلىرىنى باشقۇرى
دىكەن. ئوتۇنچى بوۋاي بولسا ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە ئىشىكىنى
ھەيدەپ جاڭگالدىن ئوتۇن يىغىپ، ئۇنى شەھەرگە ئاپىرىپ
سېتىپ تىرىكچىلىك قىلىدىكەن.

بۇ شەھەردە ھېكىم باي ئاتلىق بىر باي بولۇپ، تولىمۇ
ھىلىگەر، ئالدامچى ئىكەن. ئۇ دائىم ئوتۇنچىلاردىن ئوتۇن ئالسا
«ئوتۇننى ئىشەك بىلەن ئالغان» دەپ كۆكەمسىلىك قىلىپ ئوتۇن
چىلارنىڭ ئىشىكىنى تارتىۋالىدىكەن. ئۇنىڭ شەھەر قازىسى
بىلەن كۆڭلى يېقىن بولغانلىقتىن، ئوتۇنچىلارنىڭ ھەر قانداق
دەۋاسى ئاقمايدىكەن، ئوتۇنچىلار ھېكىم باينىڭ دەستىدىن قاڭغىر
قاقشاپ، تولىسى خانىۋەيران بولۇپ كەتكەن ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى، ئوتۇنچى بوۋاي ئوتۇنلىرىنى ئىشەك
كە ئارتىپ شەھەرگە كىرىپتۇ. ئوتۇن بازىرىغا كىرە - كىرمەيلا
ھېكىم باي ئۇنىڭ قېشىغا كەپتۇ - دە، سوراپتۇ:

— ئوتۇنۇڭنى قانچە پۇلغا ساتىسەن؟

— ئوتۇنغا ئون يارماق بەرسىلە، — دەپتۇ ئوتۇنچى بوۋاي.

ھېكىم باي گەپ قىلماي ھەميانىنى چىقىرىپ، بوۋاينىڭ

مۇددىئا بار؟

— سىلىنىڭ كۆڭۈللىرىدە، — دەپتۇ دانىشمەن ھېچبىر قىينالمايلا، — مېنى يالغانچى قىلىش مۇددىئاسى بار.

پادىشا بۇ جاۋاپنىڭ توغرىلىغىغا تەن بېرىپ، بۇ كىشىنىڭ دانىشمەنلىكىگە قايىل بوپتۇ ۋە ئۇنىڭغا يۈز تىللا ئىنئام بېرىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ قىز، — ماڭا بىر ئۇلاق ئوتۇن تەييارلاپ بېرىڭ، باينىڭ ئەدىۋىنى ئۆزەم بېرىمەن.

ئەتىسى ئوتۇنچى بوۋاي جاڭگالدىن بىر ئۇلاق ئوتۇن يىغىپ ئۇنى خوشنىسىنىڭ ئىشىگىگە ئارتىپ قىزنى شەھەرگە يولغا ساپتۇ. قىز شەھەردىكى ئوتۇن بازىرىدا ھېلىگەر ھېكىم بايغا ئۇچراپتۇ. ئۇنى دادىسى سۆزلەپ بەرگەن بەلگە بويىچە تونۇپ، ئوتۇنغا ئون يارماق باھا قويغاندىن كېيىن، باينىڭ بۇ پۇلنى ئۆز قولى بىلەن بېرىدىغانلىغىنى، ئوتۇننى شۇنداق كېلىشىپ ئالغانلىغىنىڭ راستلىغىغا مۆھۈرلۈك خەت بەرمىسە ئوتۇننى ساتمايدىغانلىغىنى ئېيتىپتۇ. بۇنىڭ تېگىدە نىمە سىر بارلىغىنى بىلەلمىگەن باي ماقۇل بولۇپ، قىزنىڭ دىگىنى بويىچە خەت پۈتۈپ، ئۇنىڭغا مۆھۈرىنى بېسىپتۇ ۋە پۇلنى ئۆيىدە بېرىدىغانلىغىنى ئېيتىپتۇ.

قىز ھېكىم باينىڭ ھويلىسىغا بېرىپ ئوتۇننى چۈشۈرگەندىن كېيىن، باي قىزغا ئون بەش يارماق تەڭلەپتۇ. قىز پۇلنى ساناپ كۆرۈپ، ئارتۇق بەش يارماقنى قايتۇرۇپتۇ ۋە:

— ئوتۇننى ئون يارماق بىلەن سىزنىڭ قولىڭىزغا ساتقان ئىدىم. ئون يارماق پۇلنى ئالدىم، قولىڭىزنى كېسىپ بەرمىسىڭىز بولمايدۇ، — دەپتۇ.

باي بۇ گەپتىن قاتتىق چۆچۈپ قىز بىلەن زاكۇنلىشىپتۇ. قىزمۇ بوش كەلمەپتۇ. ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ئاڭلىغان ئەل - جامائەت ھويلىغا يىغىلىپتۇ. قىز باي يېزىپ بەرگەن مۆھۈرلۈك خەتنى جامائەتكە كۆرسىتىپتۇ ۋە باينى قازىنىڭ ئالدىغا سۆرەپتۇ. باي قازىنىڭ ئالدىغا بېرىشقا مەجبۇر بولۇپتۇ. قازى قىزنىڭ دەۋاسىغا بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي: «ئوتتۇرىدا پۈتۈك بولمىسا، دەۋا باتىل بولۇر» دەپ ھېكىم بايغا يان بېسىپتۇ. قىز نۇرغۇن كىشىلەر جەم بولغان قازىخانىدا باي ئۆز قولى بىلەن يېزىپ

قولىغا بىر مۇنچە يارماقلارنى تۇتقۇزۇپ:

— ئەمىسە ھويلامغا ھەيدەپ ماڭ! — دەپتۇ.

ئوتۇنچى بوۋاي باينىڭ نەرق تالاشمىغىنىغا خوش بولۇپ، ئىشەكنى ھەيدەپ باينىڭ ئارقىسىدىن ماڭغاچ پۇلىنى سانىسا، ئون بەش يارماق ئىكەن. ئوتۇنچى بوۋاي ئارتۇق بەش يارماقنى قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولۇپتۇيۇ، «بۇنى خەيرى - ئېھسان ئورنىدا بەرگەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ گەپ قىلماپتۇ.

ئوتۇنچى بوۋاي باينىڭ ھويلىسىغا ئوتۇننى چۈشۈرۈپ بەرگەندىن كېيىن ئىشەكنى ھەيدەپ قايتىشقا تەمشىلىپتۇ. ئەمما ھېكىم باي ئىشەكنىڭ چۇلۋۇرىغا ئېسىلىپ «ئىشەكمۇ مېنىڭكى» دەپ ئۆكتەملىك قىلىپتۇ.

— تەقسىر، مەن ئوتۇننى ئىشىكىم بىلەن ساتمىغان ئىدىم، — دەپتۇ ئوتۇنچى بوۋاي يالۋۇرۇپ.

— مۇتىھەملىك قىلما، ئوتۇننى ئىشەك بىلەن قېتىپ ئالمىسام، ساڭا شۇنچىۋالا پۇلنى بېرەمتىم؟ — دەپتۇ ھېكىم باي بوۋايغا گۈكىرەپ، — ئەگەر بۇنىڭغا رازى بولمىساڭ قازىنىڭ ئالدىغا بارىمىز!

باينىڭ چاكارلىرى، دوغىلىرى كېلىپ بايغا بولۇشۇپتۇ، كۆڭلى ئەلەم بىلەن زىدە بولغان ئوتۇنچى بوۋاي قازىنىڭ ئالدىغا بېرىشقا مەجبۇر بولۇپتۇ. قازى ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن «ئوغرى ئوغرىنىڭ شېرىكى» دېگەندەك، ئىشەكنى ھېكىم بايغا بۇيرۇپتۇ. بىچارە ئوتۇنچى بوۋاي ھەسرەت بىلەن ئۆيىگە قايتىپتۇ.

— ئىشەك قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ قىز قۇرۇق قول يانغان دادىسىنى كۆرۈپ.

ئوتۇنچى بوۋاي بولغان ئەھۋالنى يىپىدىن - يىڭنىسىگىچە قىزغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ قىزنىڭ غەزىۋى چىرايىغا تېپىپتۇ.

# ئالتۇن ۋە بىلىم

بۇرۇنقى زاماندا ئوقۇمۇشلۇق بىر بوۋاي ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەخەت، ئېزىز ئىسىملىك ئىككى ئوغلى بار ئىكەن.

بوۋاي چوڭ ئوغلى ئەخەتنى ئوقۇشقا بەرگەندە ئۇ مەكتەپتىن قېچىپ ئوقۇماپتۇ. كىچىك ئوغلى ئېزىز ناھايىتى ياخشى ئوقۇپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بوۋاي ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ. ئۇ بارلىق مال - دۇنياسىنى سېتىپ ئورنىغا ئالتۇن ئاپتۇ ۋە ئوغۇللىرىغا: «مەن ئۆلۈپ كېتىپ قالسام، مۇشۇ ئالتۇنلارنى تەڭ بۆلۈشۈپ كۈنڭلارنى ئېلىڭلار» دەپ نەسىھەت قىلىپتۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي بوۋاي مەڭگۈگە كۆز يۇمۇپتۇ. ئاكا - ئۇكىلار يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ، دادىسىنى يەرلىككە قويۇپ نەزىرىسىنى بېرىپتۇ.

بىر كۈنى ئەخەت:

— ئۇكام، مەن ئالتۇننى بازارغا ئاپىرىپ تەپمۇ - تەڭ ئىككىگە بۆلدۇرۇپ كېلەي، — دەپتۇ - دە، ئالتۇننى ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئېزىز ئاكىسىنى ساقلاپ ئولتۇرۇپتۇ. كەچ كىرىپتۇ، ئاكىسى كەلمەپتۇ. ئەتىسىمۇ كەلمەپتۇ. ئەسلى ئۇ ئالتۇننى ئېلىپ قېچىپ كەتكەن ئىكەن.

ئاتىسى ۋە ئاكىسىدىن ئايرىلغان ئېزىز بەكمۇ قايغۇرۇپتۇ. ئاخىرى دادىسى قالدۇرۇپ كەتكەن قەلەمنى قولىغا ئېلىپ، پۈتۈن زېھنىنى قويۇپ ھۆسنخەت يېزىشقا كىرىشىپتۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ شۇنداق ئۇستا ھۆسنخەتچى بولۇپ يېتىشىپ

بەرگەن خەتنى ئۇنلۇك ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇنى قازىغا سۇنۇپتۇ. قازى ئىلاج تاپالماي باينىڭ قولىنى كېسىپ قىزغا بېرىشكە بۇيرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئەقىللىق قىز دادىسىنىڭ ۋە باشقا كەمبەغەللەرنىڭ قىساسىنى ئاپتۇ. ھېكىم باي قولىدىن ئايرىلىپ چولاق بولۇپ قاپتۇ.

دەپ يۈرەكىنى ئەزگەندەك نالە قىلىپ تىلەمچىلىك قىلىۋاتقۇدەك.

بۇنى كۆرگەن ئېزىزنىڭ ئىچى سىيرىلىپ بىر تىللا سەدىقە بېرىپتۇ. تىلەمچى بېشىنى كۆتىرىپ قاراپتىكەن، ئېزىز ئۇنى تو-نۇۋاپتۇ. بۇ تىلەمچى ئېزىزنىڭ ئاكىسى ئەخەت ئىكەن. ئەمما ئەخەت كاتتا كېيىنىپ سالاپەت بىلەن تۇرغان ئۇكىسىنى تونۇماپتۇ. ئېزىز ئاكىسى چۈشكەن سارايىنى سوراپتۇ ۋە كەچتە ئۇ يەرگە بېرىپ تونۇشلۇق بېرىپتۇ. ئەخەت خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكىدەك بولۇپتۇ. ئىككىسى ئۇزاق مۇڭدىشىپتۇ، ئاخىرى ئەخەت ھەسرەتلىنىپ:

— ئالتۇن دىگەنمۇ تۈگەيدىكەن، ئەمما، بىلىم تۈگىمەس بايلىق ئىكەن، ئەمدى بىلدىم، — دەپتۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ئەخەتمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپتۇ. بۇ ئاكا - ئۇكىلار ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بىر - بىرىگە كۆيۈنۈپ، ئىلىم تەھسىل قىلىپ ئۆتۈپتۇ.

تۈكى، ئۇنىڭ يازغان خەتلىرىنى كۆرگەن كىشىلەر ئۇنى «قەغەزگە خەت ئەمەس، گۈل تىزىپتۇ» دېيىشىدىغان بولۇپتۇ.

بىر كۈنى ئېزىز بازارغا چىقىپتۇ، رەستىلەرنى ئايلىنىپ كېتىۋاتسا تىۋىلبازنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ، يېقىن بېرىپ قارىسا ئوردىنىڭ جاكاچىسى تىۋىلباز چېلىۋاتقىدەك. كىشىلەر ئۇنىڭ يېنىغا ئولىشىشقا باشلاپتۇ.

— خالايىق، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، — دەپ ۋاقىراپتۇ جاكاچى تىۋىلباز چېلىشنى توختىتىپ، — ئوردا دىۋانىغا پۈتۈكچى ئېلىنماقچى، ئىختىيار قىلغانلار ئۆزىنى مەلۇم قىلسۇن! پۈتۈكچىلەرنى پادىشا ئۆزى ئىمتىھان ئېلىپ تاللايدۇ!

بىرقانچە كىشىلەر قاتارىدا ئېزىزمۇ ئۆزىنى مەلۇم قىلىپتۇ ۋە ئوردىغا بېرىپتۇ.

ئىمتىھاندا ئېزىز پۈتۈن ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، ھۆسنىخەتنى شۇنداق كېلىشتۈرۈپ يېزىپتۇكى، ساراي ئەھلى ھەيران قاپتۇ.

پادىشا ئېزىزنى ئېلىپ قاپتۇ ۋە ئۇنى سارايغا باش پۈتۈكچى قىلىپ تەيىنلەپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشا ئەھيانلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ باشقا بىر شەھەرگە سەيلە - زىيارەتكە ماڭغاندا ئېزىزنىمۇ بىللە ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۇلار شەھەرنى تاماشا قىلىپ ئايلىنىپ يۈرسە، بىر بالا ساپايى چېلىپ:

دادامدىنمۇ ئايرىلدىم،
ئۇكامدىنمۇ ئايرىلدىم.
مۇساپىرمەن بۇ يۇرتقا،
قاناتتىمدىن قايرىلدىم.

# سالامنىڭ سەۋىۋى

بۇرۇن ئەدەپ - ئەخلاقلىق بىر ئادەم ئۆتكەن ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئوغلى بىلەن يولدا كېتىۋاتسا، ئاپپاق ساقاللىق بىر بوۋاي ئۇچراپتۇ. ئاتا - بالا قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، ئېگىلگەن هالدا سالام بېرىپتۇ. بوۋاي ئۇلارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

ئۇلار يەنە يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن ئالدىغا بىر يىگىت يولۇقۇپتۇ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — سالام بېرىپتۇ ئاتا يىگىتكە هۆرمەت بىلدۈرۈپ. يىگىتمۇ سالامغا سالام بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. يىگىت ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن ئوغلى ئاتىسىدىن:

— سەن ماڭا: «كىشىلەر ئۆزئارا بىر بىرىنى هۆرمەتلەيدىغان بولۇشى لازىم، كىچىكلەر چوڭلارنى كۆرگەندە سالام بېرىپ ئۆتۈشى كېرەك» دەپ نەسىهەت قىلغان ئىدىڭ. بىزگە هازىر بىر بوۋاي بىلەن بىر يىگىت يولۇقۇپ ئۆتتى، بوۋايغۇ سەندىن چوڭ، يىگىت سەندىن كىچىك تۇرسا، سەن نىمىشقا ئۇنى ئۆزەڭدىن چوڭ بىلىپ ئاۋال سالام بېرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئادەمنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى يالغۇز ياش قورامى بىلەنلا ئەمەس، بىلىم بىلەنمۇ ئۆلچىنىدۇ، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ

# شاھزادە بىلەن بوۋاي

بۇرۇنقى زاماندا بىر شاھزادە ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ ئوقيا ئېتىشقا ناھايىتى ئۇستا بولۇپ، بىر تال ئوقنىمۇ زايا كەتكۈزمەيدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ ماھارىتىنى كۆرسىتىۋاتقاندا، ياشانغان بىر كىشى ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بېشىنى چايقاپ قويۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن شاھزادە ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ

— سىز نېمىشقا بېشىڭىزنى چايقايسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

ھېلىقى كىشى:

— قارىسام سىز ئۆزىڭىزنى قالتىس مەرگەن دەپ چاغلىسىڭىز كېرەك، لېكىن ئادەم ئۈچۈن بىرلا ھۈنەر كاملىق قىلمىدۇ، — دەپتۇ.

— گويا ئۆزىڭىزنىڭ بىرەر قالتىس ھۈنىرىڭىز باردەك سۆزلەيسىزغۇ! — دەپ زاڭلىق قىلىپ كۈلۈپتۇ شاھزادە. ئەتراپتىكىلەرمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كۈلۈپ كېتىشىپتۇ. ھېلىقى ئادەم بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، يېنىدىن بىر قاپاقنى چىقىرىپتۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئاغزىغا بىر يارماقنى قويۇپ، ئۇنىڭ تۆشۈكىدىن بىر چۆمۈچ سۇنى قۇيۇپتۇ. لېكىن قاپاقنىڭ سىرتىغا بىر تېمىممۇ سۇ تۆكۈلمەپتۇ. بۇنى كۆرگەن شاھزادە خىجىل بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراپتۇ ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنى كەمتەر تۇتۇپ كۆپلىگەن ھۈنەرلەرنى ئۆگىنىپتۇ.

# ئەقىللىق توشقان

بىر چوڭ تاغنىڭ چوققىسىدا شىر، تاغنىڭ بەل قىسمىدا پىل پاشايدىكەن. تاغ باغرىدا بولسا بىر توشقان ياشايدىكەن.

توشقان ياشاۋاتقان جاي رەڭگا-رەڭ ئىسىل گۈللەر بىلەن تولغان، زۇمرەتتەك سۇلار ئېقىپ تۇرىدىغان چىمەنلىك بولغاچقا، شىر بىلەن پىل بۇ جاينى ئىگەللىۋېلىش قەستىدە بوپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە شىر تاغ چوققىسىدىن چۈشۈپ، ئاغزىنى ئېچىپ توشقاننى يېيىشكە تەمشىلىپتۇ. توشقان ئۇنىڭغا:

توختاپ تۇرۇڭ شىر باتۇر،
سىزگە بىر سۆزۈم باردۇر.
كىم پادىشا بۇ تاغقا؟
جاۋاپ بېرىڭ سوراققا.

دەپتۇ. شىر كۆكرىكىنى كېرىپ، بېشىنى ئىگىز كۆتىرىپ تۇرۇپ:

— ئەلۋەتتە مەن بولىمەن - دە! — دەپتۇ. توشقان ئۇنىڭغا يەنە:

كۆردۈم پىلنى تۈنۈگۈن،
شۇنداق ئېيتتى سۆزىنى:
بۇ تاغدا، بۇ جاھاندا
پادىشا دەپ ئۆزىنى.
باشقۇرغىدەك بىزنىمۇ،
ياراتماسكەن سىزنىمۇ.

ئاتا، — «ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا» دىگەن تەمسىل بار، يىگىت مەندىن كىچىك بولسىمۇ، بىلىمى مەندىن كۆپ بول-غاچقا ئۇنى ئۆزەمدىن چوڭ بىلىپ، ئۇنىڭدىن بۇرۇن سالام بەردىم.

ئوغلى ئاتىسىنىڭ سۆزىگە قايىل بولۇپتۇ.

توشقان سەكرەپ يول يۈرۈپ، پىلنى ئەگەشتۈرۈپ، شىرنىڭ قېشىغا يېقىنلىشىشى ھامان شىر ئورنىدىن ئېتىلىپ تۇرۇپ، پىلنىڭ كېلىدىن بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن توشقان تاغ چوققىسىدا شىر بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ، شىر خوشال بولۇپ:

— سەن تولىمۇ ئەقىللىقكەنسەن، ئۇزۇنغىچە تۇگىگەنلىكىنى بىلىپ ئۆزەڭ كەپسەن ئەمەسمۇ! — دەپتۇ ئېچىرقىغان كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ.

توشقان ئالاقىزادە بولغان ۋە ھەيران قالغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ شىرغا مۇنۇلارنى بايان قىپتۇ:

كۆردۈم بىر چوڭ مەخلۇقنى،
ياشايدىكەن دەريادا.
ئېيتىشىچە تەڭدىشى،
يوقمىش ئۇنىڭ دۇنيادا.
تېخى بىزنىڭ تاققىمۇ،
پادىشا مەن، دەيدۇ ئۇ.
ھېلى كېلىپ سىزنىمۇ،
يالماپ يەيمەن، دەيدۇ ئۇ.

شىرنىڭ غەزىۋى مىڭ گەز ئۆرلەپ:

باشلاپ بارغىن، بىر كۆرەي،
زادى قانداق نىمە ئۇ.
ئەدىۋىنى راست بېرەي،
بولسىمۇ گەر دىۋە ئۇ!

دەپتۇ — دە، توشقانغا يول باشلىتىپ، دەريا بويىغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار يوغان بىر قىيا تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ سۈپ — سۈزۈك

دەپتۇ، شىر غەزەپ بىلەن ھۆكۈرەپ:
— خەپ توختاپ تۇر، قان يۇتقۇر، سەن لامزەللىگە بىگەسمنى تازا بىر كۆرستىپ قويىمسام! — دەپتۇ ۋە توشقاننى يىيىشنى ئۇنتۇپ، ئۇنىڭدىن پىلغا تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا مەسلىھەت سوراپتۇ. توشقان ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

كىسەل بولۇپ يالغاندىن،
يىتىپ قىلىڭ ئەتىگە.
پىلنى ئالداپ مەن بۇندا،
باشلاپ كىلەي پەتىگە.
چاچراپ تۇرۇڭ، دۆت پىلچاق
قىشىڭىزغا كەلگەندە.
بوغۇپ شۇئان گىلىدىن،
يەۋالماسىز بىردەمدە.

شىر بۇ ئاقىلانە مەسلىھەتنى مەمنۇنلۇق بىلەن قوبۇل قىپتۇ.
ئەتىسى تاڭ سەھەردە توشقان تاققا چىقىپ پىل بىلەن ئۇچرىشىپتۇ. پىل ئالدى بىلەن ئىغىز ئىچىپ:
— ناھايىتىمۇ ئۇبدان كەپسەن توشقانچاق، ئۇزۇن قۇلاق قورقۇنچاق، سىنىڭ تۇرغان جايىڭنى ماڭا بەرگىن چاپسانراق، ئۇنىمساڭ پۇتۇمدا دەسسەپ قىلىمەن پاچاق، — دەپ كۆرەڭلەپتۇ.
توشقان ئۇنىڭغا:
— بولىدۇ، بولىدۇ، لىكىن مەن بۈگۈن ناھايىتى زۆرۈر ئىش بىلەن كەلدىم. شىر ئاغرىپ ئۆلەر ھالەتكە يەتتى. سىز بىرىپ ئۇنى يوغان تاپىنىڭىز بىلەن راسا چەيلەڭ، جىنىنى جەھەننەمگە راۋان ئەيلەڭ، شۇنىڭ بىلەن بۇ تاغ تامام سىزنىڭ بولىدۇ، — دەپتۇ. پىل بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ توشقاننى دەرھال يول باشلاشقا بۇيرۇپتۇ.

## مايمۇنچاقنىڭ شاپتۇل سېتىشى

بۈك - باراقسان ئورمانلىقتا خىلمۇ - خىل هايۋاناتلار ياشايدىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر مايمۇنچاق بولۇپ، ئانىسى بىلەن بىللە شاپتۇل دەرىخىغە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. ئانا مايمۇن شاپتۇلغا تىنىم تاپماي ئىشلەيدىكەن، شۇڭا شاپتۇل هەم يوغان، هەم تاتلىق بولىدىكەن. ئانا مايمۇن هەر كۈنى سەهەر تۇرۇپ، پىشقان شاپتۇللارنى دەريا بويىغا ئېلىپ بېرىپ، پاكىز يۇيۇپ ئىشىگىنىڭ ئالدىدىكى ياپىلاق تاشنىڭ ئۈستىگە تىزىپ قويىدىكەن، ئۇنى كۈندە ئۆرغۈنلىغان خېرىدارلار كېلىپ سېتىۋالىدىكەن.

بىر كۈنى ئانىسى مايمۇنچاققا:

— بالام، بۈگۈن ئۆيگە قارىغاچ شاپتۇل ساتقىن، موماڭ كېسەل بولۇپ قاپتۇ، مەن بېرىپ يوقلاپ ئىككى كۈندە قايتىپ كېلىمەن. سەن شاپتۇلنىڭ پىشقىنىنى پاكىز يۇيۇپ ياپىلاق تاشقا تىزىپ قويغىن، خېرىدارلار خالىغىنىنى تاللاپ ئالسۇن، هەرگىزمۇ خام شاپتۇلنى ساتمىغىن، — دەپ تاپىلاپتۇ. ئەتىسى سەهەردە مايمۇنچاق ئورنىدىن تۇرۇپ، شاپتۇل دەرىخىنىڭ ئاستىغا كەپتۇ، ئۇ هەم يوغان، هەم قىزىل شاپتۇللارنى كۆرۈپ يۈرىكى ئويناپ كېتىپتۇ، ئۇ كۆڭلىدە «ئانام دائىم پىشقان شاپتۇللارنى باشقىلارغا بېرىدۇ، ماڭا ئارانلا بىرنەچچىسى تېگىدۇ، بۈگۈن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تازا بىر يەمەيمەنمۇ» دەپ ئويلاپتۇ - دە، ئېسىلىپ چىقىپ پىشقان شاپتۇللار-

دەريا سۈيىگە قارىغۇدەك بولسا، ئەكسىدە شىرنىڭ ھەيۋەتلىك قىياپىتى كۆرۈنۈپتۇ. توشقان ئۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ئەنە، دەل ئۆزى شۇ! — دەپتۇ.

شىر قارىغۇدەك بولسا، ئۆزىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر يىرتقۇچ چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، قۇيرۇغىنى دىڭگايتىپ، مويلىرىنى پاخپايتىپ ئۇنىڭغا خىرىس قىلىپ قاراپ تۇرغۇدەك. شىر تېخىمۇ غەزەپكە كېلىپ ھەيۋەت بىلەن بىر سىلكىنىپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، ئۇنىڭغا قاراپ نەرە تارتىپ دەھشەت بىلەن ھۆكۈرەپتۇ. توشقان دەرھال:

— قاراڭ، قاراڭ، شىر باتۇر، سىز ئالەمدە بىر باتۇر، ئۇ مەخلۇق تېخى سىزگە قاراپ نەرە تاتۇر. ئەنە ئۇ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، زەھەرلىك شالىنى چېچىپ، سىزنى يېيىش ئۈچۈن كەلمەكتە چىقىپ! — دەپتۇ.

شىر باتۇر قاتتىق بىر ھۆكىرەپ دەرياغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ، دەريادا سۈزۈك دولقۇنلار بۇژغۇنلىنىپ ئاق چىچەكلەر ئېچىپتۇ. شىر بولسا مەڭگۈ كەلمەسكە كېتىپتۇ، تاغ باغرىدىكى باياشات چىمەنزارلىق ئەقىللىق توشقان ئۈچۈن ئەركىن، ئازادە، بەختلىك قۇچىغىنى سېخىلىق بىلەن ئېچىپتۇ.

(بۇ چۆچەكنىڭ «يولۋاس بىلەن توشقان» دىگەن نۇسخىسىمۇ بار)

— ئۆكام! سەن ئاناڭغا ياردەملىشىپ ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلىپسەن، — دەپ مايمۇنچاقنى ماختاپتۇ.

مۇشۇك ئېيىق شاپتۇللارنىڭ ئۇياق-بۇ يېقىغا قاراپ خام ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئۇ سەل ھەيران بولۇپ:

— ھەي مايمۇن ئۇكا! بۇ شاپتۇللار خام ئىكەنغۇ؟ — دەپتۇ.

— كىم پىشماپتۇ دەيدۇ؟ بۇ يېڭى سورت. ھازىر ئۆشكە بىلەن توشقان خېلى كۆپ سېتىۋالدى. ئالساڭ ئال، ئالمىساڭ يولۇڭغا ماڭ! — دەپتۇ مايمۇنچاق ھاكاۋۇرلۇق بىلەن ئاسمانغا قاراپ.

— ئۇنداقتا ياخشى، — دەپتۇ مۇشۇك ئېيىق، — ئېشىپ قالغىنىنىڭ ھەممىسىنى ماڭا سېتىپ بەرگىن. ئەتىگەندە ئۆيۈمگە بىرنەچچە مېھمان كەلگەن ئىدى، شۇلارنى مېھمان قىلاي.

ئىككىنچى كۈنى مايمۇنچاق يەنە پىشقان شاپتۇللارنى ئۆزى يەۋېلىپ، خام ھەم قۇرۇتلۇق شاپتۇللارنى ياپىلاق تاشنىڭ ئۈستىگە تىزىپ قويۇپتۇ. ئەمما شاپتۇل سېتىۋالىدىغان بىرەرمۇ خېرىدار كەلمەپتۇ. شۇنداق قىلىپ ياپىلاق تاش ئۈستىدىكى شاپتۇللارنىڭ بىرسىمۇ سېتىلماي بۇزۇلۇپ ئىسراپ بولۇپ كېتىپتۇ.

لى يېيىشكە باشلاپتۇ ۋە بىردەمدىلا يەپ تۈگىتىپتۇ. ئۇنىڭ قو-
سىغى تۇپتەك پومپىيىپ چىقىپتۇ، ئۇ خام شاپتۇللارنى ئۈزۈپ
كېلىپ ياپىلاق تاشنىڭ ئۈستىگە تىزىپ قويۇپتۇ. بىر ئازدىن
كېيىن ئۆشكە كېلىپ شاپتۇللارغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن:
— بۈگۈنكى شاپتۇللار خام ئوخشىمامدۇ؟ پىشقان شاپتۇللار
تۈگىدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. مايمۇنچاق قوسىقىنى سىلاپ تۇرۇپ:
— بۇ ... بۇ ... يېڭى سورت. خامدەك كۆرۈنگەن بىلەن
ئەمەلىيەتتە يېيىشكە تاتلىق. مەن مۇشۇنداق شاپتۇللارنى ياخشى
كۆرىمەن، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.
— يېڭى سورت بولسا مەن كۆپرەك سېتىۋالاي، بۇ سى-
ۋەتكە لىق قاچىلاپ بەر، — دەپ مايمۇنچاققا سىۋەتنى بېرىپتۇ.
ئۆشكە پۇلنى تاپشۇرۇپ كېتىپ قاپتۇ. ئۇ كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا
ئاق توشقان سىۋەتنى كۆتىرىپ شاپتۇل سېتىۋالغىلى كەپتۇ.
— بۈگۈن شاپتۇلۇڭ خام ئوخشىمامدۇ؟ — دەپتۇ ئاق
توشقان ھەم كۆڭلىدە ئالايمۇ - ئالمايمۇ دەپ ئىككىلىنىپ قاپتۇ.
مايمۇنچاق ئالدىراپ:
— بۇ يېڭى سورت، ھازىرلا ئۆشكە ئاچام ناھايىتى كۆپ
سېتىۋالدى، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ.
— بىراق شاپتۇللارنى يىزماپسەنغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ
ئاق توشقان.
مايمۇنچاق تەكەببۇرلۇق بىلەن:
— يۇيۇپ قويسا تەمى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، — دەپ جاۋاپ
بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئاق توشقان شاپتۇلنى سېتىۋېلىپ
قايتىپ كېتىپتۇ.
ئارقىسىدىن مۈشۈك ئېيىق كېلىپ:

بەگ ئۆزىنىڭ ئاتقا پىشمىغانلىقىنى بىلەن ھىساپلاشماي، ئېتىنىڭ ياخشىلىقىغا ئىشەنچ قىلىپ باشتىلا دەرياغا چۈشۈپتۇ. ئازراق ماڭغاندىن كېيىن دەريا كۈچلۈك دولقۇنى بىلەن بەگنى ئۇرۇپتۇ - دە، ئاتتىن ئاجرىتىپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئۆلۈم قوينىغا كىرىپ كېتىپ بارغان بەگ جېنىنىڭ بېرىچە:

— ۋاي مېنى تۇت، چاپسان تۇت! — دەپ ۋاقىراپتۇ.

نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بەگنىڭ قىلغانلىرى جېنىغا راسا تەككەن مالاي قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ «ئىھتىرام» بىلەن:

— ۋاي بېگىم، رەھمەت. ئۆزلىرى ئاقسىلا، خۇددى مەن ئاققانغا ئوخشاش، — دەپ دەريا قىرىدا تۇرۇپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

بەگ قانچە قىلسىمۇ بولماپتۇ. ئاخىرى بىرئاز ئېقىپ سۇغا غەرق بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇرت ۋە مالاي زالىم بەگنىڭ ئازاۋىدىن قۇتۇلۇپتۇ.

# بەگ بىلەن مالاي

زامانلارنىڭ زامانىسىدا، مېھماندارچىلىقتىن خالى بولماي يۈرىدىغان بىر بەگ ھەم ئۇنىڭ مالىيى بار ئىكەن. بەگ مالىيىغا رەھىم قىلمايدىغان زالىم ئىكەن.

بىچارە مالاي بەگ ھەرقانچە ھاقارەتلىسىمۇ كۆتىرىپ، بۇيرۇغان ئىشنى كۆڭۈل قويۇپ ئىشلەيدىكەن. بەگ قەيەرگە بارمىسۇن مالىيىنى ئاپارماي قالمايدىكەن. بىراق بارغان يېرىدە مالىيىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالماي، ئات - ھارۋىغا قاراتقۇزۇپ قويۇپ ئاچلىقتىن ئازاپلايدىكەن. بەزى ساھىپخانلار:

— مالايلىرى ئۆيگە كىرىپ غىزا يەۋالسۇن! — دىسە، بەگ رەنجىپ:

— بولدى، كايىشمىسىلا، مەن غىزا يىسەم، ئۇمۇ يىگەندەك بولىدۇ، — دەيدىكەن. مالىيىنىڭ مېھمانلار بار ئۆيگە كىرىشىنى نومۇس كۆرىدىكەن. مالاي بەگنىڭ بۇ ئىشىنى قوساققا سىلىپ قويىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يىراق بىر شەھەرنىڭ بېيى بەگنى زىياپەتكە چاقىرتىپتۇ. زىياپەتكە بېرىپ ئۈگىنىپ قالغان بەگ ئۆز بەرىنىمۇ قولدىن بەرمەي يەنە ئىككى ئاتلىق بولۇپ مالىيى بىلەن يولغا راۋان بوپتۇ. ئاز ماڭدىمۇ، كۆپ ماڭدىمۇ، بۇ ماڭا نامەلۇم، بۇلارنىڭ يولى چاڭگاللىقتا بىر چوڭ دەرياغا كېلىپ توسىلىپتۇ.

ئۆيلەپ قويايلى، — دېيىشىپتۇ ۋە يالۋۇرۇشۇپتۇ ئاتا - ئانىسى.
تەخەي ئوغلى ئۇنىماپتۇ. ئاتا - ئانىسى قانداق قىلىشىنى
بىلمەي ئولتۇرغاندا ئوغلى كىرىپ:
— شۇنىڭغىمۇ شۇنچە باش قاتۇرۇپ ئولتۇرامسىلەر؟ كا-
لىنى هارۋىغا قوشۇپ پادىشانىڭ ئوردىسى ئالدىدىن بىر ئۆياققا،
بىر بۇياققا يېتىلەپ نەچچە قېتىم ئۆتۈڭلار. ئاندىن ئىش پۈ-
تىدۇ، — دەپتۇ ئوغلى.
ئوردا ئالدىدىن نەچچە يېنىشلاپ ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈۋات-
قان كالا هارۋىسىنى كۆرۈپ قالغان پادىشا ۋەزىرلىرىنى چاقىرىپ:
— ئوردا ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقان كالا هارۋىلىق ئىككى ئادەم-
نىڭ نېمە دەردى بار ئىكەن، چاقىرىپ كىرىڭلار، نېمە بولسا
بىجا كەلتۈرىمىز، — دەپتۇ.
ئۇلار پادىشانىڭ ئالدىدا هېچقانداق گەپ قىلالماي يىغلى-
شىپلا تۇرۇۋاپتۇ. ئاندىن پادىشا قىستاپ سورىغاندىن كېيىن:
— پادىشاهىمىز بىر قوشۇق قېنىمىزدىن ئۆتسە
ئېيتىمىز، — دېيىشىپتۇ.
پادىشا رازىلىق بەرگەندىن كېيىن ئەر - خوتۇن مۇددىئا-
سىنى ئىزهار قىپتۇ. پادىشا ۋەدە بېرىپ قويغانلىقىنى ئېسىگە
ئېلىپ، بۇلارغا تويلۇقنى ئېغىر سېلىپ قويساق يالتىيىپ قالار،
دېگەن يەرگە كەپتۇ.
— قىزىمنى بەرسەممۇ بېرەي، لېكىن بىر تاۋاق ئالتۇن،
بىر تاۋاق كۈمۈش، بىر تاۋاق يامبۇ ۋە دۇنيادىكى بارلىق
جان - جانۋارلارنى بىردىن ئېلىپ كېلىسىلەر. قىزىمىزنىڭ
تويلۇقى شۇ، — دەپتۇ پادىشا.
ئەر - خوتۇننىڭ بېشى سېلىنىپ ئۆيىگە كەپتۇ. ئوغلى
ئاتا - ئانىسىدىن پادىشانىڭ تويلۇقلىرىنى ئاڭلاپ:
— هېلىمۇ پادىشا هېچ نېمە دېمەپتۇ. بۇنىڭ چارىسى

## تەخەي پادىشا

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئەر - خوتۇن ئۇزۇن يىللارغىچە ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ بىرمۇ بالا كۆرمەپتۇ. بىر كېچىسى بۇ ئەر - خوتۇن تاڭ ئاتقىچە خۇداغا نالە قىلىپ بالا تىلەپتۇ، «ئەي، تەڭرى، ئىتقا بېرىسەن كۈچۈك، ئىشەككە تەخەي، مۇشۇككە بېرىسەن ئاسلان، گەر بىزگە ئادىمىزاتتىن بولمىسىمۇ، شۇ مەخلۇقلاردىن بولسىمۇ مەيلىتى، بىر بالا بەرسەڭ ئىدىڭ» دەپ زار - زار يىغلىشىپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈن ئۇ خوتۇن ھامىلدار بولۇپ قاپتۇ. ئاي - كۈنى توشۇپ بىر تەخەي تۇغۇپتۇ. بۇلار بالا كۆرمىگەنلىكتىن تەخەي بولسىمۇ، ئۆز بالىسىنى ياخشى كۆرۈپ تەربىيىلەپ ئۆستۈرۈپتۇ. تەخەي ئوغۇل چوڭ بولۇپ: «مېنى ئۆيلەپ قويۇڭلار!» دەپتۇ. تەخەي ئوغۇلغا باشقىلارنىڭ قىزىنى بېرىش - بەرمەسلىكىدىن ئەر - خوتۇننىڭ بېشى قاتقان بولسىمۇ. ئوغلىدىن:

— ئوغلۇم، كىمنى ئالىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مۇشۇ يۇرتنىڭ پادىشاسىنىڭ قىزىنى ئالىمەن، — دەپتۇ ئوغلى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەرۋايى پەلەككە ئۇچۇپتۇ.

— ۋاي بالىمىز، بىز كەمبەغەل تۇرساق، ئۇلار پادىشا تۇرسا، قانداق قىلىپ قىزىنى بىزگە بەرسۇن؟ باشقا يەردىن

— ماڭمۇ قىلدىڭ، ئۆزەڭگىمۇ قىلدىڭ! ئەمدى سەن مېنى دىسەڭ، تۆمۈر ھاساڭ ئۇپرىغىچە، تۆمۈر كەشىڭ تېشىلگىچە ئىزلىسەڭ ئاندىن تاپالايسەن، — دەپ پۇررىدا ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

تاڭ ئاتقاندىن كېيىن قىز ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ پادىشانىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. ۋەقەدىن ۋاقىپ بولغان پادىشا بىر تۆمۈر ھاسا ۋە بىر تۆمۈر كەش ئەتتۈرۈپ قىزنىنى يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. قىز ئايلار - يىللار مېڭىپ بىر يەرگە بارغاندا كەشىنى تېشىلىپ، ھاسىسى ئۇپراپ، ھەتتا ئۆرە ماڭالمايدىغان بولۇپ تۆت ئاياقلاپ مېڭىپ بىر يول بويىغا بارغاندا ھۇشىدىن كېتىپتۇ. يېرىم كېچىدە قىز ھۇشىغا كەلسە بىر مەپە پەيدا بولۇپ، ئىچىدىن ئۆزىنىڭ ئېرى چۈشۈپتۇ.

— مېنى دەپ ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ كەلگىنىڭ ئۈچۈن يەنە قوبۇل قىلدىم، — دەپتۇ يىگىت.

يىگىت بىلەن قىز يەنە ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىپ كېلىپ، يىگىت قىزنى قىرىق كېچە قاراڭغۇ ئۆيدە قارا قوي گۆشىدە بېقىپ بۇرۇنقى ئىسكەتىگە كەلتۈرۈپ ئاندىن پادىشانىڭ ئوردىسىغا چايغا بېرىپتۇ. كۈيوغلىنىڭ كەلگەنلىگىدىن ناھايىتى خوشال بولۇپ كەتكەن پادىشا قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ پادىشالىقنىنى كۈيوغلىغا بېرىپتۇ. لېكىن بارلىق خالايىق بۇ يېڭى پادىشانى «تەخەي پادىشا» دەپ ئاتىشىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

ئوغاي، — دەپ ئۆينىڭ ئارقىسىغا چىقىپ ئۈچ تاۋاقتا تاش تولدۇرۇپ بىرلا «سۇف!» دىگەن ئىكەن، ئالتۇن، كۈمۈش ۋە يامبۇلار ھازىر بوپتۇ. ئاندىن ئاتا - ئانىسىغا قاراپ:

— بۇنى ئېلىپ بېرىڭلار ۋە جان - جانىۋارلار كەينىمىزدە كېلىۋاتىدۇ، دەڭلار، — دەپ، كالا ھارۋىسى بىلەن ئاتا - ئانىسىنى يەنە پادىشانىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپتۇ.

پادىشا ئالتۇن، كۈمۈش ۋە يامبۇلارنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ، «ئەمدى جان - جانىۋارلار قېنى؟» دەپتۇ.

موماي بىلەن بوۋاي «ئارقىمىزدىن كېلىۋاتىدۇ» دىيىشىگە دۇنيادىكى بارلىق جان - جانىۋارلار ئوردىغا باستۇرۇپ كىرىپتۇ. ئاندىن پادىشا بۇنىڭ بىر ھىكمىتى بار دەپ سېزىپ، قىزنى دەرھال كالا ھارۋىسىغا سېلىپ بېرىپتۇ، كېلىننى ھوجرىغا كىرگۈزۈپ قويۇپ «ئوغلىمىز تەخەي تۇرسا، بۇنىڭ ئاقىۋىتى نىمە بولار» دەپ ئەندىشىدە قالغان ئوغۇلنىڭ ئاتا - ئانىسى ئىشىكنى ماراپ تۇرۇشۇپتۇ. ئوغلى ئۈستىدىكى تېرىسىنى تاشلاپ ئاجايىپ بىر كېلىشكەن يىگىتكە ئايلىنىپ قىز بىلەن بىللە بوپتۇ.

تاڭ ئاتقاندا يىگىت يەنە تەخەي تېرىسىنى كىيىۋېلىپ يۇرۇپتۇ. كەچتە بىر ۋەزىر «يىگىت بىلەن قىزنى پادىشا چايغا چاقىرىدۇ» دەپ خەۋەر قىلىپ كېتىپتۇ. يىگىت بىلەن قىز چايغا بېرىشقا تەييارلىنىش ئالدىدىن گەپ تالىشىپ قاپتۇ.

— ئاتاملارنىڭ ئۆيىگە بارغاندا تېرىڭىزنى مۇشۇ يەرگە تاشلاپ بارسىڭىز، — دەپتۇ قىز.

— ياق، مەن تېرەم بىلەن بارىمەن، — دەپتۇ يىگىت.

بۇلار كېلىشەلمەي ئۇخلاپ قاپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا قىز ئاستا تۇرۇپ ئېرىنىڭ تېرىسىنى ئوتقا سېلىپ كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ. يىگىت چۆچۈپ ئويغىنىپ دەرھال كۆك كەپتەرگە ئايلىنىپ ئۇچۇپ تۈڭلۈككە چىقىپ قىزغا:

维吾尔民间故事选（6）（维吾尔文）
米·雅柯甫、艾·艾里 收集整理

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放路306号）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米 32开本　7.625印张
1985年7月第1版　1985年11月第1次印刷
印数：1——29,000

统一书号：M10098·838　定价：0.59元

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى (6)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر ئازاتلىق كوچا №306)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850مم 1/32 باسما تاۋىقى: 7.625
1985 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى
1985 - يىل 11 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاپ نومۇرى: M10098·838
تىراژى: 1—29.000
باھاسى: 0.59 يۈەن